«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

● ئەلنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ يۇرتى قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزىسىغا «ئىگىلىك تىكلەش ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» سېلىشقا بەل باغلىغان سېخىي - مەردانە دېھقان يىگىتى ئابلىكىم كامال ●

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА



4

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

2005

ISSN 1008-6498
07>
9 771008 649003

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



● ئۇيغۇر رادىئو ئەدەبىي ئاڭلىتىشى بويىچە يېڭى پەللە ياراتقان ئۇستاز دوكتور رىسالەت ناسىر خانىم ●

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(54 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2005 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 274 ـ سان)

باش مۇھەررىر: زۇنۇن باقى (قوشۇمچە) (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### مەخسۇس خەۋەر


قۇتلۇق بايرام تەنتەنىلىك نىشانلانماقتا ........ زۇنۇن باقى 2


### زامان تەقەززا پىكىرلەر


ئىز بار، ئىز كەينىدە ئادەم يوق ........ مامبەت تۇردى 3

كىتاب ........ نۇرمۇھەممەت توختى 5


### ئەل رەھمىتى ــ شان ـ شەرەپنىڭ يىلتىزى


ئىككى پارچە خەت ........ ھېكىم سەيپۇل، مۇھەممەتجان راشىددىن 8


### تاغدىن ـ باغدىن


سالاھىيەت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى ........ سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى 14

ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىيغا موھتاج... ھاۋاگۈل قۇربان تەرجىمىسى 17

بىچارە پادىشاھ ........ مەتىمىن مەھمۇت تەرجىمىسى 19

بىمەنە «چەكلىمە» ........ ئۆمەرجان ئابدۇقادىر تەرجىمىسى 20

پەرىشتىنىڭ سوئالى ۋە سوۋغىسى ........ ئەھەت مامۇت تەرجىمىسى 21


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفىي قاتارلىقلار 23


### ھادىسە ۋە ماھىيەت


شەھەرلەر زامانىۋىلاشقاندىن كېيىن ........ چېڭ سۇڭ 52

ئوخشاشلىق ........ ت. ئى. تايماس 52


### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ


سەھىيە ۋە داۋالاش سورۇنىدىكى ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ ........ ئابلەت مۇھەممەت 54


### ئەدەبىيات گۈلزارى


يېڭى سارالڭ ........ (ھېكايە) ........ ئۆمەرجان ئوبۇل 59

بەس، ئەمدى يازمايمەن ........ ( « » ) ........ غاپپار تەۋەككۈل 62

كۆپۈك ........ ( « » ) ........ ئەنۋەر ھوشۇر 70


### ئاچچىق كۈلكىلەر


ئادەم ۋە ھايۋانات ........ ئايگۈل ئىسمائىل تەرجىمىسى 73


### روھ سەپىرىدە


روھ قىرغاقلىرىنى بويلاپ ........ يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفىي 74


### قىزلاردىن نىدا


بىر قىزنىڭ ھاۋالىسى: «ئوچۇق ئىستىپانامە» ........ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 77


### ئەل ئوغلانىغا بارىكاللا


ساۋاتسىز قالغان باي 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، يۇرتىغا باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇشقا بەل باغلاپ ئىش باشلىدى ........ ئابلىمىت مامۇت 80



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# قۇتلۇق بايرام تەنتەنىلىك نىشانلانماقتا

زۇنۇن باقى

بۇ يىل 1 ـ ئۆكتەبىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 56 يىللىقى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق قۇتلۇق بايرىمى. 50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى، بولۇپمۇ ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت ئالغا باسقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ قۇتلۇق بايرامنى كۈتۈۋېلىۋاتقان روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا جاي ـ جايلاردا تۆۋەندىكىدەك داغدۇغىلىق، مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى نىشانلانماقتا:


بايرام مەزگىلىدە، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ۋە بىر قىسىم ئوبلاست، ۋىلايەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى بىر گەۋدە قىلىنىپ تەييارلانغان «قۇياش نۇرىغا چۆمگەن شىنجاڭ» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىغا كۆرسىتىلىدۇ. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى سىرك بىر گەۋدە قىلىنغان ئويۇن، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى ئۇيغۇر 12 مۇقامى ھەمدە يەرلىك مۇقاملارنى ئاساس قىلغان ھالدا تەييارلىغان «مۇقام يۇرتى» ناملىق چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەييارلانغان چوڭ تىپتىكى تەبرىك ئويۇنى «گۈللەنگەن تەڭرىتاغ»؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق داستان «تۆت پەسىلدىكى يايلاق ناخشىسى» بايرامدا تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىلىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە چوڭ تىپتىكى دېكلاماتسىيە ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايرام مەزگىلىدە سەنئەت كۆرىكى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى؛ خوتەن ۋىلايىتىدە «قاشتېشى دىيارىدىكى شادلىق» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئالتاي، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قۇمۇل، بورتالا، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ـ شەھەرلەر ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن سەنئەت كۆرىكى، كىنو ھەپتىلىكى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى، رەسىم ۋە ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى، ناخشا ـ خور مۇسابىقىسى ھەمدە كۆپ خىل شەكىل ۋە مول مەزمۇنلۇق مىللىي ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بايرام كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.

بايرامغا ئۇلگۈرۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ يېڭى بىناسى پۈتۈپ، 1 ـ ئۆكتەبىردە داغدۇغىلىق ھالدا ئېچىلىدۇ ۋە «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى كۆرگەزمىسى»، «شىنجاڭ قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى»، «شىنجاڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي ماتېرىياللار كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**مەخسۇس خەۋەر**

زامان ئاۋازا پىكىرلەر

# ئىز بار، ئىز كەينىدە ئادەم يوق



مامبەت تۇردى

بىر يۇرت دېگەندە قوشنىسىنىڭ ئىشىزىدىكى بىر باش قوناقنى قولى ئەگرىلىك قىلىدىغان ئاچ كۆزدىن تارتىپ، شۇ يۇرت بىلەن دۇنيانى باغلاپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ پەيلاسوپ بىر كوچىدا تۇرغان بولىدۇ. يۇرت شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئاتالسا كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، 20 مىليونغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە، دۆلەتنىڭ ئالتىدىن بىر زېمىنىنى تەشكىل قىلىدىغان شىنجاڭنى ئىنتايىن چوڭ يۇرت، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ چوڭ يۇرتتا ئىنتايىن كاتتا ئادەملەر بولغان، بولىۋاتىدۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن بىر تارىخ باشلىنىپ، ۋاپاتى بىلەن شۇ تارىخ ئاخىرلىشىۋاتقاندەك، ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئۇنىڭ مىراسلىرىغا ئىگە بولىدىغان، باشلاپ قويغان ئىشلىرىنى ئۇلايدىغان ئادەم يوقتەك ھالەتكە گىرىپتار بولغانلىقىمىز ئاشكارا مەخپىيەتلىك بوپقالدى.

1991 ـ يىلى ئاتاقلىق تارىخچىمىز ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى تۇركىيىدە ۋاپات بولۇپ، ئۇرۇمچىدە يەرلىدۇق. ئۇ قىرغىزلار ئۇچۇنلا ئەمەس، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخ ئىلمى ئۈچۈن، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق قېرىنداش قەۋملەرنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن يارالغان ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە مىللەتكە ئورتاقلىقى، تارىخ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى ئىنتايىن ئۇلۇغۋار بولغان. ئۇ تارىخ ئىلمىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە ئۆرلەشكە قادىر بولغىنى بىلەن، ئۆز ئۆمرىنىڭ مۇساپىسىنى بىلىشكە قادىر ئەمەستى. مانا مۇشۇنداق قايغۇلۇق چاغدا ئالىمنىڭ ئۆز خەلقى، كەسىپداشلىرى، زاماندashلىرى ياش تۆكۈپ ھازا ئېچىشتىن باشقىغا قۇربى يېتەمتى؟ سۆز مانا مۇشۇ ھەقتە. 1980 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ جان كۆيەر ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئابدۇكېرىم خوجا، تېيىپجان ئېلىيېۋ، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق ئۇستاز قەلەم ئىگىلىرى ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش، قايتا نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش ئىشى ئازدۇر ـ كۆپتۇر قولغا ئېلىندى. لېكىن ئىجادىيەت ساھەسىگە سېلىشتۇرغاندا تەتقىقات ساھەسىدە بۇنداق ۋارىسچانلىق بىر قەدەر ئاجىز بولدى. ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەنۋەر بايتۇر، نىغمەت مىڭجانىي قاتارلىق بىرلا قېتىم پەيدا بولىدىغان ئۇلۇغ ئىنسانلار ئالەمدىن ئۆتكىنىگە خېلى يىللار بوپقالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوليازمىلىرى، ساقلىغان كىتابلىرى، تۈزگەن تېزىس ۋە خاتىرىلىرى ئاساسەن ئىگە ـ چاقىسىز قالدى. ئۇلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن يازمىلىرى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلمىسە كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى بىردىن ئېنسىكلوپېدىيە، ئۆيى بىردىن كۇتۇپخانا بولغان. ئۇلار يىغقان، ساقلىغان، رەتلىگەن، خاتىرە قالدۇرغان ماتېرىياللارنى مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ كىتابخانىسىدىن تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئىلمنىڭ شۇنداق بىر قائىدىسى باركى، ئۇ بەلگىلىك دەرىجىدىكى جۇغلانمىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ جۇغلانمىغا ئىگە بولمىغان مىللەت ياكى زىيالىي پەقەتلا ئىلمنىڭ ساھىلىدا چۆرگىلەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پەن قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارىمىز دەيدىكەنمىز، بۇرۇنقى جۇغلانمىلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش، بۇرۇنقىلارنىڭ سالغان ئىزنى بويلاپ مېڭىش ئاساسىدا يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىمىز زۆرۈر. ئىلىم سارىيى بۇرۇنقىلار سالغان مۇستەھكەم ئۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ھاجەتكى، ھەر كىم ئۆزى


www.uyghurkitap.com

بىلگەنچە ئۇل كولاپ، ساراي سالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. ئىلىمنىڭ بىر پېشۋاسى ۋاپات بولغاندا، ئۇنى دەپنە قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئادەم بىر ئائىلىنىڭ بايلىقى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مىللەتنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ھاياتى باشقا بىر شەكىلدە داۋاملاشقان بولىدۇ. مۇشۇنداق داۋاملىشىش بولمايدىكەن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى، بولۇپمۇ تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى غەلىتە چەمبەر ئىچىدە ئايلانغىنى ئايلانغان. بۈگۈنگىچە ئەمەلىيەت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولماقتا. بەزىبىر ئەقىلسىز پەرزەنتلەر ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىنتايىن ئاددىي بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، دادىسىدىن نۇرغۇن پۇل، ھەشەمەتلىك ئۆي مىراس قالماي، سارغايغان، توپا باسقان كىتابلارنىڭ قالغىنىغا نارازى بولغان بولۇشىمۇ، شۇ ماتېرىياللارنى يەر ئاستى ئۆيىنىڭ بىر يېرىگە يىغىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىلىرى شۇ مىراسلارنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئەمەس، ئىقتىسادىي قىممىتىنى كۆزلەپ، كىتابپۇرۇشلارغا ئەرزان باھادا سېتىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇلار شۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئائىلىۋى پاجىئەسى ئەمەس، بىزدىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ ئورتاق بەختسىزلىكى. بۇنداق كوللېكتىپ بىپەرۋالىق ـ ئاڭقاۋلىق ئاخىرىدا جەمئىيىتىمىزدە ئىلىم روھى قەدىرلەنمەسلىك، بۈگۈنكى پايدىنىلا كۆزلەشتەك تراگېدىيىلىك ئادەتلەرنىڭ جەمئىيەتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئامېرىكا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەت. ئۇنى بۇنداق كۈچكە ئېرىشتۈرگەن نەرسە ئامېرىكىلىقلاردىكى ئىلىم ـ پەن روھى ۋە بۇرۇنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئادىتى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مىلمان پارىي 1930 ـ يىلى يۈك ـ قىلىرىنى ئېلىپ، ئالبېرت لورد ئىسىملىك 23 ياشلىق ياردەمچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يۇگوسلاۋىيىنىڭ كرودىيە، سېربىيە رايونلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش ئىشىنى باشلايدۇ. ئۇلار 15 ئاينىڭ ئىچىدە 12 مىڭ 500 پارچە تېكىست، 3500 تەخسە ئۈنئالغۇ ماتېرىيالىنى يىغىدۇ. مانا مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا مىلمان پارىي «ئاغزاكى فورماللىشىش نەزەرىيىسى» （口头程式理）نى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئىلمىي تەييارلىقىنى ئىشلەيدۇ. لېكىن 1935 ـ يىلى مىلمان پارىي بەختكە قارشى تويۇقسىز ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرلاشمىغان ئىشلىرى پۈتۈنلەي شاگىرتى لوردنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. لورد كەسپىي ئەخلاق ۋە ئىلىمگە بولغان ئىنسانىي سادىقلىقى بىلەن پارىينىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دۇنيا فولكلور تەتقىقاتىغا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلىق ئەكەلگەن يۇقىرىدىكى نەزەرىيىنى دەلىللەپ چىقىدۇ. شۇ خام ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ھازىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا «مىلمان پارىي خەزىنىسى» دېگەن نام بىلەن ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەسىس قىلىنغان «ئاغزاكى ئەنئەنە» ناملىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنال دۇنيا فولكلور تەتقىقاتىنىڭ بايرىقى بوپقالغان. دېمەك، ئامېرىكا ماشىنا ۋە قورال بازىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ساھەسىنىڭمۇ خوجىسىغا ئايلانغان. بىزدىچۇ؟ بىزدىمۇ مىلمان پارىيدەك خەلق ئارىسىغا چۆككەن، نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، دالا تەكشۈرۈشى بىلەن شۇغۇللانغان، مىڭلىغان خەلق قوشاق ـ ناخشىسى، تەزكىرە، جەڭنامە يىغقان ئادەملىرىمىز بولغان. ھازىرمۇ بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە لوردتەك شاگىرت بولمىغان. جۇڭگودا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ جەنۇب، شەرق ۋە شىمالىدىن يىغىلغان قولىيازمىلار بىلەن ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ سانى ھېسابسىز. لېكىن ئۇلارنى مۇكەممەل ساقلىغان بىرمۇ ئورۇن يوق. ئەسلى «ئاغزاكى ئەنئەنە نەزەرىيىسى»نى بىزنىڭ شىنجاڭلىق تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان بولسا بولاتتى. چۈنكى بۇ ئەنئەنە تاكى بۈگۈنگىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. قوشاقچى، داستانچى، چۆچەكچى، مەدداھ، قىزىقچى، مۇقامچى دېھقانلار بىلەن مالچىلار ھازىرمۇ يۈزلەپ ـ مىڭلاپ تېپىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ نېفىت ـ گاز بايلىقى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان بايلىق مانا مۇشۇ. قولىمىزدىكى فوتو ئاپپاراتلىرى، سىنئالغۇ ۋە ئۈنئالغۇلار شۇنچىلىك زامانىۋى بوپكەتكىنى بىلەن، كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ، تۈگەپ كېتىۋاتقان شۇ خەلق مىراسلىرىنى ھەقىقىي مەنىسى، ئەسلىي قىياپىتى بىلەن ساقلاپ قېلىشقا بولغان تەييارلىقىمىز ئاغزاكى ھالەتتە. مانا مۇشۇ مەساللار ئارقىلىق مەن بىزدە ئىز بارلىقىنى، لېكىن شۇ ئىز باسارلارنىڭ يوقلۇقىنى دېمەكچى. ئەلۋەتتە، ئىز باسارلار پەقەت يوقمۇ ئەمەس. ئەمما شىنجاڭدەك چوڭ يۇرتنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىز باسارلارنىڭ سانى تولىمۇ بىچارە ھالەتتە. سان مەسىلىسىمۇ ھەل بولغان بولاتتى، ئەڭ مۇھىمى شۇ ئىزلارغا بولغان تونۇش، قەدرىگە يېتىش، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئالدىنقىلارنىڭ سالغان ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىش روھىنىڭ كەملىكى. بۇنى ھېچكىم بىزگە ئارىيەتكە بېرىپ تۇرمايدۇ. كومپيۇتېر ئۇستىسىنى پۇل بولسا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىن تەكلىپ قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخى، تىلى، ئەدەبىياتىنى بىلىدىغان ئۇستىنى خالىغان يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئالدىنقىلارنىڭ مىراسلىرىغا تايىنىشنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. بۇ، يەر ئاستىدا ياتقانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەكسىچە، بۈگۈنكى تىرىكلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. ئەلۋەتتە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بەزى مىساللارنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇلۇغ ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مىراسلىرىنىڭ توم ـ توم كىتاب بولۇپ رەتلىنىپ چىقىشى، بادەي تۇرسۇنئاي ساقىم، شېرىپ خۇشتار قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر يىغقان كىتابلىرىنى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات، ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىشى. ئەگەر شۇ تەييار مىراسلارغا يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىنمىسا، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئائىلە»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» (ئالىمنىڭ مەزكۇر يىرىك ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان. — مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)تەك ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىشى ئۈچۈن قانچە يىللار كەتكەن بولاتتى؟ شىنجاڭدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئاللىقاچان كېچىككەن ساھە. ئۇنىڭدىكى تەييار بايلىقلارغا ئىگە بولماسلىق، ئەقلىي جەھەتتىن تەدبىر قوللانماسلىق، ماتېرىياللارنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىسەلەردىنمۇ بەتتەر ناچار ساقلاش قاتارلىقلار شىنجاڭدا يىلتىز تارتقان ئىلىم بيۇروكراتلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇنىڭغا قول قەلەم ئالغان ۋە مەلۇم ئورگاننىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان بارلىق زىيالىيلارنىڭ تەڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، تونۇلغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى



# كىتاب

نۇرمۇھەممەت توختى

ئىجتىھاتلىق تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋايى (تونۇلغان ساخا-ۋەتلىك تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋايى ئەپەندىنىڭ ئۆمۈر بايانى ئا-تاقلىق يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختى ئەپەندىنىڭ كامىل قەلىمىدىكى «سېكرېتارلىقتىن تېۋىپلىققىچە» ناملىق يىرىك ئوچېرك بىلەن زۇرنى-لىمىزنىڭ 2004 ـ يىل 4 ـ سانىنىڭ «چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە» سەھىپىسىدە تونۇشتۇرۇلغانىدى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) نىڭ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار» دېگەن كىتابى نەشىردىن چىقىپتۇ. قاتتىق مۇقاۋىلىق، تىتۇللىرى نەقىشلەنگەن، تولىمۇ چىرايلىق بېسىلغان كىتاب ئىكەن. كۆرگەنسېرى كۆرگىسى، ئو-قۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان كىتاب ئىكەن. ئوقۇپ بولغاندا، ئادەم گويا بارلىق دورا ـ دەرمەكلەر ئۆز ئەتراپىڭدا، ئۆز بېغىڭدا، ئۆز مە-ھەللەڭدە باردەك، كىتابنى بىر ئوقۇپلا تېبابەتچىلىك بىلىملىرى، تېبا-بەتچىلىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بوپقالغاندەك، مۇبادا بىرەر كېسەللىك ئۇچراپ قالسا داۋالاپ ساقايتالايدىغاندەك تەسىراتقا كېلىدىكەن. مانا مۇشۇ تەسىرات تېبابەتچىلىكنىڭ ئەسلىگە قايتىشى بولۇشى مۇمكىن. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى كاتتا ئالىم ـ ھۆكۇمالارنىڭ تەپەك-كۇر ـ تەتقىقاتلىرىدىن شەكىللەنگەن تېبابەتچىلىك ئەمەس، بەلكى ئا-ۋامنىڭ كۈندىلىك ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالىنىش تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلىنىشى ئاساسىدا ئاستا ـ ئاستا ۋايىغا يەتكەن ۋە سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن تېبابەتچىلىك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ ئې-تىزدىن، باغدىن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ قىرلىرىدىن تېپىلىدىغان خام دورى-لارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بايان قىلىپ بېرىش ـ ئۇنى ئەسلىگە ـ ئەسلي ئىگىسىگە قايتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بىر مۇكەممەل داۋالاش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىنى كاتتا ئالىم ـ ھۆكۇمالىرىمىزنىڭ سىستېمىلىق ئەمگەكلى-رىدىنمۇ ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يىراق ئۆتمۇشتىن يېتىپ كەلگەن تا-رىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى 3000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دەۋرىمىزگە ئۇلۇشۇپتۇ. بۇ جەرياندا مۇشۇ خاسىيەتلىك ئىش بىلەن قانچىلىغان كاتتا تېبابەت ئۆلى-ما ـ ئەللامىسى، تېۋىپ ـ جەرراھلىرى شۇغۇللىنىپ ئۆتۈپتۇ. مۇشۇ بىر قەۋمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كامالىتىنى ئاشۇ دورىلار بىلەن قوغداپتۇ ۋە تېخىمۇ كامالەت تاپقۇزۇپتۇ. بىز ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىم ـ ئۆلىمايى ك-راملاردىن غازىبايىنى، فارابىينى، ئىبنى سىنانى، جۈملىدىن دىيارىمىز خوتەندە ئۆتكەن ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىينى، جامالىددىن ئاقسارايىنى، ھەتتا دەۋرىمىزدە ياشاپ ئۆتكەن تۇردىمۇھەممەد ئاخۇ-نۇمنى، تۇردى ھاجىمنى، ئابدۇلھەمد يۇسۇفىي داموللا ھاجىمنى، ئەمەت ھاجىمنى، ئېلىخان ھەزرەتنى، خوجا باھاۋىددىن ھاجىمنى، ۋە يەنە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شەرق ۋە شىمالىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر تېبابەت-چىلىكىدىكى تالاي ـ تالاي ئۇلۇغ ئالىم، شۆھرەتلىك تېۋىپ ـ ھۆكۇما-يىمىزنى ساناپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە دىيارىمىز خوتەندە تىرىك ياشاۋاتقان ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باقى ھاجىم، مەيىنگارخان ھاجىم، مەتتۇرسۇن ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىم،

سىراجىئەھمەد ھاجىم، تۇرسۇنتوختى ھاجىم ۋە باشقىلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئابابەكرى رەھمان داۋاينى ئالدىنقى كاتتا ئۆلىما ـ ئۇستازلارنىڭ قاتارىغا قېتىشقا ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. چۈنكى ئابابەكرى رەھمان داۋايىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدا نەھاجى ـ ھەزرەت دېگەن نام ـ شەرىپى، نە داموللا، ئاخۇنۇم دېگەن تەرىپى كۆزگە چېلىقمايدۇ. نام ـ ئابرۇيىمۇ تېخى ئۇلارغا يەتكەندەك ئەمەس. ۋەھالەنكى، «ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا» دېگەندەك، ئۇنىڭغىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش، بەلكى خېلى ئۇبدان ئۇنۇمگە ئېرىشىش نۇسرىتى ئاتا قىلىنغانلىقىمۇ سىر ئەمەس. مانا ئەمدى ئۇ يەنە بىر نۇسرەتلىك ئىش قىلىپ كىتاب چىقىرىپتۇ. تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئاۋامغا قايتۇرۇشقا تىرىشىپتۇ. ئويلاپ باقايلى، دىيارىمىز خوتەندە ئۆتكەن ئالدىنقى كاتتا تېۋىپ ـ ھۆكۈمالىرىمىزنىڭ قايسىلىرىدىن كىتاب قالدى؟ ئۇلار خەلقىمىزگە قايسى كىتابنى قالدۇرۇپ كەتتى؟ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلانساقلا تېۋىپ ـ جەرراھلىرىمىزنىڭ ئىككى خىلغا ئايرىلىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بىرى، باشقىلارنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، كېسەل داۋالىغان، شاگىرت يېتىشتۈرگەن ئادەتتىكى تېۋىپ ـ جەرراھلار، يەنە بىرى، ئاشۇ بىرىنچى تۈركۈمدە مەۋجۇد بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق ھازىرلىغاندىن باشقا، يەنە ئۆز تەجرىبىلىرىدىن كىتاب يېزىپ ۋە تۈزۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا كىتاب مىراس قالدۇرغان مەرىپەتلىك تېۋىپ ـ ھۆكۈمالار. ئەلۋەتتە ئۇزاق ئۆتمۈش يىللاردىن نامى ـ شەرىپى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپلىرى ئاشۇ كېيىنكى تۈركۈمگە تەۋە مەرىپەت ئىگىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نامىنى دەۋرىمىزگە ئاشۇ كىتابلىرى يەتكۈزۈپ كەلگەن. ئالايلۇق، مەشھۇر تېۋىپ ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىينىڭ نامىنى ئۇنىڭ «قەۋەنەنۇل ئىلاج» ۋە «مىزانىي تىپ» قاتارلىق كىتابلىرى يەتكۈزۈپ كەلمىدىمۇ؟ (بۇ يەردە، يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغان يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قامۇسىي كىتابلار، نادىر كىتابلارنى پەخىرلىنىش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىمىز، ئەلۋەتتە. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) روشەنكى، كىتاب ـ تارىخنى ئۇلۇغلىغۇچى ئالتۇن زەنجىر، يىراق ئۆتمۈشتە ياشىغان ئەجدادلار قەلبىنى كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىگە ئۇلىغۇچى كۈمۈش رىشتە، ئۆتمۈشنىڭ تەجرىبە ـ تېخنىكىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆگەتكۈچى خاسىيەتلىك ئۇستاز. بىز كىتابنى مەدھىيىلەپ كاتتا داستان ـ قىسسىلەرنى يېزىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتەك ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەكنى تاماملىغان، خەلقىمىزنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئىسلام ئالىمى مەۋلانە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى (مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئۆزىنىڭ يەنە بىر كاتتا ئەمگىكى «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»كە «كىتابخانىغا» دېگەن گۈزەل غەزىلىنى قىستۇرۇپ، («ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»نىڭ 9 ـ بېتىگە قاراڭ)، بىزنىڭ ئاشۇ زۆرۈرىيىتىمىزنى تولۇق راۋا قىلغان:

كىتاب ـ قەغەز سۆيۈملۈكتۇر، ماڭا ھەر جايدا يار بولسا،
نادانلار ئالدىدا قەغەز ـ قەلەم بىئېتىبار بولسا.
كىتابقا ئاشنا بولدۇم، ئىلىمنىڭ پەيزىنى سۈردۈم،
سۆيۈنمەمدۇ كىشى دىلدىن بەخت ـ ئىقبالغا يار بولسا.
بىلىم ئىشقىدا يانغانمەن بولۇپ مانەندە پەرۋانە،
يۈرەكتىن سۆيگۈنۈم سۆيگەن كىتابتەك خۇش نىگار بولسا.
قەلەم ـ قەغەز بىلەن سىرداش بولۇپ خىلۋەتتە ئۈن ـ تىنسىز،
نى كۈيلەر كۈيلىمەس ئىنسان بىلىمگە دىلخۇمار بولسا.
گۆدەك چاغلىرىمدىنلا بىلىمگە مەھلىيا بولدۇم،
دەمى ئايرىلمىغۇم مۇشكۈل بىلىمدەك گۈلئۇزار بولسا.
ئارامگاھىم كىتابىمدۇر، ئۇنىڭسىز ھېچ ئارامىم يوق،
ئارامبەخش قۇرلىرى دىللار ئارا چاقناپ تۇرار بولسا.
سۈكۈناتقا چۆمۈلگەن كائىنات، تۈن ئىچرە مەن تەنھا،
نە تەنھا، ئۆلپىتىم دىلكەش كىتابىم ياندا بار بولسا.
بولۇپ خىلۋەتتە كۆلبەم ئىچرە مەزھەر جىلۋەئى جانان،
نەجانان ھەر ۋەرەقتىن يۈز تەجەللىي ئاشكار بولسا.

..............

سەھىپە ئېتىبارى بىلەن غەزەلنى تولۇق ستاتا ئالالمىغان سەۋەنلىكىمنى داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى كەچۈرگەي. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، داموللا ھاجىم كۈيلىگەن كىتاب ـ ھىدايەتكە باشلىغۇچى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە باشلىغۇچى، پەن ـ تېخنىكىغا باشلىغۇچى پاكىز كىتابتۇر. بىز كىتاب توغرىسىدا يەنە كاتتا ئۆلىمالاردىن گۈزەل ئەقلىيەلەرنى، شۆھرەتلىك شائىرلاردىن سۆز لەئلى ـ ياقۇتلىرى بىلەن بېزەلگەن غەزەللەرنى نەقىل ئېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما مەۋلانە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك لەۋزى تۇرغان يەردە، ئەلۋەتتە بۇنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. خۇلاسە ـ يەكۇن شۇكى، بۇ ئالەمدىكى شەيئى ـ نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئېسىل نەرسە يەنىلا كىتابتۇر. ئەھۋال شۇنداقكەن، كىتاب تۈزگەن، نەشر قىلدۇرغانلار نېمىشقا رەھمەت ـ بارىكاللىغا، تەھسىن ـ ئاپىرىنغا سازاۋەر بولمىسۇن!؟

ئىجتىھاتلىق تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋايى تۈزگەن، نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار» دېگەن كىتاب نەشردىن چىقىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قوللانمىلار كۇتۇپخانىسىغا يەنە بىر دىۋان تىزىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپتۇ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك گۈلزارىدا يەنە بىر گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ...

بىز شۇنداق ئېتالايمىزكى، تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلار پاكىز كىتابلار جۈملىسىدىندۇر، پايدىلىق كىتابلار جۈملىسىدىندۇر. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تارىخ دەرسلىكىدىن ئېسىمدە قېلىشىچە، زالىم پادىشاھ چىن شىخۇاڭ ئەدىب ـ ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈپ، كىتاب ـ دەستۇرلارنى كۆيدۈرگەندە، تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇغان. ئاشۇ قانخور ئىستىبداتمۇ تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى كۆيدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان! بەلكىم تېخى ئۇ تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابلارنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىر قانخور زالىم ـ ئىستىبدات شۇنداق قىلغان يەردە، ئۇنىڭدىن 2000 يىللار كېيىن ياشىغان، ئۆزىمىزنى ياۋايى ئەمەس، مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ ئاڭلىق ئادىمى ھېسابلاۋاتقان بىزدە تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابقا، شۇنداقلا بارلىق پايدىلىق، پاكىز كىتابلارغا سەل قاراش خاھىشى كۆرۈلسە، بۇنى كەچۈرگىلى بولارمۇ؟ ئەشۇنداق ئېسىل ـ قىممەتلىك بار كىتاب تەسنىپ قىلىشنى، كىتاب نەشر قىلدۇرۇشنى ئەلۋەتتە ئالقىشلاش كېرەك.

قولى شىپا، دورىسى شىپا، ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ شىپا تېۋىپ ـ جەرراھلىرىمىز كۆپلەپ ياشاپ ئۆتتى. خوتەن دىيارىدىنلا ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇردىمۇھەممەد ئاخۇنۇمدىن رەسمىي نەشر ـ چاپ ئېتىلگەن بىر كىتاب، تۇردى ھاجىمدىن خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسى ئىچكى نومۇردا باستۇرغان بىر كىتاب خەلقىمىزگە مىراس قالغاندىن باشقىلاردىن كىتاب قالمىدى. ھەتتا تېبابەت ئالىمى، تىلشۇناس، شائىر، تارىخشۇناس، جامائەت ئەربابى ئابدۇلھەمىد يۇسۇفىي داموللا ھاجىم جانابلىرىدىنمۇ ئاشكارا كىتاب قالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تولىمۇ كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئابدۇلھەمىد يۇسۇفىي داموللا ھاجىم «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان» يىللاردا سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ھاۋالىسى، باشقۇرغۇچىلارنىڭ رۇخستى بىلەن بىر پارچە داۋالاش رىسالىسى تۈزگەنىكەن. ئەمما ئۇ كېيىن باشقىلارنىڭ

لامدا نەشر قىلىنىپتۇ. ئەمگەكنىڭ ئىگىسى ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولالماپتۇ. «ئۆزگەرتىلىۋاتقان» ئادەمدە قانداقمۇ ئۆز ھەققىنى قوغداش ھوقۇقى بولسۇن؟ «ئۆزگەرتىلىپ» بولغاندىن كېيىنكى چاغلاردا داموللاھاجىم كۆپرەك داۋالاش، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە كاتتا تېبابەت قامۇسلىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكى، تەھرىرلىكى، ئالىي تېبابەت مائارىپچىلىقى (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) ۋە شاگىرت تەربىيەلەش بىلەن ئالدىراش بولدى. مانا شۇ ئالدىراشچىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ئاشۇ زاتقا كىتاب تەسنىپ قىلىش پۇرسىتى بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەپسۇسلانماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. كىتاب قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇ شۆھرەتلىك تېۋىپ ـ ھۆكۈمالىرىمىزنى ئەيىبلەش ـ ئەلۋەتتە ئەخلاق جۈملىسىدىن ئەمەس. ئەپسۇسلىنىش باشقا ئىش، ئەلۋەتتە. شۇنچە ئېسىل تەجرىبىلەرنى، داۋالاش تېخنىكىلىرىنى، شىپالىق رېتسېپلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ قويماي كېتىپ قالسا، ئەلۋەتتە ئەپسۇسلىنىدىغان گەپ. ھېچكىم ئۇلارنى باقىي ئالەمگە ئەكېتەلمەيدۇ. باقىي ئالەمگە ئەكەتكىلى بولىدىغان نەرسە پەقەتلا ئىككى: يەنى، پانىيدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ گۇناھى. ئۇنىڭدىن باشقىنى ـ مەيلى ئۇ بايلىق ـ دۇنيا بولسۇن، مەيلى بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت بولسۇن، شان ـ شۆھرەت ۋە ئەسلىمەر بولسۇن ـ ـ باقىيغا ئەكېتىش مۇمكىن ئەمەس. كېيىنكىلەر بەزى نەرسىلىرىڭدىن ـ ـ بايلىق ۋە شۆھرىتىڭدىن پايدىلىنالىشى مۇمكىن، ئەمما بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراستىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ. ئۇ گۆرىڭگە كىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا چوقۇم ئۇنى كىتاب قىلىپ قالدۇرۇش كېرەك. شۇندىلا كېيىنكىلەر ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ نەپكە ئېرىشىدۇ.

ئابابەكرى رەھمان داۋايى قانچىلىك بىلگەن بولسا، شۇنچىلىكنى قەغەز يۈزىگە قوندۇرۇپ، خېلىلا تىرىشچانلىق ۋە مەبلەغ سەرپ قىلىپ تېبابەتچىلىككە ئائىت بىر كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپتۇ. بۇنى ئەلۋەتتە ئالقىشلاش كېرەك. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، ئەلۋەتتە بىلىمى، تەجرىبىسى، تېخنىكىسى ئۇنىڭدىن ئۈستۈنرەك ۋە سەل ئۈستۈنرەك بولغانلارنىڭ كىتاب مىراس قالدۇرالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرگىمۇ توختىلىش كېرەك. قەدىمكىلەرگە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان شۇ زامانلاردا قەغەز ـ قەلەم قىسچىلىقى، نەشر قىلدۇرۇش ـ كۆچۈرگۈزۈش قىيىنچىلىقى ۋە ياكى شۇ زامانلارنىڭ خەت ئوقۇشنى بىلىدىغان، ئەمما يېزىش ـ خۇلاسىلەشنى بىلمەيدىغان ئاممۇي كېسىلى ئىمكان بەرمىگەندۇ. ۋە بەلكىم كېسەل داۋالاش بىلەن ئالدىراش بوپكېتىپ ۋاقىت چىقىرالمىغاندۇ. بۇ بىرىنچى سەۋەب. ئىككىنچى سەۋەب: كۆزى كىچىكلىكتە بولۇشى مۇمكىن. بىلىمىمنى، تەجرىبەمنى، مەخپىي رېتسېپىمنى باشقىلار بىلىۋالسا، پۇل ـ پۇچەك تېپىش يوللىرىم كاساتلىشىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئاخىرقى تىنىققىچە باشقىلارغا ئۆگەتمەي، ئاخىرى ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئاقىۋەت. بۇنداق ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئاقىۋىتىگە تېبابەتچىلىكتىن ئەمەس، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق ساھەسىدىن ئىككى ھېكايە كەلتۈرىمىز. ئاپتور 1986 ـ يىلى يازدا ۋە 2004 ـ يىلى كۈزدە، قورغاستىكى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان مەقبەرىسىگە زىيارەتكە بارغاندا، ئاشۇ ساپ ئىسلامچە بىناكارلىق نامايەندىسىنىڭ زىننىتىگە ئىشلىتىلگەن چاقچۇقىمۇ، ساپال ـ كاھىشىمۇ ئوخشىمايدىغان چاپلىمىغا دىققەت قىلدى. مەقبەرە ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدىكى بېدە گۈلى رەڭلىك چاپلىمىلار زىيانغا ئۇچراپتۇ. رېمونت قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپتۇ ئەمما رېمونت قىلىنماپتۇ. سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا مەلۇم بولدىكى، ئاشۇ خىل زىنەتلەش بۇيۇمىنى ياساش تېخنىكىسىنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيدىكەن. قەشقەر، شىئەن، ياڭجۇ، لوياڭ، بېيجىڭلاردىن ئۇقتۇرۇشۇپتۇ. كۆپلىگەن پېشقەدەمدىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئەمما ئاشۇ خىل زىننەتلەش بۇيۇمىنى ـ تامغا چاپلايدىغان ئاجايىپ رەڭلىك كېسەكنى ياساشنى بىلىدىغان ئادەم تېپىلماپتۇ. مانا بۇ ئاشۇ خىل تېخنىكىنىڭ ئۇنتۇلۇش ئاقىۋىتى. ئەگەر ئاشۇ خىل تېخنىكا كىتاب قىلىپ يېزىپ قويۇلغان بولسا ۋە ياكى شۇ خىل تېخنىكا بويىچە بىرەر شاگىرت يېتىشتۈرۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ خىل تېخنىكا ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

2004 ـ يىلى سېنتەبىردە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى، كۇچا قىزغۇيدىكى چوڭ خانىقانى زىيارەت قىلدۇق. زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن سىر شۇنداق ئوچۇق ۋە يارقىن. خانىقانى باشقۇرغۇچىلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، خانىقانى بۇنىڭدىن 80 يىلچە مۇقەددەم ھېلىم ھاجى دېگەن بىر ساخاۋەتچى كاتتاباي مەبلەغ چىقىرىپ ۋە باش بولۇپ سالدۇرغانىكەن. زىننەتلەش، سىرلاش ئىشىنى كۇچالىق بىر ئۇستا ئۆزى سىر ياساپ ئىشلەپتۇ. 80 يىلدىن بېرى ئاشۇ سىر قىلچە ئۆڭمەپتۇ. ئەمما ھازىر ئۇنداق سىر ياساشنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ھېلىقى ئۆزى سىر ياساپ، ئۆزى خانىقانى سىرلىغان ئۇستا ئاشۇ سىر ياساش ھۈنىرىنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئوغۇللىرىغىمۇ ئۆگىتىپ قويمىغانىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئېسىل ھۈنەر پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپتۇ...

ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئاقىۋىتىگە دۇچار بولغان ئېسىل نەرسىلىرىمىز تېبابەتچىلىك ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بۇنى يېزىپ قويۇشقا سەل قارىغانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ، يۇقىرىقىدەك كۆزى كىچىكلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق كۆزى كىچىكلىك قىلمىشلىرىغا يەنە مەخپىي رېتسېپلىرىنى كىتاب قىلىپ يازغاندىمۇ ئېلان قىلماي بالا ـ چاقىلىرىغىلا قالدۇرۇپ قويىدىغان قىلمىشلارنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئېسىل تەجرىبە ـ ئېسىل تېخنىكا، ئېسىل رېتسېپلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىشلارنىڭ ئالدىنقىلىرى سەۋەنلىككە، كېيىنكىلىرى گۇناھقا تەۋە بولۇپ، ئالدىنقىلىرىنى ياراتقۇچىمۇ، ئەل ـ جامائەتمۇ كەچۈرۈشى مۇمكىن، كېيىنكىلىرىنى بولسا كەچۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تېۋىپ ئابابەكرى رەھمان داۋايىنىڭ كىتاب نەشر قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئەنە شۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ؛ شۇنداقلا خىمىيلىك بۇلغىمىلارنىڭ يېمەكلىكلەرگە كۆپلەپ ئارىلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىسلى كۆرۈلمىگەن سالامەتلىك كرىزىسى يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى داۋالانغۇچىلارغا ئاشكارىلاش ۋە قايتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، نەشرىياتچىلىق گۈللەنگەن، يازمىلارنى نەشر قىلىش كۆپ ئاسانلاشقان ۋە تېزلەشكەن ئىمكانىيەتلىك پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپتۇ. بىر پارچە كىتابى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىكەن، ئۇ خۇددى مەۋلانە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى «كىتابخانىغا» دېگەن شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا خىتاب قىلغاندەك:

كىتاب يازدىم، ئۈمىد شۇكى، جاھاندا قالدۇرۇپ كەتسەم،
نىشانەم قالسا ئەۋلادلارغا مەندىن يادىكار بولسا.
تەمەيىم يوق مۇكاپاتتىن، پەقەت ئالەمچە بەختىمدۇر
ئىشىم مەقبۇل بولۇپ دىللاردا نامىم يادلىنار بولسا.

دەپ خىتاب قىلىشقا ھەقلىق بولماسمۇ؟ ئاخىرقى تىلىكىمىز شۇكى، كىتاب تەسنىپ قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا دەرد يەتمىسۇن! ھەممە ساھەنىڭ مىڭلاپ ـ ئونمىڭلاپ كىتاب ـ قوللانمىسى نەشردىن چىقسۇن!

2005 ـ يىل 20 ـ ماي، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېنسىيونېرى



# ئىككى پارچە خەت

ھېكىم سەيپۇل
مۇھەممەتجان راشىدىن

## ئىخلاسمەنلىرىدىن سالام

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالەمگە مەشھۇر گۈزەل ئىلى ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ، ئەر يېتىپ خەلقىمىزگە نادىر ئەسەرلىرى بىلەن مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىن مۇئەللىمگە، چىن دىل، پاك يۈرىكىمدىن بەرگەن سالىمىمنى قوبۇل قىلغايلا!

سىلى مېنى تونۇمايدىلا، مەن سىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرىدىنىڭ بىرى. ئوقۇتقۇچىلىقتىن دەم ئېلىشقا چىققان بولساممۇ، لېكىن سىلىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيدىغان قىزغىن ئادىتىم ھېلىغىچە سوۋۇپ قالغىنى يوق. ئىلاھىم، خۇددى بىزنىڭ قىزغىنلىقىمىزدەك، سىلىنىڭ قەلەملىرىمۇ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىدىن ئەسلا سوۋۇپ قالمىغاي. ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالغان تەربىيە، تەسىراتلىرىمىزنى تىل بىلەن سىلىگە مۇناسىپ تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. «سەن يوق»قا ئوخشاش شېئىر، «تېنىگەن كۆڭۈل»گە ئوخشاش نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرلىك كۈچى قوشۇغۇندەك ئېرىتىۋەتكەن ياش قەلبلەر تېخىمۇ ئاز ئەمەس. ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ كۆڭۈل گەپلىرىمىز بولغاچقا، گەرچە تونۇشمىساقمۇ، سىلى بىلەن بىز پەۋقۇلئاددە يېقىنلىق ھېس قىلىشىمىز. ئەسلىدە مەن ئىلىغا بىر بېرىپ، سىلىنى يوقلاپ بىر دىدارلىشىپ كېلەي، دېگەنىدىم. بىراق بوسۇغا داۋاننىڭ ئېگىزلىكىدىنمۇ ياكى رىزقىمنىڭ كۆتۈرۈلمىگەنلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر سىلىنى تاۋاپ قىلىش ھېلىغىچە نېسىپ بولمايۋاتىدۇ. بەختىمگە يارىشا، دەل شۇنداق

## تىل رەسسامى ـ شائىرىمىزنىڭ يېشىلىرى

www.uyghurkitap.com

ئارماندا ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزا مەمەيۇزى كەنت ئاھالىلەر 9 - گۇرۇپپىسىدىن ساياھەت تەرىقىسىدە بىزنىڭ بۇ يىراق سەھرالارغا كەپقالغان ئالىمجان خوجا، ئابدۇشۈكۈر خالى دېگەن يىگىتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەسرارلاشتىم. قاراڭ، نىيەت خالىس بولسا، خۇدا يەتكۈزۈدىكەن! ئۇلار ساۋاتلىق، ياخشى باللار بولغاندىن تاشقىرى سىلىنىمۇ ياخشى بىلىدىكەن. نەتىجىدە كۆپ گەپلەر سىلى توغرىلىق بولدى، سىلىنى كۆرگەندەكمۇ بوپقالدىم. بىراق، بۇ باللار تۇيۇقسىزلا قايتىدىغان بوپقېلىپ، مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. نېمە يوللۇق قىلىشىنى بىلەلمەي قالدىم. ئاخىر يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ئۈزۈم يادىمغا كەپقالدى - دە، ئۆز بېغىمىزدىن چىققان، يىلتىز، غول، مېۋىلىرىمۇ خىمىيىۋى ئوغۇت كۆرۈپ باقمىغان قۇرۇق ئۈزۈمدىن ئازراق ئەۋەتتىم. ئاز بولسىمۇ ئىخلاسمەنلىرىنىڭ كۆڭلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغايلا. ئەسلىدە سىلىنىڭ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئەۋەتمەي كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

شائىر ئېيتقاندەك، «ئالىم مىڭ ئېغىز گېپنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن، نادان بىر ئېغىز سۆزنى مىڭ ئېغىز گەپ بىلەن ئىپادە قىلىدۇ» دېگەندەك، ئىقتىدارسىزلىقىمدىن بۇ خەتنى ئۇزۇن يېزىۋەتتىم. شۇڭا، خۇدادىن سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، بىزگە يەنىمۇ گۈزەل، نادىر ئەسەرلەر تىلەپ گېپىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. ۋاقىتلىرىنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، ھۆرمەت بىلەن:

پىچان ناھىيە دىغار يېزا دىغار كەنت ئاھالىلەر 4 - گۇرۇپپىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ھېكىم سەيپۇل ۋە بالا - چاقىلىرىمدىن

2005 - يىل 31 - مارت

## ئىخلاسمەنلىرىمگە سالام

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھېكىم ئەپەندى، ياخشى تۇرغانلا؟ سالام - سوۋغاتلىرىنى ساق تاپشۇرۇۋالدىم. نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەي تۇرۇمەن. ئۆز كۆرگەنلىرى ۋە قەلەم ئىزلىرىمنى قەدىرلىگەنلىكلىرىگە ئالەمچە تەشەككۈر!

ئىككى يىگىتتىن ئەۋەتكەن مۇبارەك خەتلىرى بىلەن ئىككى خالتا ئۈزۈم مېنى، مەن 1958 - يىلى بارغان پىچان (شۆھرەتلىك خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا 1958 - يىلى سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتكۈزۈپ، بىر مەزگىل پىچان ناھىيىسىدە خىزمەت قىلغانىدى. - مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)نىڭ لۈكچۈن، دالانكارىز قاتارلىق يېزىلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئاپىرىپ تاشلىدى. گەرچە 1998 - يىلى (40 يىلدىن كېيىن) يەنە بىر قېتىم بېرىپ ئۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن بولسامۇ، ئەمما بۇ قېتىم سىلىنىڭ خالتىلىرى بىلەن شۇ ۋادىدا يەنە ئاز - تولا رىزقىم قالغان چېغىكەن، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. خۇدا سىلىگىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە مەن ئۈچۈن ئالاھىدە يىڭنە تۇتۇپ خالتا تىككەن خانىملىرىنىڭ قولىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاي! شۇ كۈنلەردە بالا - چاقام بىلەن خۇددى سىلىنىڭ داستىخانلىرىدا بولغاندەك ئۈزۈملەرگە ئېغىز تەگمەكتىمەن.

ھېكىم ئەپەندى، سىلىنىڭ خەتلىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى، خەلقىمىزنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىغا خاس تەر تۆكەلمەيۋاتقان ئاجىز قەلىمىمنىڭ خىجالەتچىلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ماڭا ئوقۇلغان مەدھىيە، بېرىلگەن باھالار جۈملىسىدە كىشىلەر خېلىدىن بېرى «ئەل سۆيەر شائىر»، «دېھقانلار شائىرى» دېگەن تەرىپ - تەبىرلەرنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ شېئىرىيەت كوچىسىغا كىرگەن ياش چاغلىرىمدا ھەرقانچە گۈزەل غايە، شېرىن خىياللاردا بولغان بولسامۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ھازىرقىدەك گۈللەر تۇتۇلۇپ، شەنىمگە ناخشىلار ئېيتىلىدىغانلىقى ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرگەن ئىشلار ئەمەس. ئەتىمالىم، بۇ خەلق شائىرى بولۇشنىڭ شاراپىتى بولسا كېرەك. لېكىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مېنى شۇ قەدەر قوللاۋاتقانلىقى، روھىي ۋە ماددىي يۆلەكتە بولۇۋاتقانلىقىغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرالمايۋاتقانلىقىمنى ئويلىسامۇ بۇ دۇنيادا مەن يوق.ئۆزۈمنى نەگە قويارىمنى بىلمەي قالىمەن. ماڭا، سىزگە ئوخشاش تۈركۈملەپ خەت يېزىپ، سوۋغات يوللاپ ئەزىزلەپ، تېلېفون بېرىپ تەبرىكلەپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ كۆڭۈل ئارزۇلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلۇغلىرىمىزدىن زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدەك ھېكايىلەرنى، نىمشېھىدنىڭ «ئالدىدا»، ئا. ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «بوغدا ئاتا»، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرلىرىدەك ئاجايىپ شېئىرلارنى، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»تەك تەۋەررۈك رومانلارنى يېزىشىم كېرەكتۇ؟ «مەن قاچان چوڭ بولىمەن، يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن؟» دېگەندەك، مېنىڭ ئۇ مەرھۇملاردەك بولالىشىم مۇمكىنمىدۇ؟ ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان كېرەكتۇ؟ شۇ كۈنلەردە بېشىمدا ئاشۇ دەرمانسىزلىقنىڭ غەم - قايغۇلىرى غەۋغا قىلىدىغان بولۇۋالدى. چۈنكى ماڭا ئالقىش ياغدۇرۇپ مەدەت بېرىۋاتقان، يۈكسەك تىلەكلەردە بولۇۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىنى يەنىمۇ ئۇلۇغلىقىم كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئاددىي چاغلىغۇم كەلمەيدۇ، ئۇ - خەلقنىڭ كۆڭلى! دۇنيادا خەلقتىن ئۇلۇغ يەنە نېمە بار؟ شۇ تاپتا سىزگە مەلۇم بولمىغان بەزى ئىشلار يادىمغا يېتىمەكتە:

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى بىرەيلەن ماڭا: «شائىر توختاش بەكرى ئىككىڭلارغا غۇلجا شەھىرىدىكى بىر ھۈنەرۋەن كۆڭۈل بىلدۈرمەكچى ئىكەن، كېيىنكى ھەپتىدە ئۆيۈڭلەرگە چىقماقچى!» دېدى. مەن نېمە ئىشتۇ؟ دەپقالدىم. دېگەندەك، كېيىنكى ھەپتىدە ئىككى يىگىت چىقتى. بىرىنىڭ ئىسمى مامۇتجان قۇربان بولۇپ، ئاتا كەسپى موزدۇز ئىكەن. تەلئەت ئىسىملىك يەنە بىرى ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قولىدا مۈڭگۈزدەك تىكىلگەن ئىككى پار خۇرۇم شىبلەت تۇراتتى. مەن قوبۇل قىلماي خېلى تىركىشىپ باقتىم، لېكىن بولمىدى. چۈنكى مامۇتجاننىڭ: «ئاكا، ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ، بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز. بىرىڭلار خەلقنىڭ ھەقىقىي كۈيچىسى، بىرىڭلار بالىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئۇستازى! سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار ئالدىدا بۇ نەرسىلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئالمىساڭلار خاپا بولىمىز!» دېگەن سۆزلىرىگە جاۋاب تېپىپ بەرمەك تەس ئىدى. ئۇلار كېيىنكى يىلى يازدا يەنە ئىككى كىشىلىك يەڭگىل ئاياغ (شىۋەك)مۇ ئەچىقىپتۇ. يەنە رەت قىلالمىدۇق. «سىلەر ئۇزاقراق ياشاپ، بىزگە ئاشۇنداق ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىپ بەرسەڭلارلا بولدى! - دەيتتى ئۇلار چاقچاق قىلىپ، - كىيىدىغان خۇرۇم ئايىغىڭلار بىزدىن!» ئۇلاردا ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ سەممىي خاراكتېرى ۋە ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغىچە

تىنىم تاپمايدىغان سۆيۈملۈك قەلبى بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ گۈزەل روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىز ئىدىم.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئىلى دىيارىدا بايرام، مەشرەپ ۋە توي ـ مەرىكە سورۇنلىرىدا شېئىر ئوقۇيدىغان ئىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا، رادىئولاردا ئاممىغا كۆرسىتىلەتتى، ئاڭلىتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى خەلقى مەدەنىيەتتە ئۈستۈنرەك بولغاچقىمىكىن، شېئىرلاردىن كۆپ ھۇزۇرلىناتتى، ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرەتتى، ياخشىنى قەدىرلەش ـ ئاسراشنى بىلەتتى. ئويلاپ باقسام، توپتوغرا 20 يىل شېئىر دېكلاماتسىيە قىپتىمەن، توختاش بەكرىمۇ ھەم شۇنداق. بايىقى باللار شۇڭا بىزنىڭ ئىخلاسمەنلىرىمىز بوپقالغان بولسا كېرەك.

يەنە بىر ئىش شۇنداق تەسادىپىي ۋە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بولدىكى، ئۇنى، بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ دەپقالدىم. ئۇ، 2003 ـ يىل 2 ـ ئىيۇلدىكى ئىش ئىدى. شۇ كۈنى ئىلىدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى ۋەلى داۋۇت تەۋەللۇتىنىڭ 50 يىللىقى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئايدۆڭ شىپاڭىدا داغدۇغىلىق تەبرىكلىنىۋاتاتتى. بۇ سورۇنغا ھۇسەنجان جامىي باشلىق ئاتاقلىق سەنئەت ئۇستىلىرىدىن تارتىپ 300 گە يېقىن ئادەم يىغىلغانىدى. چاقچاق، ناخشا ـ ساز دېگەنلەر ئالقىش ـ چاۋاك ۋە قىقاس ـ كۈلكىلەر ئىچىدە داۋام قىلىۋاتاتتى. يەردىن تۆت ـ بەش مېتىر ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان بۇ شىپاڭ (راۋاق) تولىمۇ راھەتبەخش بوپكەتكەنىدى.

پائالىيەت داۋاملىشىپ ئەمدىلا قىزىشقا باشلىغاندا مەن بىر شېئىر وقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىپ قالدىم. ۋەلى داۋۇت تەرىپلەش، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان خەلق ناخشىچىسى ئىدى. مەنمۇ بۇ يەرگە تەييارلىقسىز كەلمىگەنىدىم. نەتىجىدە مەن «سايراپ بەرگىن يەنە ئەللىك يىل» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئون نەچچە كۇبلېتلىق بۇ شېئىرنىڭ ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۇبلېتىدا بىر چاۋاك ئۆرۈلۈپ تۇردى. شېئىر زور ئالقىشلار ئىچىدە تۈگىدى. ۋەلى كۆپچىلىكنى ئارىلاپ كېلىپ، مەن بىلەن يەنە بىر قېتىم قول ئېلىشىپ رەھمەتلىرىنى بايان قىلدى.

ئەتىمالىم، شېئىر ئوقۇلۇپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن بولسا كېرەك، تۆۋەندىن بىرەيلەننىڭ مېنى چاقىرغان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، راۋاقتىن پەستە ناخشىچى ئۆمەرجان ئالىم باشلىق ئۈچ يىگىت ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار پەسكە بىر چۈشۈپ چىقىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. مەن: «نېمە ئىش؟ پۇتۇمدا ئاياغ يوق، شىبلىت سەھنىنىڭ نېرى يېقىدا قالدى، گەپ بولسا مەشەدىلا ئاڭلاي!» دېسەممۇ ئۇلار ئۇنىمىدى. ئاخىرى خەقنى ئارىلاپ يۆرۈپ پايپاق بىلەنلا پەسكە چۈشتۈم. ئۇلار ئاۋۋال مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئاندىن مېنى چەتكە ـ ئادەم شالاڭراق يەرگە تارتتى. مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېلىغىچە ئاڭقىرالمايۋاتاتتىم. يەنە كېلىپ ئۆمەرجاندىن باشقا ئىككەيلەننى تونۇمايتتىم. ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى: بىرىنىڭ ئىسمى ئەركىن روزى، يەنە بىرىنىڭ دىلشاد ئىكەن. ئاۋۋال ئەركىن روزى ئېغىز ئاچتى. ئاڭغىچە ئۆمەرجان بىلەن دىلشاد ئۆزىنى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر چەتكىرەك ئالدى. «ئاكا، ھەيران بولۇپ يۈرمەڭ، ـ دېدى ئەركىن روزى مېنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىمنى يېڭىپ، ـ سىزنىڭ شېئىر ـ ناخشا تېكىستلىرىڭىزنى ئۇزاقتىن ئاڭلاپ ھەم بىلىم، ھەم ھۇزۇر ئېلىپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن سىزگە قانداق كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنىڭ يولىنى خۇسۇسەن مەن تاپالماي كەلدىم. بۈگۈن خەقنىڭ سورۇنى بولسىمۇ، ئازغىنە بىر نەرسە ئالغاچ كەلدىم، قولۇمنى قايتۇرماي قوبۇل قىلسىڭىز. بايىقى شېئىرلىرىڭىز بىر يەرلىرىمگە تېگىپ كەتتى...»

ـ ياق! ـ دېدىم مەن قەتئىي رەت قىلىپ. لېكىن ئەركىن روزى يانچۇقىنى كوچىلىغان ھالدا سۆزلەپ تۇراتتى: «ئۇنداق قىلماڭ ئاكا. تېخى بىر پىكاپىم بار ئىدى، ئۇنى بېرەي دېسەم، كونىراق كۆردۈم، مۇنۇنى ئېلىپ تۇرۇڭ، بىر كۈنلەردە ئۇمۇ بوپقالار. سىزگە قانچە قىلساق ئەرزىيدۇ...» دېدى ـ دە، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي بىر پېچەت پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى. ئالماي ئامالىم يوق ئىدى. مەن قۇتۇلغۇسىز ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قالغانىدىم. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار بىلىپ قالغان بولسا، نېمدەپ ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ دەيتتىم ئىچىمدە. ئاخىرى رەھمەت ئېيتىپ سورۇنغا چىقىپ كەتتىم. لېكىن ئۇزاققىچە جىم بولالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ راستىنلا ئەل سۆيەر شائىر بولۇۋاتقانلىقىم ئايان بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

سورۇندىن كېيىن ئۆيگە چىقىپ يانچۇقتىكى پۇلنى چىقىرىۋېدىم، 5000 يۈەن ئىكەن. شۇڭغىچە ساناپمۇ باقمىغانىدىم. پۇلغا ئايالىم، باللىرىم ھەيران قالدى.

ـ بىر چاغدا «شائىرلىقنىڭ شان ـ شەرىپى خەلق شائىرى بولۇشتا» دەپ بىر ماقالە يېزىۋېدىڭ، ـ دېدى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان قىزىم، ـ مانا بۈگۈن شۇ شەرەپ ئىسپاتىنى تېپىپتۇ!

ـ ئۆي سالساڭ ئۆز خەزىنەمدىن بېرىمەن، دەپتىكەن خۇدايىم، ـ دېدى ئايالىم يامغۇر ئۆتۈپ ئارام بەرمىگەن ئۆيلەرنى چۈۋۈپ يېڭىۋاشتىن ياساۋاتقىنىمغا تەتبىقلاپ، ـ بىزنىڭ يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىمىزنى بىلگەن خۇدا شۇ ياخشىلارنىڭ دىلىغا سالغان گەپ. رەھمەت دەپ ئالغانسىز؟... توۋا، ياشلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى نېمدېگەن ئۆسۈپ كەتتى ـ ھە!؟ ئابلەت دېگەن ھېلىقى كارخانىچى بالىنىڭ يېقىندىلا 20 تونna سېمونت چۈشۈرۈپ بېرىپ كەتكىنىچۇ تېخى!...

كېيىن ئۇقسام، ئەركىن روزى تىجارەتچى ئىكەن، تېكىستلىرىمنى ئۆمەرجان ئالىمنىڭ ناخشىلىرى ئارقىلىق ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىكەن، تېلېۋىزورلاردىن كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ ياردىمى، قوللاش ئىپادىسى ئاشۇ بىر قېتىملىق بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. 2003 ـ يىلى 13 ـ نويابىردا ئۈرۈمچىدە ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىم بولدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن تېلېۋىزىيىدە «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پروگراممىسىنىڭ زىيارىتىگە چىقىدىغان بوپقالدىم. ئەركىن روزى شۇ كۈنى ئەتىگەندە يەنە يېنىمدا پەيدا بولدى ـ دە، «يۈرۈڭ!» دەپ مېنى پىكاپىغا سالغانچە بازارغا ئەكەتتى. ئۇ: «ئۇستۇبېشىڭىز قاملاشماپتۇ. بۇ كىيىملىرىڭىز بىلەن ئېكرانغا چىقسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ گالستۇك تاقىغىنىڭىزمۇ بىكار!» دېدى ـ دە، چاقماق تېزلىكىدە بىرەر مىڭ كوي خەجلەپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە يېڭىلاپ چىقتى. مەن ئادەتتە پاكىز كىيىنگىنىم بىلەن ئۇستۇبېشىمنىڭ رەڭدارلىقىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتىم. شۇڭا ئۈرۈمچىگە ماڭاردا چوڭ قىزىم سارجىدىن بىر قۇر كاستۇم ـ بۇرۇلكا تىكتۈرۈپ كىيدۈرۈپ قويغانىدى. بىراق، ئەركىن روزىغا ئۇنىڭ رەڭگى ياقمىغاندەك قىلاتتى. «كۆركەم ئەمەس ئىكەن، سىزدەك بىر

شائىر ئىشەك رەگگىدىكى بىر نەرسىنى كىيىپ تېلېۋىزىيە سەھنىسىدە ئولتۇرسا قانداق بولىدۇ؟ سىز مەيلى دېگەن بىلەن بىز ئۇنىمايمىز!» دېگەننى باشتىلا. لېكىن روزى مېنى ھېلىغىچە يوقلاپ تۇرىدۇ.

«ھەممىنىڭ كۆڭلىدە بولغان، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغان» مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش (يالغى ئىنكاس قىلىش) ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ئىجادىيەتنىڭ مۇشۇ خاسلىقىغا يۈزلىنىپ قازانغان ئاز ـ تولا مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنىڭ تەنتەنىسى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان مەمنۇنىيەتلىك مىساللىرى يۇقىرىقىلار بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. سىزگە مەلۇمكى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 3 ـ سانىدا «دېھقان نېمە دەيدۇ؟» نىڭ جاۋابلىرىغا ئاغزىنە تولۇقلىما» سەرلەۋھىلىك ماقالەم بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭدا تامامەن دېگۈدەك دېھقانلار مەسىلىسى سۆزلەنگەنىدى. ھەقىقەتەننىڭ دوستى تولا بولغان بىلەن ئۇنى چۈشىنىڭ كامىرىدىن چىقىرىپ سۆزلەيدىغانلار ئاز بولىدۇ. جۈرئەت ئىگىلىرىلا، ئۆزىدىن ئۆزگىلەرنى ئەزىز كۆرىدىغانلارلا، بىر تۈركۈملەرنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قېلىشتىن قورقمايدىغانلارلا ئۇنىڭ (ھەقىقەتنىڭ) قوغدىغۇچىسى بولالايدۇ. ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلارغا كەلسەك، ساناپ تۈگىتەلمەيسىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بايىقى ماقالەم ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ماڭا ئوقۇغان تەشەككۈرلىرىگە ھەيران قالدىم. 2004 ـ يىلى يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 6 ـ سانىدا «داغدام يوللاردىكى كۆرۈنمەس داۋانلار» دېگەن ماقالەم بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق تەشەككۈرلار ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. تېلېفونلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار مېنى ھەم تەبرىكلەيتتى، ھەم ماڭا رەھمەت ئوقۇيتتى. مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئۇيغۇر ناخشىلىرى بىلەن ناخشىچىلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ـ باھالىرىمنى ماختايتتى. ئۇلارنىڭ تېلېفونلىرىدىكى مۇنداق ئۈچ جۈملە سۆز مېنى تېخىمۇ بەختىلىك قىلىۋەتتى:

ـ مۇھەممەتجان، ماقالىڭىزنى ئوقۇپ بولماي تۇرۇپ تېلېفون بېرىۋاتىمەن، چۈنكى سىز مېنى بەكمۇ ھاياجانغا سېلىۋەتتىڭىز. سىزگە ئاپىرىن!

ـ مۇھەممەتجىنىكا، تېلېفوندا سۆيۈپ قويغىلى بولسىتى، ياق دېگىنىڭىزگە قويماي، ئۆز سىڭىللىرىڭىز قاتارىدا سۆيۈپ قويغان بولاتتىم. ئاكا، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، سىز بىزگە كېرەك ئادەم.

ـ ھە، ئىلاھىم، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەيسىز! شېئىرلىرىڭىزلا ئەمەس، ئۆزىڭىزمۇ خەلققە مەنسۇپ. خەلق سىزدەك كىشىلەرنى بىز ئۈچۈن ياشاۋاتىدۇ، دەپ يۈرۈشمەكتە.

شۇ تاپتا، قايسىبىر يىلى خەققە ئۆزۈم قىلغان گەپلەرنىڭ بوگۈن ئايلىنىپ كېلىپ ئۆزۈمگە قىلىنىۋاتقىنىغا ھەيران ئىدىم. ئۇ مۇنداق ئىش ئىدى: بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى بورتالاغا بېرىپ ھەسەن ـ ھۆسەن ئىسىملىك قوشكېزەك سازەندىلەر بىلەن ئىككى سورۇندا بىللە بوپقالدىم. ئۇلار مۇزىكىدىكى پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن پۈتكۈل بورتالا ئۇيغۇرلىرىنىڭ غۇرۇرى، پەخرى بوپقالغانىدى. ئۇلارنىڭ سەنئەت ئىقتىدارىغا مەنمۇ ھەيران قالغانىدىم. شۇڭا بىر سورۇندا ئۇلارنىڭ كۆپرەك ئىچىپ قويۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم ـ دە، ئۇلارغا ھەم سۆيۈنۈپ، ھەم كۆيۈنۈپ تۇرۇپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويدۇم: «سىلەردەك بەھرى چەكسىز سەنئەتكارلار ئاخىرقى ھېسابتا خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ. دېمەك، سىلەرمۇ ئەمدى ئۆزۈڭلارغا تەئەللۇق ئەمەس، خەلققە تەئەللۇق. شۇڭا، ئىچىملىككە ئۆزۈڭلارنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنى ئاسرىشىڭلار كېرەك. سىلەر ئۆزۈڭلارنى خەلققە لازىملىق ئادەمسىلەر» دېگەنىدىم مەن. مانا بۈگۈن باشقىلارمۇ ماڭا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار ھەقلىق ئىدى. ئۇلار مېنى خەلق ئالدىدا ھەم بەختلىك، ھەم قەرزدارلىقمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

1992 ـ يىلى نىلقىلىق دېھقان مۇتەللىپ ئىسھاقنىڭ ماڭا بىر سوۋغىسى، بىر دانە قوغۇن ۋە بىر بوتۇلكا ھاراق سوۋغا قىلغانلىقى شۇ چاغدا «ئىلى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ئالىمجان ئېلىخاننىڭ قەلىمى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەۋەر قىلىنغانىدى. ئۇ كونا ئىش بوپقالدى. ئەمما مۇنداق غايىۋانە تەشەككۈر، تاتلىق تىلەك، ئالىيجاناب ئەقىدىلەرنىڭ يېڭى نەمۇنىلىرى ئۈزۈلمەي ئۇچۇپ تۇردى. بىر كۈنى جېلىليۈزىدە مېنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا ئولتۇرىدىغان ئىككىنچى قىزىم ئادىتى بويىچە مېنى يوقلاپ كەلگەندە بىر دانە زاغرا نانمۇ ئالغاچ كېپتۇ.

ـ مانا، دادا، قوشنىمىز زورەم ھەدەم تونۇگۈن زاغرا يېقىپتىكەن، ـ دېدى ئۇ زاغرىنى شىرەگە قويۇۋېتىپ، ـ ئەتىگەن بۇياققا ماڭغانلىقىمنى كۆرۈپ يولىدىشى سەيدۇلكام مۇشۇ زاغرىنى كۆتۈرگەنچە يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. نېمە بۇ؟ دېسەم: «مۇھەممەتجىنىكام دېھقانلارنى كۆپ يازىدۇ. بىزنى يەنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ زاغرىنى ئەۋەتكۈم كېلىۋالدى. سىلەر يېمىگەن بىلەن مۇھەممەتجىنىكام كەمبەغەلنىڭ نېنى چىشقا دورا، دەپ يەۋېرىدۇ، ئالغاچ كېتىڭلار»دېدى.

زاغرىنى قولۇمغا ئېلىپ شۇ ھامان كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتتى، باللىرىمغا چاندۇرمىدىم. سەيدۇل، زورەملەر قىزىمنىڭ قوشنىسى بولۇپ، شۇ مەھەللىدىكى نامراتلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇش ھەققىدە دائىم قىزىمغا تاپىلاپ تۇراتتىم. ئەتىمالىم بەزىلەر: «زاغرىمۇ ئۇخشاشلا نانغۇ؟ ھەتتا بەزىلەر ئەتەي كومىقوناق ئۇنىدا ئۇماچ چېلىپ ئىچىۋاتىدىغۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. «ئۇنىڭ يولى باشقا، ـ دېگەن بولاتتىم ئۇلارغا: سىزنىڭ دەۋاتقانلىرىڭىز ئاقنانغا تويۇپ بولغان، گۆش ـ ياغنى تولا يەپ سەمرىپ كەتكەنلەر؛ سەيدۇل، زورەملەر تېخى ئاقنانغىمۇ تويۇپ باقمىغانلار. بۇ ئىككىسى ئىككى باشقا تائىپە».

مەن سەيدۇل، زورەملەرنىڭ كۆڭلى تارتقان دوستى بولالىغانلىقىمدىن پەخىرلەنگەن ھالدا زاغرىنى ھۆزۈر بىلەن چايغا چىلاپ يەۋەتتىم. لېكىن ئۇلار قاچانمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەر، دېگەن غەم ـ غۇسسە كاللامنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى.

ھېكىم سەيپۇل، مەن بۇ يەردە ماڭا كېلىدىغان خوشۇسىي مەدھىيە خەتلىرى ۋە شېئىرلار ھەققىدە توختالمىدىم. ئۇلار تولۇپ تاشقان رىغبەت ۋە تىلەكلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان قولىيازمىلار ئىدى. ئۇلارنى بۇ خېتىمگە قىستۇرماي، كەلگۈسىدە مەندىن قالىدىغان ماتېرىياللارنى رەتلەيدىغان باللىرىمغا قالدۇردۇم. ئەمما مۇنۇ بىر ئىشنى دېمەي كەتكۈم يوق:

بۇ يىل فېۋرال ئاخىرلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيۈمگە ئون كىلولۇق سۇلياۋ تۇڭدا لىقمۇلىق سۈت كۆتۈرگەن ھالدا بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ 25 ياشنىڭ يۇقىرىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ،

www.uyghurkitap.com

ساقىسىز بولۇپ ياتقان كۆڭۈللىرىم ئىدى.

– مەن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا دېگەن يېزىسىدىن كەلدىم، ئىسمىم قەيسەر، – دېدى ئۇ سالام – سەھەتتىن كېيىن تونۇشلۇق بېرىپ، – ئۆزۈم ئورمان ئىدارىسىنىڭ تاغ پونكىتىدا ئىشلەيمەن. كىتابنى كۆپ ئوقۇيمەن، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز بىلەن ئۇزاقتىن ئەسرارمەن. سىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىردەم – يېرىمدەم سۆھبەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۇ يەردىمۇ كۆپ.

بىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. تۇرمۇشى ياخشى ئىكەن، قولىدا سەككىز – ئون باش سىيىرمۇ بار ئىكەن. لېكىن جانلىق مالنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەچكە بۇ يىل ساتالماپتۇ. نېمە ئالغاچ بارسام بولار، دەپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى «ئاق» بىلەن يوقلاشنى دۇرۇس كۆرۈپ، سۈت ئالغاچ كەلگەنىكەن. سۇ قوشۇۋېتىلگەن سۈت ئىچىپ بىزار بوپكەتكەچكە، بۇ سۇ قوشۇلمىغان جىلىك سۈتنى كۆرۈپ ئايالىم باشقىچىلا خۇش بوپكەتتى.

قەيسەرنىڭ كېلىش مەقسىتى بىرىنچىدىن مېنى يوقلاش بولسا، ئەڭ مۇھىمى ياز يورۇغاندا موڭغۇلكۈرەگە چىقىپ بەش – ئون كۈن تۇرۇپ كېلىشكە مېنى كۆندۈرۈش ئىكەن.

– سىز خەلقنى شۇنچە كۆيلەۋاتىسىز، بىز بىر نەچچە كۈن كۈتۈۋالمىساق قانداق بولىدۇ؟ – دېدى ئۇ قايتارىدا. مەن ماقۇل بولدۇم.

قەيسەر كەتكەندىن كېيىن ئايالىم ئىككىمىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنىڭ ئىجادىيەتتە خەلق (رېئاللىق) تىن ئېلىپ، خەلق (رېئاللىق) قە قايتۇرۇش يۆنىلىشىمنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولدى.

مېنى غەيرەت – جاسارەتكە، يەنىمۇ ئەھمىيەتلىك ياشاشقا ئۈندەۋاتقان ئاۋازلار يېشىم ئۇلغايغانچە كۆپىيىپ بارماقتا. بەزى ئىشلار ئارتۇقچە تۇيۇلماقتا. مېنى خىجالەت قىلماقتا. بۇ يىل 15 – مارتتا يەنە بىر قىزىق ئىش بولدى. غۇلجا شەھىرىدە ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى دىلمۇراد موللا ئابدۇللا باشلىق بىر تۈركۈم دائىمىي مەشرەپ ئەھلى بار ئىكەن. ئۇلار چىقتى – دە، مېنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ نەۋرۇزلۇق ئولتۇرۇشى ئىكەن. سورۇن ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. ھېسام ئاكا ئىشتىراك قىلغاندىن تاشقىرى شەمشىدىن تەمبۇرچى، نۇرمۇھەممەت روزى، ئابلىكىم قاتارلىق داڭلىق سازەندە – ناخشىچىلار ئۆزىنى ئېچىپ – يېيىۋەتكىدەك قىزىتتى. بىر پەس ناخشا – ساز، چاقچاقلاردىن كېيىن دىلمۇراد سۆز ئالدى – دە، «مۇھەممەتجىننىكا، سىز ئەل سۆيەر شائىرىمىز. تۆھپىڭىز، ئەجرىڭىز كۆپ. بىز سىزنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنى خۇدادىن تىلەپ تۇرۇپمۇ، بۇ يىل قىش يەنە ساقىسىز بوپقالغىنىڭىزنى ئۇقماي قاپتىمىز. ئەتىمالىم، ‹چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ› دېگەن شۇ بولسا كېرەك. ئۇققاندىن كېيىن كوللېكتىپ يوقلاپ چىقىمىز دېيىشىپ، تۆت قارا كۆزنى بىر يەرگە جەم قىلغۇچە يەنە كېچىكتۇق. شۇڭا ھەم سىزنى يوقلىغىنىمىز، ھەم نەۋرۇز بايرىمىڭىزنى تەبرىكلىگىنىمىز بولسۇن!» دېيىشكىلا، ياندىن يەنە ئىككى – ئۈچەيلەن تۇرۇشۇپ، ئۇلاش – چۇلاش ماڭا بىر سارجا پەلتو بىلەن بىر دوپپا كىيگۈزۈپ قويدى. ھەم خۇشال، ھەم خىجىل بوپكەتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى داستىخىنىمدىن بىرەر پىيالە چايمۇ ئىچىپ باققان ئەمەس. قولۇمدىن بىرەر تال تاماكىمۇ چېكىپ باقمىغانلار ئىدى. قەلبىم زىلزىلە ئىچىدە قالدى. ئەپسۇسكى، بۇ سورۇندا پەقەت بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلالمىدىم. ئەمما ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرىدىن يەنىمۇ ياشارغان ۋە كۈچ – قۇۋۋەتكە تولغاندەك بوپقالدىم.

بۇ يىلقى نەۋرۇز مېنى تېخىمۇ تەلەيلىك قىلىپ قويدى. 20 – مارت چۈشتىن بۇرۇن غۇلجا شەھەر قارادۆڭ يېزا رەھبەرلىكى كاتتا ئاممىۋى نەۋرۇز مەرىكىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، مېنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ دېھقانلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. مەن ئۇلارغا «سالام دېھقان، سالام سەھرالار» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۈزۈلمەس ئالقىش – چاۋاكلار ئىچىدە ئاياغلاشتۇردۇم.

ئۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىكى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن غۇلجا شەھەر «چولپان» رېستورانىدا ياش تىجارەتچى دېھقان تاشمۇھەممەت قۇرۋانجان ئۇيۇشتۇرغان 300 كىشىلىك نەۋرۇزلۇق سورۇندا 11 نەپەر تۆھپىكارنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتلانغانلىقى بولدى. مەن شۇ سورۇندىمۇ ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا تۇنجى بولۇپ ئىسمى چىققان تۆھپىكار بولدۇم. ئۇلارمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش ماڭا بېرىلىدىغان تەبرىكلەرنىڭ بېشىغا «ئەل سۆيەر شائىر» دېگەن سۈپەتنى ئالغاندى. ماڭا ئەسلىدە نەچچە يىلدىن بېرى تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ تەرىپىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك مۇكاپات ئىدى. ئۇ، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇۋاتقانلىقىمنىڭ دەلىلى ئىدى. ھېكىم ئەپەندى، بۇ ھەرگىز ماختانغانلىقىم ئەمەس!

خۇدا كىشىگە كىشىنى ياخشى كۆرسىتىپ قويسا ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ بار بىزدە. بۇنى بەزىدە مەنمۇ ئاشۇنداق ئويلاپ قالىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ھامان بىرەر ئەزگۈلۈكنى سەۋەب قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىر ئادەمنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن تەقدىرداشلىق تارىخى قانچە ئۇزاق بولسا، ئۇنىڭ قەۋم ۋە ئىخلاسمەنلىرى شۇنچە كۆپ بولىدىكەن. مېنىڭ «قىيامەتتىن قايتىپ كەلگەچە» دېگەن ئەسلىمەمنىڭ ئامما بىلەن ئۇچرىشىشى، يۇقىرىقىدەك سالاھىيىتىمنى شېئىرلىرىم بىلەن قوشۇپ تېخىمۇ تولۇقلىۋەتتى ھەمدە قوللىغۇچىلىرىمنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى. (ئەپسۇسكى، ئۇلار «تەستە ئۆتكەن توققۇز يېرىم يىل» سەرلەۋھىلىك ھېلىغىچە نەشر قىلدۇرالمايۋاتقان يەنە بىر ئەسلىمەمنى كۆرگەن بولسا، مېنىڭ ئۇزاق يىل دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشمەي قېقىندى – سوققۇندى بولۇپ، ياش ئۆمرىنى «زايە» قىلىۋەتكەن بىتەلەي بىر نەرسە ئىكەنلىكىمنى تېخىمۇ بىلىپ قالاتتى). ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بولىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، مەن بىلەن ئىزدىشىدىغانلار ئادەتتىكى خىزمەتداش، ئەدىب ۋە ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلاردىن ھالقىپ دېھقانلارغىچە كېڭىيىپ كەتتى. غۇلجا شەھىرىنىڭ باياندايى بازىرى (يېزىسى) دىن ئوبۇلقاسىم ئىسىملىك بىر دېھقان ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇدا تېلېفون بېرىپ، مەندىن ھال – ئەھۋال سوراپ كەلمەكتە. بىر ئاددىي دېھقاننىڭ ماڭا تەلپۈنگەن يۈرىكىنى ئاددىي چاغلاش مۇمكىنمۇ؟

يەنە بىر ئارمانلىق ئىش: بۇلتۇر 25 – مارتتا ماڭا تۇرپاندىن توختىھاجى ئىسىملىك بىر دېھقان تېلېفون قىلىپ قالدى. ئۇ، قوغۇن تىجارىتى قىلىپ تاپقان پۇلىدىن ئاز – تولا خەجلەپ، مېنى تۇرپانغا ئاپىرىپ دېھقانلارغا نەۋرۇز مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى ئىكەن. بىراق مەن ئۈرۈمچىگە نەۋرۇز پائالىيىتىگە كېتىپ قالغىنىم ئۈچۈن

ئارماندا قاپتۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ سىلىنى بىر ئېلىپ كەلسەم، كۆپكە قىلغان لەۋزىم لەۋزە بوپقالسا، مەشەدە ئۆز ئېغىزلىرىدىن بىر نەچچە شېئىرلىرىنى ئاڭلىساق، — دېدى ئۇ تېلېفوندا، — «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەندەك، مۇشۇ 3 - ئاينىڭ ھەممىسى نەۋرۇزغۇ؟

لېكىن مەن سالامەتلىكىمنىڭ ناچار، يەسلىنىڭ ئەپسىزلىكىنى سەۋەب قىلىپ، توختىھاجىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىيالمىدىم، ئۇ تەستە قايىل بولدى. جۈملىدىن، 10 - ئىيۇندىن باشلاپ غۇلجىغا ئون تونىلىق چوڭ ماشىنىسى بىلەن قوغۇن توشۇپ، يازدىن كۈزگىچە ھەر قېتىم مېنى بىر تاغار تاتلىق قوغۇن بىلەن يوقلاپ تۇردى.

— شېئىرلىرى تېخىمۇ تاتلىق بوپكەتسۇن، — دەيتتى ئۇ ساددا تەلەپپۇزىدا، — سىلىنىڭ بىز دېھقانلار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى ئالدىدا بىزنىڭ بۇ قوغۇنلىرىمىز ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ... ئاخىرى سىلىنى بىزنىڭ تۇرپانغا بىر ئاپارماي قويمايمەن.

بۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئەقىدىسىنى قەدىرلىمەي بولامدۇ؟ ئۇلارنى ئۇنتۇش تۇزكورلۇق ئەمەسمۇ؟ بىز شۇنىڭدىن كېيىن كونا تونۇشلاردەك بوپكەتتۇق.

ھېكىم ئەپەندى، مەن يۇقىرىقىدەك ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغ ئەقىدىلىرىدىن ئۆزۈم كۆرگەن ياخشىلىقلارنىڭ بىر نەچچىسىنى بۇ خېتىمگە يازماي ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇلاردىن پىچان ناھىيە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ دوختۇرى ئابدۇلھەيىنىڭ دادىسى مۇھەممەتنىياز بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «ئىللىق دۇنيا» مېيىپلەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئادىل مايىلنى ئۇنتۇپ قېلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇھەممەتنىياز 1998 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە ئۈچ يىل ھەر يازلىقى (ئاغرىق مەزگىللىرىمدە) ئۆز ئۆيىدە كۈتۈۋالغاندىن تاشقىرى، ھەر كۈنى بەزىدە يېتىلەپ، بەزىدە ھاپاش قىلىپ قۇمغا ئەپچىقىپ، چۈشۈرۈپ تۇردى. مەن ئۇ كىشىنى ھېلىغىچە غۇلجىغا ئەكېلەلمەيۋاتىمەن. ئادىل مايىل ھەر قېتىم ئۆمەكنى ئىلىغا ئەكەلگەندە مېنى ئالاھىدە يوقلاپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، مەن ئۇلارغا ھېلىغىچە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ناخشا تېكىستلىرى يېزىپ بېرەلمەيۋاتىمەن. قايسىبىر غەزىلىمدە: «كىشى كۆڭلىنى ئەزىز ئەتكەن ئەزىزدۇر ئىككى دۇنيالىق، مېنى گەر كىم ئەزىز ئەتسە، شۇنىڭ چىن دىلبىرىدۇرمەن» دەپ يازغىنىم بىلەن شۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايۋاتىمەن.

يۇقىرىقىدەك ياخشى كۆڭۈللەر ھېلىغىچە مېنى ئىزدەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇلتۇر 7 - ، 8 - ئايلاردا غۇلجا شەھىرىدىكى تىجارەتچى تاشپولات تۇردى ئۆزىنىڭ شەخسىي پىكاپ، خۇسۇسىي چىقىمى بىلەن مېنى خىزىر ئەسەم، ئابلەت قادىر قاتارلىق ھەمراھلىرىم بىلەن قوشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەلەمداشلىرىم بىلەن مۇڭداشتۇرۇپ كەلدى. قەدىمىي كورلا، كۇچا، كەلپىن، مارالبېشى، ئاتۇش، قەشقەر، گۇما، خوتەنلەرگىچە يەتتى. ھەممىلا يەردە سېغىنىشلىق دىدارلىشىشلار بولدى. مارالبېشىدا بىر دېھقانىنىڭكىدە قوندۇم. گۇما ناھىيىسىدە بىر ئاخشام ياش ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. خوتەندە ئۇنتۇلماس خەلق شائىرى مەرھۇم روزى سايىتنىڭ قەبرىسىنى نۇرمۇھەممەت توختى، ئابدۇللا سۇلايمان، مەتقاسىم ئابدۇرەھمان قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلار بىلەن سۈزۈك بىر سەھەردە زىيارەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. مەرھۇمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا شېئىر ئوقۇدۇم، ئوغلى تېيىپجان بىلەن سىنئالغۇغا چۈشتۇم (تېيىپجان ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈۋاتقانىكەن). ئائىلىسىگە بېرىپ خەتمە قۇرئان قىلىپ قايتتىم. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك سەپەر ۋە زىيارەت ئىدى. بىز ئەزىزلىنىمەكتە ئىدۇق.

تاشپولاتنىڭ ماڭا خەجلىگىنى بىر يەردىن كولىۋالغان پۇل ئەمەس، تەستە تاپقان پۇل. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىر خەلق شائىرى ئۈچۈن ئۇنى ئايىماي خەجلىشىدە خەلق قەلەمكەشلىرىنى قەدىرلەشتىن باشقا يەنە نېمە شەخسىي مۇددىئا بولسۇن، دەيسىز؟ ئۇ يەنە بۇ يىل 15 - ئىيۇندا تۇغۇلغانلىقىمنىڭ 65 يىللىقىنى خاتىرىلەپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن تېخى ئالدىنقى يىلىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىمنى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مەن بۇ يىلقىسىنى لايىق كۆرمىدىم. ئۇنىڭسىزمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ماڭا يېتىپ ئاشاتتى. بالىلىرىممۇ «ماقۇل» دەپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ: «بولدى قىل، بىلسەڭ، ئاۋۋال پۇل تېجەپ، قەدىرىڭنى قىلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە ئۆزۈڭ بىر داستىخان سالىدىغان يولۇڭ بار، ‹ماقۇل› دەۋەرسەڭ، خەقمۇ سېنى ‹ئال›نىلا ئوقۇپ، ‹بەر›نى ئوقۇمىغان ئادەم ئىكەن، دەپقالامدۇ؟» دېيىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭمۇ توغرا ئىدى.

ھېكىم سەيپۇل، خېتىمنى قىسقا يازىمەن دەپ تۇرۇپ، ئۇزۇن يېزىۋەتتىم. خېتىم مەشەگە كەلگەندە سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى دەل سىزگە جاۋاب خەت يازىدىغان چاغدا، بۇ خەتنى ئومۇم خاراكتېرلىك، گېزىت - ژۇرناللار (لايىق بولسا)دا ئېلان قىلغىدەك بىر رەھمەتنامىگە ئايلاندۇرغۇم كەپقالدى. مۇشۇ ئارقىلىق مەن پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلىرىم (ئوقۇرمەنلىرىم)غا تەشەككۈر ئېيتىۋالماقچىمەن. دېمەك، بۇ ئالدى بىلەن خېتىڭىزنىڭ خاسىيىتىگە تەئەللۇق.


خەلقىمىز ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بەرمەكتە. مەن كۈن بويى يازماقتىمەن. دوستلىرىم ئېيتقاندەك، مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ئەمەس، خەلققە تەئەللۇق ئادەم بوپقالدىم. مەن يامان يىللاردا 15 يىل ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكىنىمدە (شائىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ناھەق قارىلىنىپ 15 يىل تۈرمە ئازابىنى تارتقانىدى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)، ئۇلار (خوپ بولدى! دېگەنلەرنىڭ قارشىسىدا) مەن ئۈچۈن ئېچىنغان، ئاھ ئۇرغانىدى. مەن ئاقلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۇلار خۇشال بولۇشتى. مەن قەلەمنى يېڭىۋاشتىن قولۇمغا ئالغاندىن بۇيان ئىزچىل شۇلار ئۈچۈن يېزىپ كەلدىم. شۇلارنىڭ دەردىنى بايان قىلىپ، خۇشاللىقلىرىغا چاۋاك چالدىم، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى كۈيلىدىم، ھال - كۈنىنىڭ پاتراق ياخشىلىنىپ كېتىشىنى ئارمان قىلدىم. مەن يەنىلا شۇلار ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن. ھەر دائىم ئۇلار ئۈستۈمدە قاراپ تۇرۇپ، قەلىمىمنى ئىشقا سېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن ئاۋازىم ھەممەيلەنگە يەتكۈدەك ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىلەر ئۈچۈنلا يازىمەن! دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا سىزمۇ بار، ئەلۋەتتە.

سىزگە خاتىرجەملىك ۋە بەخت - سائادەت تىلەيمەن!

**مۇھەممەتجان راشىدىن**

2005 - يىل 15 - ئاپرېل، غۇلجا - جېلىلىيۈزى

www.uyghurkitap.com



# «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

## سالاھىيەت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى

*جۇڭگولۇقلار باشقىلارنى «جاڭ ئىدارە باشلىقى، ۋاڭ مۇدىر...» دېگەندەك مەنسىپى بىلەن ئاتاشقا ئامراق. بەزىلەر بۇنداق ئادەتنى تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئاقمىدى. چۈنكى بۇنداق ئاتاشقا سالاھىيەتنىكى پەرقلەر سىڭگەن ھەمدە ئۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.*

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، جۇڭگو جەمئىيىتى پەرقلىق دەرىجە قۇرۇلمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان چوڭ ئورۇقداشلىق سىستېمىسىدۇر. ھەر بىر ئادەم ۋە ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئاشۇ ئورۇقداشلىق تەبىقىسى تەرتىپىدە بەلگىلىك ئورنى بولىدۇ.

كۆلكىلىك يېرى شۇكى، بۇ ئورۇن پەرقى ھەر بىر ئادەم ۋە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. مەسىلەن، قەدىمكى دەۋرلەردە سودىگەر ـ بايلار، ئاقسۆڭەك ـ تۆرىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئىزچىل تۆۋەن بوپكەلگەنىدى. (بۇ ھازىرقى يەككە تىجارەتچىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ). جۇڭگودا سودا كاپىتالىنىڭ كاپىتالىزمغا بىۋاستە ۋە مۇستەقىل تەرەققىي قىلالمىغانلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندە، كۆزىمىزگە دائىم چېلىقىپ تۇرۇدىغان بەزى ھادىسىلەرنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولىدۇ. تارىختىن قارىغاندا، جۇڭگودىكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەر بىر خىل پىرامىدانى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، پادىشاھ ـ دۆلەتنىڭ ئاتىسى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئاۋام پۇقرالارنىڭ تاغىسى، كىچىك ئاتىسى. ئۇنى تەتۈرسىگە ياندۇرساق، ئاۋام ـ پۇقرالار ئۇلارنىڭ بالىلىرى، خالاس! دېمەك بىزدە سىياسىي مۇناسىۋەت بىر خىل ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ھەتتا ئالقانچىلىك بىرەر ناھىيىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. چۈنكى ناھىيە ئاشۇ خىل ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۆلەڭگۈسى. قائىدە بويىچە ئامبال بىلەن بىز بىر خىل سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز كېرەكتە! بىراق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇنى «بېگىم»، ھەتتا «دوتەي بېگىم» دەپ ئاتايمىز. دوتەي بېگىم دېگەن نېمە؟ چۈنكى «بېگىم، بىز ئۆزلىرىنىڭ بالىسى» دېگەنلىك. دورغىنى ھەممە بىلىدۇ. مەنسەپدار بولغانلارنىڭ ھەممىسى دورغىلارنى بېگىم دەپ چاقىراتتى. بۇ دەل ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈدىغان ئاتاقنى سىياسىي ئاتاققا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئۇنى دورغا دەپ، ياكى ئۇنىڭ مەنسىپىنى قوشۇپ ئاتساق بولماسمۇ؟ ياق! ئۇنى چوقۇم بېگىم ياكى تۆرەم دەپ ئاتاش لازىم. بۇ

### تاغدىن ـ باغدىن

ھال چىلىك خانىدانلىقىدىن تارتىپ مىڭگو دەۋرىگىچە خېلى ئەۋج ئالـ
دى،

يۇقىرىلار بىرەر چېرىكنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا
لاۋ (老 ـ كونا، پېشقەدەم، ھۆرمەت ساھىبى، مەرتىۋىلىك) خېتىنى
قوشۇپ «لاۋزۇڭ»دەپ ئاتايدۇ. «لاۋ» دېگەن سۆز زادى نېمىنى
چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ئاشۇ چېرىكنىڭ نەسەبىنى بىر دەرىجە يۇقىرى
كۆتۈرگەنلىك. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ دەل جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى. جۇڭگو مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق بىر خىل ئۇرۇقداشلىق ۋە
نەسەب مۇناسىۋىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورنىڭىز
ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى نەسەب سالاھىيىتىڭىزگە قاراپ بېكى-
تىلىدۇ. بىز ھازىر كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا سوتسىيالىستىك
جەمئىيەتكە خاس يېڭى بىر مۇناسىۋەتنى تۇرغۇزۇپ بولدۇق. ئەپ-
سۇس، بۇ خىل يېڭى مۇناسىۋەت تۇرمۇشىمىزدا پەقەت ئىككىنچى بىر
قۇتۇپ بوپقالدى. بايا مەن ئېيتقان سىياسىي مۇناسىۋەت بولسا ئۇنىڭ
بىر قۇتۇپى. ئويلاپ بېقىڭا، ئىشقىلىپ بىر يەرگە كىرسىڭىز،ئۆزىڭىز-
دىن چوڭلارنى نېمە دەپ ئاتايسىز؟ تاغا، ھاما، كىچىك دادا دەپ
ئاتايدىغانسىز؟ بۇنداق ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ياتـ
مىغان ئاتاقنى غەربتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار خىزمەت
ئۈستىدە ھەتتا دادىسى بولسىمۇ ئۇنى «جون» ياكى باشقا بىر نېمە
دەپ ئاتايدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ياتمىغان ئاتاقنى ھەرگىز
سۆرەپ ئەكىرمەيدۇ. بىزدە بۇنىڭ ئەكسىچە. بۇ خىل تۇغقاندارچىلىققا
ياتىدىغان ئاتاق ھەممە ئىشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. قىزىق ئىش، گې-
زىتلەردىكى نۇرغۇن ماقالىدە شۇنداق دەپ يازدى: «ھازىر كىشى-
لەرنىڭ بىر - بىرىنى يولداش دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلىماس بوپكەت-
تۇق. بىر - بىرىنى ئۇستام، دەپلا ئاتايدۇ. مەسىلەن، بېيجىڭ ۋوگزا-
لىدا سىرتتىن كەلگەن بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇ سىزنى ‹-
ئاكا، بۇرادەر، يەڭگە›دەپ چاقىرىدۇ. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك
جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە نېمانچە يات - ھە!» ئەمما
بۇنداق ماقالىلەرنى يازغانلار جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگولۇقلارنى
قىلچە چۈشەنمەيدىكەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزىچە بىر خىل غايىۋىلاشقان،
ئۇقۇملاشقان رامكىلارنى جۇڭگوغا تاڭماقچى بوپتۇ.

بىراق سىز نېمىشقا ئەكسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىپ باقمايسىز؟
جۇڭگولۇقلار ھازىر نېمىشقا «يولداش» دېگەننى چۆرۈۋەتتى؟ بۇ
دەل ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەپ، ئۆزئارا ئىشپەش تارتىش ئۈچۈندۇر.
نام ياكى ئاتاق ئۇ بىر بەلگە ۋە ئىما. كىشىلەر بۇ خىل بەلگە ۋە ئىما
ئارقىلىق مۇنداق ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: بۇنىڭ بىرى، مەن
سىزنى ئۇستام دەپ ئاتىسام، بۇ نەسەب جەھەتتىن سىزدىن تۆۋەن
تۇرۇمەن، دېگەنلىك. سىزچۇ؟ ئۆزۈمنىڭ سىزدىن تۆۋەن تۇرۇدىغان-
لىقىمنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمنى بىلدىڭىز، ئەمدى كۆپرەك ئاتىدارچىلىق
قىلىپ يول كۆرسىتەرسىز؟ مەن سىرتتىن بېيجىڭغا ئەمدىلا كەلگەن ئا-
دەمغۇ «تاغا»! بىرىنچىدىن، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن
ئەمەس، بەلكى ئۇرۇق - تۇغقان ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. بىز
باشقىلارغا قارىغاندا بىر - بىرىمىزگە يېقىن - دە، شۇنداقمۇ؟ ئەمەلـ
يەتتە بۇ مەنىنى ئۇلار يوشۇرۇن ئېڭىدا تېخى تولۇق تونۇپ يېتەلمە-
دى. ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ باقسىچۇ؟ ئۇنداقتا بۇ نۇقتىنى ئەلۋەتتە
چۈشىنىدۇ. بولمىسا نېمىشقا سىزنىڭ «يولداش» دەپ ئاتاشقا تىلىڭىز
بارمايدۇ؟ دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى
باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، بىز دېگەن ئۇرۇق - تۇغقان - دە! يەنە بە-
رى، مەن سىزنى تاغا دەپ ئاتىدىم. چۈنكى سىز نەسەب جەھەتتىن
مەندىن ئۈستۈنرەك تۇرىسىز؛ مەن سىزدىن بىر دەرىجە پەس تۇرۇ-
مەن؛ سىز مەندىن قابىلىيەتلىك؛ ئىشقىلىپ، ھەر قانداق ئىشتا سىزگە
خوش، دەپ قول قوشتۇرۇمەن. ئەمدى بەزى جەھەتلەردىن ئاتىدار-
چىلىق قىلىش سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز بولار؟ دېمەك، بىزدىكى ئا-
شۇنداق نام ۋە ئاتاقنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قۇرۇلمىسى دەل مۇشۇ.
مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەردە مۇنداق ئىككى خىل سېمانتىكا ۋە ئىككى
خىل شىفىر (بەلگە)بار. شۇنداق قىلغاندا ئىش بېجىرمەك ئاسانراق
بولامدۇ - قانداق؟ جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىشنى مۇشۇ يول بىلەن بې-
جىرىش ئاسانراق. بۇ دېگەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى،
خالاس. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي سوبىستان-
سىيىسىدە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى باشتىن - ئاياغ جۇڭ-
گولۇقلارنىڭ قىممەت ئېڭى، جەمئىيەت ئېڭىنىڭ بىرىنچى سۇبيېكتى،
دەپ قارىلىدۇ. ئاندىن باشقىلارغا بولغان پوزىتسىيە يېقىن ياكى يى-
راقلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە «ئارقا ئى-
شىك»تىن مېڭىش، ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەش ۋە مۇناسىۋەت قوغلى-
شىش خاھىشلىرى زادى نېمە ئۈچۈن ئەۋج ئېلىپ كەتتى؟ دەل يۇقى-
رىقى سەۋەبتىندۇر. مۇشۇ نۇقتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسىڭىزلا، پەقەت
جۇڭگودىلا يۈز بېرىدىغان نۇرغۇن خاھىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلە-
لايسىز. مۇبادا ئۇنى تەھلىل قىلمىسىڭىز، تەكرار ئويلىمىسىڭىز،
نۇرغۇن غەيرىي ئىشنى «نورمال» دەپ چۈشىنىپ كېتىۋېرىسىز. پەقەت
دوپپىڭىزنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ قويۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۇنى
غەربلىكلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسە-
ڭىزلا، ئۇنىڭ دەل جۇڭگولۇقلارچە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. يە-
بىرمىسالنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»
ھەممەيلەن كۆرگەن. بۇ «قىسسە»دىكى مۇناسىۋەت ئەسلىدە لىيۇبېي
گۇەن يۈ ۋە جاڭ فېي قاتارلىق ئۈچەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي
مۇناسىۋەت، يەنى پادىشاھ ۋە ۋەزىرلىك مۇناسىۋىتىلا ئىدى. ئەمەلـ
يەتتە قانداق بولدى؟ ئۇلار قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشتى. ئۇلار
نېمە ئۈچۈن شۇنداق مۇناسىۋەت ئورناتتى؟ ئۇلار پەقەت ئۇرۇقداش-
لىقنىڭ ئۈستىگە قېرىنداشلىقنى قوشقاندىلا ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇناسە-
ۋىتى ھېلىقىدەك سىياسىي مۇناسىۋەتكە قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك
بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ساداقەت، ئەھدى دېگەن-
لەرگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ شۇنداق قىلدى. ساۋساۋ
كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ مۇنداق مۇناسىۋەت ئورناتمىدى. ئۈچ پادى-
شاھلىقتىكى ئۈچ تەرەپ ئىچىدە لىيۇبېينىڭ سىياسىي كۈچى ئەڭ ئاجىز
بولغاچقا، ئۇ دەل ئاشۇنداق ئاغا - ئىنىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ رىشتىسى
ئارقىلىق گۇەن يۈ بىلەن جاڭ فېيدىن ھىمات تاپماقچى بولدى. بۇ
خىل ئەھۋال جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئازمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. جۇڭگودا
ئۆتكەن ھەرقايسى سۇلالىلەردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدىن تارتىپ
تاكى جۇڭگودىكى بيۇروكراتلار بىلەن ئۇلارنىڭ بېقىندىلىرى ئارىسى-
دىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن قول بېرىپ ئاغا - ئىنى بولۇش-
قان ياكى ئاتا - بالا بولۇشقانلارنى ساماندەك ئۇچرىتىمىز. مىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جاڭ شى-
يەنجۇڭ ئىسىملىك بىر سەركەردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۇتۇق بالىلىرى ئىدى. لى زىچىڭ بىلەن
خۇاڭ يۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە - سەرۋازلىرىمۇ ئۇلارنىڭ
تۇتۇق بالىلىرى ئىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلار دېھقانلار

www.uygurkitap.com

قوزغىلىڭى كۆتۈرمەكچى. شۇڭا بۇنداق قوشۇننى ئۇيۇلتاشتەك بىخەتەر، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار پەقەت تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولسىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ئىشەنچلىك، پۇختا بولغان بولىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا بۇ خىل ئەھۋال ھازىر يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، شۇ پېتى بار. مەن ئوقۇرمەنلەرگە «خەلق گېزىتى»تىلغا ئالغان مۇنداق ئىككى مىسالنى دەپ بېرەي. بىرىنچى، «خەلق گېزىتى»نىڭ بىر پارچە تەنقىد ماقالىسىدا، بەزى جايلاردا يېقىندىن بۇيان «قىيامەتلىك تۇغقان» بولۇشۇش ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقى بايان قىلىندى. «قىيامەتلىك تۇغقان» بولۇش دېگەن نېمە؟ بۇنىڭدا، ئىككى ئائىلىنىڭ ئوغۇل، قىزى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەلۇم بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئىككى مەرھۇمنى غايىۋى تېپىشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاتاپ نۇرغۇن قەغەز كۆيدۈرۈپ، ئۇلارنى خۇددى ھايات ئادەملەردەك بىر مەھەل مۇھەببەتلەشتۈرىدۇ، ئاندىن مەلۇم كۈننى بېكىتىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە تويلۇق ئاپىرىپ بۇ ئىككى ئەرۋاھنىڭ توينى قىلىدۇ. گېزىتتە دېيىلىشىچە، «توي»بولغان كۈنى كىشىلەر ئاشۇ تويغا ئاتاپ داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، قەغەز تېلېۋىزور ياكى راست تېلېۋىزورنى كۆيدۈرۈپ، توينى راسا قىزىتىشقان. بۇ ئىش مۇبادا ئامېرىكىدا بولغان بولسا، كىشىلەر: «بۇ، زادى نېمە ئىشتۇ؟ ئەرۋاھلارنىڭ توينى قىلىدىغانغا بۇلار راستىنلا ئېلىشىپ قالغان خەقمۇ قانداق؟» دەپ ھەيران قالغان بولاتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان يەنە مۇنداق بىر ئىشمۇ بوپتۇ. قورساقتىكى بالا تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا، ئىككى ئائىلە ئاشۇ ھامىلىلەرنىڭ بېشىنى ئۆزئارا چېتىپ چاي ئىچۈزۈپ قويىدىكەن. بۇ، تۇغۇلمىغان بالىنىڭ توينى قىلىش، دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنى ئىككى ئائىلە مېنىڭ ئايالىم ئوغۇل تۇغىدۇ، سېنىڭ ئايالىڭ قىز تۇغىدۇ، ئىككى ئائىلە قۇدا بولىمىز، دېيىشىپ 20 يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشنى ئالدىن بېكىتىپ قويىدىكەن. بۇنى زادى نېمە دەپ چۈشەنسەك بولار؟ بەزىلەر بۇنى فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ قايتا تىرىلىشى، دەپ ئىزاھلاپ باقتى. لېكىن ئۇ پەقەت يۈزەكى ئېنىقلىما، خالاس. سەن بۈگۈن ئاز ـ تولا كايىغىنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەتە يەنە ئۆزىنىڭ كونا مۇقامىنى توۋلاۋېرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قۇرۇلمىسى بىلەن، شۇنداقلا رېئال تۇرمۇشتىكى مەنپەئەت تومۇرىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەتمىش، خالاس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئائىلە ئۆزئارا باشقىلاردىن ئەۋزەل تۇرۇۋدىغان، تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ ئىشەنچلىك بىر خىل مۇناسىۋەتنى، يەنى بىر خىل ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايقاپ شۇنداق قىلىشتى. بۇ ھەم سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەت بولۇشىمۇ، ھەم بىر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ مۇددىئالارنىڭ ھەممىسى دەل بىر خىل تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇشۇنداق مۇددىئا ۋەجىدىن ئۇلار تۇغۇلمىغان بالىلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇشتى. دېمەك بۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

ئەمدى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئەت قارىشىغا نەزەر سېلىپ باقايلى. جۇڭگولۇقلار مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى سىياسىيلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يەنە تەبىئەتكە ئاپىرىپ باغلايدۇ. بۇ ھال غەربتە مۇتلەق مەۋجۇد ئەمەس. غەربلىكلەرنى پەرۋەردىگارغا ئىشىنىدۇ، دەپ قارىساقمۇ، لېكىن ئېيسا مۇرتلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئۆزىنى پەرۋەردىگارنىڭ پۇشتى، پەرۋەردىگار ۋە ئېيسا بىلەن قانداشلىقىم بار، دەپ قارىمايدۇ. ئەكسىچە، خىرىستىئان دىنىدا، ئېيسا بىلەن بىر خىل ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتتە بولغىن ـ بولمىغىن، ئۇنىڭغا ئىشەنسەڭلا بۇ دىنغا كىرگەن ۋە بۇ دىننىڭ مۇخلىسلىرىدىن بولغان بولىسەن، دەپ تەكىتلىنىدۇ. بىراق جۇڭگودا ئۇنداق ئەمەس. جۇڭگونىڭ بارلىق دىنلىرىدىكى ئاللىقانداق ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن بىر خىل ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئۇلار مېنىڭ بوۋام، مومام، تاغام، ئەڭ بولمىغاندا كىچىك دادام. شۇڭا، جۇڭگونىڭ دىنلىرىدا جەمەت يەكلىمچىلىكى ئەكس ئېتىدۇ.

جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋە ئەدلىيە تۈزۈلمىسىمۇ غەربنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. جۈملىدىن، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن ئېڭىمىزدا يۈز ـ خاتىرە قىلماسلىق پرىنسىپى بولمايدۇ. جۇڭگو سوتچىلىرىنىڭ ئالدى بىلەن نەزەرگە ئالىدىغىنى يول ۋە ئەقىل. يول ۋە ئەقىل دېگىنى نېمىسى ئەمدى؟ ئۇ، بىرەر ئىشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ شەكلەن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز بولغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئادەمگەرچىلىكنىمۇ نەزەرگە ئالىمىز، دېگىنى. غەرب جەمئىيىتىدە توختامغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىدۇ. ئادەتتە دېلو بېجىرىشتىمۇ ئاشۇنداق. مەسىلەن، ئەقىل ۋە ئىدراك نۇقتىسىدىن بىرەر ئادەمنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن قانۇني ئاساس، شاھىد ۋە ماددىي ئىسپات دېگەنلەر يېتەرلىك بولمىسا، سوتچى پەقەت قانۇننىڭ شەكلەن ماددىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۇنى گۇناھسىز، دەپ قويۇۋەتسە بولۇۋېرىدۇ. بۇ قانۇن تورىنى بەك چىڭ دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا گۇناھسىز ئادەمگە گۇناھ ئارتىپ، ئۇۋال قىلىپ قويۇشتىن تامامەن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەنى بۇ «مىڭ خاتا قويۇپ بېرىلسە بېرىلسۇنكى، بىرىمۇ خاتا ئۆلتۈرۈلۈپ قالمىسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. بىراق، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنلىرىدا بولسا، ئەكسىچە قاتتىق بولسا بولسۇنكى، قىلچىمۇ كەڭچىلىك قىلماسلىق، «ئۈچ مىڭ خاتا ئۆلتۈرۈلسە ئۆلتۈرۈلسۇنكى، بىرىنىمۇ تورىدىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق» دېگەن ئىدىيە تەكىتلەنگەن. جۇڭگو سوتچىلىرى قانۇن ماددىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئانچە ئۇچراپ كەتمىگەن. جۈملىدىن، بەزىدە دەلىل ـ ئىسپات تولۇق بولمىسىمۇ ھۆكۈم چىقىرىۋەرگەن. شەكلەن پۈتۈمدە چىڭ تۇرۇشنى رەت قىلىدىغان بۇ خىل ئىستىل، بىزنىڭ پەلسەپىدە سۆز بىلەن ئۇقۇمنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان«دىئالېكتىكا»غا ئامراقلىقىمىزنى، ئەكسىچە، تىلنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىدىغان سېمانتىكىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگو جەمئىيىتى سالاھىيەت جەمئىيىتى بولۇپ، سالاھىيىتى ئوخشاش بولمىغانلارغا تەتبىقلىنىدىغان قانۇن ماددىلىرىمۇ پەرقلەنگەنلىكتىن، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر بولمىغان. چىن سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا ئاقسۆڭەكلەرنى جازالاش بەلگىلىمىسى بار ئىدى. بۇ ھازىرقى قانۇني جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئوغلىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈشى بىلەن دادىسىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشى ئوخشاشلا قاتىللىق بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ قەدىمكى قانۇنىدا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئوخشىمايدۇ. يەنى دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا بېرىلگەن جازا، ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا بېرىلگەن جازادىن

ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوغۇلغا ئادەتتىكى قاتىللىق جىنايىتىدىن
باشقا يەنە قارايۈزلۈك، ۋاپاسىزلىق جىنايىتى قوشۇلغان بولىدۇ. مانا
بۇ، جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدۇر.

غەرب قانۇنىدا «سالاھىيەت» مەسىلىسى ئۇنچىۋالا نەزەرگە
ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. مەيلى سەن رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ)، باش
مىنىستىر (زۇڭلى)، ۋەزىر (مىنىستىر) بوپكەتسەڭمۇ، قانۇنغا خى-
لاپلىق قىلىدىكەنمۇ، بولدى، ئەدلىيىنىڭ كۆزى شۇ ھامان ساڭا تىكى-
لىدۇ ـ دە، سېنى ماۋۇ رەئىس جۇمھۇركەنغۇ، دەپ قىلچە يۈز ـ
خاتىر قىلمايدۇ. شۇڭا، (ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى) نىكسوننى
تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلغان «يورۇق بىنا» ۋەقەسىگە
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. (ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇ-
رى) رېگاننى قەستلىگەن قاتىلنى مىسالغا ئالايلى، ناۋادا ئۇ ئادەم
جۇڭگودا بوپقالغان بولسا، ئۇنىڭغا قاتىللىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش جى-
نايىتىدىن باشقا يەنە جامائەتنىڭ بېشى، دۆلەت ئاتىسىنى ئۆلتۈ-
رۈشكە ئۇرۇنۇش جىنايىتى ئارتىلىپ، نېمىلا قىلمايلى ئۇنىڭغا قەتئىي
كەڭچىلىك قىلغىلى بولمايتتى. بىراق، ئامېرىكىلىقلار ئۇنى ئېلىشىپ
قالغان، دەپ جىنايى جاۋابكارلىققا تارتمىدى. بۇنى بىز جۇڭگولۇق-
لار ئەلۋەتتە ئەقلىمىزگە سىغدۇرالمايمىز. چۈنكى داھىي دېگەن
سىياسىي رەھبەرلا ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ ئاتىسى، شۇڭا ئۇنىڭغا
شىلتىڭ ئېتىش كەچۈرگۈسىز گۇناھ ـ تە!

بىرەرسى مەنسەپكە ئولتۇرسا، يېشىنىڭ قانچىلىك كىچىك بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىجتىمائىي ئورۇۋقداشلىق مۇناسىۋىتىدە يۇقى-
رى سالاھىيەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. شۇڭا سالاھىيىتى ئۆزىدىن
تۆۋەن، ئەمما ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرگە تەنبىھ بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

فېئوداللىق ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردا جۇڭگودا ساداقەت ۋە ۋاپا-
دارلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل قىممەت ئۆلچىمىنىڭ بولغانلىقىنى بى-
لىمىز. ساداقەت سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ جۇڭگودىكى سىياسىي
ئورۇۋقداشلىق تەبىقىسىدە ھەر بىر پۇقرانىڭ ئەڭ ئالىي ھۆرمەت سا-
ھىبى ـ پادىشاھقا چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلىشى ۋە ئەگىشىشى لازىم-
لىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ساداقەت. ئۇنداقتا، ۋاپا-
دارلىق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تەقلىد قىلىش، دوراشتىن دېرەك بېرىد-
ىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قى-
لىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۆزى ۋاپادارلىق دەپ
ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنىڭ ئەمەلىيەتتە تومۇرداش
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىككىلىسى جۇڭگونىڭ قە-
دىمكى ئورۇۋقداشلىق مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. دېمەك بىز ئىجتىمائىي
ئورۇۋقداشلىق ۋە ئورۇق ـ تۇغقانچىلىق چەمبىرىكىدىكى ھەر بىر ئا-
دەمنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى
ئادا قىلىش ئەھۋالىنى ئاشۇ كىشىنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆل-
چىمى، دەپ بىلىمىز. ساداقەت ۋە ۋاپادارلىق ئۇقۇمى بۈگۈن شەكلىنى
ئاز ـ تولا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەۋجۇت. مەسىلەن، بىز
دائىم قول ئاستىمىزدىكى بىرەر كىشى ياكى بىرەر بالىغا ئۇنىڭ گەپ
ئاڭلايدىغان ياكى ئاڭلىمايدىغانلىقىغا قاراپ باھا بېرىمىز. خوش، گەپ
ئاڭلاش دېگەن نېمە؟ سىياسىي قىممەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ دەل
«ساداقەت» تۇر. ئۇنى بالىلارغا باھا بېرىش ئۈچۈن قوللانغاندا، ئۇ
«ۋاپادارلىق»تىن دېرەك بېرىدۇ. (ئامېرىكىدىكى مەشھۇر زات) چېن
شياڭمېي خانىم جۇڭگو يەسلىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن
ئۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئامېرىكىلىقلار بالا تەربىيىلەشتە
بالىلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشكە ئىلھاملاندۇ-
رىدۇ. ئەمما جۇڭگودا بولسا، بالىلارنى چوڭلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئە-
گىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيدىكەن». (قاراڭ: خې شىن: «سەرخىللارنىڭ
شاللىنىپ قېلىشى»، ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى، «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان.—ئۇيغۇرچە نەشر مەس-
ئۇل مۇھەررىرىدىن تولۇقلىما). گەپ ئاڭلايدىغان بالىلارنى بىز يا-
ۋاش ـ رايىش دەپ ئاتايمىز. ئىدارىلەردە بەزى رەھبەرلەر كادىر
ئۆستۈرۈشتە، ھەدېسىلا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە نەتىجى-
سىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان ياكى ئاڭلىمايد-
ىغانلىقىنى نەزەرگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشى نارازى بولماق
ئەمما ئۇنداق نارازىلىقنىڭ نېمە رولى بار، دەيسەن؟ ئەگەر جۇڭگ
مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمىسە، بۇنداق
ھالەتنى ئۆزگەرتىمەن، دېيىش بەسىي مۈشكۈل. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ
قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل قىممەت قارىشىدىن كەلگەن.

---

خې شىن قەلەمدىكى بۇ مۇھاكىمە ج ك پ خاربىن شەھەرلىك
پارتكوم «نەزەرىيە ئۆگىنىش»ژۇرنىلى نەشرىياتى «بىلىم خەزىنىسى»
ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 5 ـ سانىغا بېسىلغان. **سېيىت تىلىۋالدى** تەر-
جىمىسى (تەرجىمان: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئار شۆ-
بىسىدە)

# ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىيغا موھتاج

يېقىندا ژۇرنالدىن مۇنداق بىر ماقالە كۆرۈپ قالدىم. ماقالىدە
ئامېرىكا، ياپونىيىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارىخ
ئىمتىھانىنى قانداق ئالىدىغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ، ماقالە كىشىنى
ھەقىقەتەن ئويغا سالاتتى.

ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان
«دۇنيا تارىخى» ئىمتىھانىدا مۇنداق بىر سوئال چىقىرىلىپتۇ: ئەگەر
چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى ئوگداي ئۆلمىگەن بولسا، ياۋروپادا قانداق
ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى؟ سوئال ئىقتىسادىي، سىياسىي،
جەمئىيەت قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن تەھلىل قىلىناتتى. بەزى ئوقۇغۇ-
چىلار بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: ئەينى زاماندا ئوگداي
ئۆلمىگەن بولسا قورقۇنچلۇق چۈما كېسىلى ياۋروپاغا تارقالمىغان
بولاتتى. شۇنداقلا پوپ ـ موناخلار ئاشۇ كېسەل ۋەجىدىن ئۆلمىگەن
بولسا، كىشىلەر پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن گۇمانلانمىغان بو-
لاتتى، ھەتتا ئىتالىيىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىسپا-
نىيە، جەنۇبىي ياۋروپانىڭ كۆچىيىپ، قۇدرەت تېپىشىمۇ ۋۇجۇدقا
چىقمىغان بولاتتى. شۇنداقلا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ھونگرىيە

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيىسىمۇ مەۋجۇد بولمىغان بولاتتى. بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتەتتى.

ياپونلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان تارىخ ئىمتىھانىدا مۇنداق بىر سوئالنى چىقىرىپتۇ: ياپونىيە جۇڭگو بىلەن ئىلگىرى ئۇرۇش قىلغان، ناۋادا 21 - ئەسىردە ياپونىيە جۇڭگو بىلەن يەنە ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى قايسى مەزگىللەرگە توغرا كېلەر؟ ئەگەردە ياپونىيە جەڭدە غەلىبە قىلسا، قانداق غەلىبە قىلىدۇ؟ مەغلۇپ بولسىچۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ نۇرغۇن ئوقۇغۇچى بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «بۇ ئۇرۇش تەيۋەن جۇڭگونىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پارتلىشى مۇمكىن. چۈنكى تەيۋەن ۋەتەن قوينىغا قايتقاندىن كېيىن تەيۋەن جۇڭگونىڭ ئىچكى دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ - دە، ياپونىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىن نېفىت توشۇيدىغان ماي پاراخوتلىرى مالاككا بوغۇزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەننەرق زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ياپونىيىنىڭ ماي توشۇغۇچى پاراخوتلىرى تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتمەكچى بولۇدىكەن، جۇڭگو قوغلىغۇچى پاراخوتلارنى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە جۇڭگو ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن بىر مەيدان جەڭ قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئېھتىمال 2015 - 2020 - يىل ئارىلىقىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيە ھازىردىن باشلاپ جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىشى لازىم.»

ئادەمنى چۆچۈتىدىغان، ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ جاۋابنى توغرا، ئىشەنچلىك، ئەقىلگە مۇۋاپىق دېگىلى بولمىسىمۇ، بۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىگە نىسبەتەن ئىنتايىن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ دەرسخانا ھەتتا ئىمتىھانلاردىمۇ بىزدە ئىنتايىن نازۇك ھېسابلانغان سىياسىي، ئۇرۇش، دىپلوماتىيە، دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئۈستىدە «سىياسىي خاتالىق»، «سىياسىي ئازدۇرۇش»، «دىپلوماتىك توقۇنۇش»دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يۈرەكلىك پىكىر يۈرگۈزۈشىدۇ. بۇ نېمىدېگەن نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئۇسۇل - ھە؟! بۇ خىل تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەتنىڭ سىياسىتى، كەلگۈسى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەكلەپ، ئۇلاردا كىچىكىدىنلا ئۆتمۈشنى يەكۈنلىيەلەيدىغان، كېلەچەكنى نىشانلىيالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدۇ.

بۇلارنى بەزى ئىمتىھان مەزمۇنلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بىزنىڭ ئىمتىھان مەزمۇنلىرىمىزنىڭ نەقەدەر پۇچەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يەنە شۇ تارىخ ئىمتىھانىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭغا ساپلا دېگىدەك پالانى شەخس قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ئۆلگەن؟ قايسىبىر يىلى يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاقىۋىتى قانداق؟ قايسى ۋاقىتلاردا قايسى دۆلەتلەر بىلەن قانداق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلارنى ئىمزالىغان؟ دېگەندەك پۈتۈنلەي تۈترۇقسىز، قاتمال نەرسىلەر بولۇپ، نۆۋەتتىكى سىياسىي، كەلگۈسى تەرەققىيات، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، خەلقئارالىق توقۇنۇش دېگەنلەر بىلەن ئارىلىقىمۇ مۇناسىۋىتى يوق. ئامېرىكا، ياپونىيىلەردىكىدەك جانلىق، ئىدىيىۋىلىكى يۈكسەك بولغان مەزمۇنلارغا تويۇنغان تېمىلاردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ناۋادا، دۆلىتىمىزنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىيغا ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى چەكلەيدۇ، دېيىلسە تولىمۇ بىمەنە بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ باللىرىمىز سومكىسىنى يۈدۈپ مەكتەپكە كىرگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، «دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ليۇخولەن، دوڭ سۇنرۇي، خۇاڭ جىگۇاڭ قاتارلىقلاردىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ قەھرىمانلاردىن ئەلۋەتتە ئۆگىنىش كېرەك. لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشتەك پەقەت بىر خىللا بولمايدۇ. ئۇنداقتا ۋەتەننى سۆيۈش دېگەن نېمە؟ بۇ، دۆلەتنى ئۆزۈمنىڭ دۆلىتى، مەن كەلگۈسىدىكى دۆلەتنىڭ خوجايىنى دەپ بىلىش، چوڭ ئىشلارنى ئويلاش، خوجايىنلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىك. ئۇلاردا دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا باش قاتۇرۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى پىلانلاشقا قاتنىشالايدىغان ھوقۇقىمۇ بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ غەرب دۆلەتلىرىدىكى بەزى مەكتەپلەردىكىدەك ھەمىشە رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ) سايلاش ئويۇنىنى ئوينىشى، ئىجرا قىلىشنىلا بىلىپ، ئويلىنىشنى بىلمەيدىغان ياكى ئۆزىنى پەقەتلا بىر تەقدىم قىلغۇچى قەھرىمان ھېسابلاپ قالماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى مائارىپتىكى ئولپان پاراڭلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا مەركىزىي نۇقتىسىنەزەر ئاجىزلاشتۇرۇلغان ياكى گەپنىڭ پوسكاللىسى ئېپقېچىلغان. مەسىلەن، دەرسلىكلىرىمىزدە ماركسنىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىكى ئاياغ ئىزى ھەققىدە ھېكايە بار. لېكىن دەرسلىكتە ئۇ ھېكايىلەر پەقەت ئوقۇغۇچىلارنى غىلىك-پىلىك قىلماي باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىشكىلا ئۈندەيدىغان ئۈرنەك سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ماركسنىڭ قەلبىگە يۈككەن ئۇلۇغۋار سىياسىي غايىسىگە سەل قارالغان. ناۋادا، ماركس ھۆكۈمدارلارغا ئىسيانكارلىق روھى بىلەن نەزەرىيە جەھەتتە جەڭ ئېلان قىلىپ، قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى ئارقىلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى قوزغىمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىكى ئاياغ ئىزىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، دەيسىز؟

يەنە شۇ تارىخ ئوقۇتۇشىنى مىسالغا ئالساق، تارىخ ئۆگىنىشنىڭ زادى قانداق ئەھمىيىتى بار؟ بۇنىڭ جاۋابى كۇڭزى ئېيتقاندەك: «كەلگۈسىنى بىلەي دېسەڭ تارىخ ئۆگەن» دېگەنلىك بولۇپ، ياپونلارنىڭ تارىخ ئوقۇتۇشى مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان. يەنى ياپونلار 20 يىلغىچە تارىخ ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى كەلگۈسىدە قانداق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز بولسا تارىخ دېگەن تارىخ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دەپ قاراپ، تارىخ ئۆگىنىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە شەخسنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن قانداق باغلىنىشى بارلىقىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇنداقتا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى زادى قەيەردە؟ سۆزلەپ

كەلسەك، مەسىلىنىڭ نېگىزى يەنىلا ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىينىڭ كەم بولغانلىقىدا. نۇرغۇن كىشى سىياسىي مەسىلە، ئۇرۇش مەسىلىسى، دىپلوماتىيە مەسىلىسى، دىنىي مەسىلە، شۇنداقلا دۆلەت تۈزۈلمىسى ھەم دۆلەت تۈزۈمى ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن تەگكىلى بولمايدىغان «سەزگۈر مەسىلە»دەپ ھېسابلانغاچقا، دەرسلىك كىتابلار ھەم دەرسخانىلاردا سۆزلەشكە چەك قويۇلغان. مۇبادا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسىڭىز، بەزىلەر شۇ ھامان ئۆكتە قوپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرمەي، ئوقۇتۇشتا لىبېرالىزملىق قىلىپ، دىپلوماتىيە تالاش-تارتىشى ۋە خەلقئارا ماجىرانىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبكار بولغان»دەپ ئەيىبلىنىپ، ھەر خىل-ھەر قىسىما قالپاقلار بېشىڭىزغا كىيدۈرۈلۈشكە باشلايدۇ-دە، «خاراكتېرى ئېغىر»دەپ قارىلىپ، نان بېرىۋاتقان خىزمىتىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ كۈنلەردە خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلار شۇنچە كۆپ تۇرسا، كىممۇ يەنە خىزمەت ئورنىغا چاقچاق قىلالايدۇ، دەيسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ دېگەن تارىخ، ئۇ كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرەلمەيدۇ، «ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا»دەپ قاراش ئەۋج ئالغان.

بىر قىسىم جاسارەتلىك-مەردانە كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا جۇڭگونىڭ بەزى مەدەنىيەت-مائارىپىنى ئەمەلىيەتتە ئەخلەت مائارىپتۇر، دەپ كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ئېچىۋېتىلگەن كۆز قاراش بويىچە ئويلاپ كۆرۈدىغان بولساق، بۇ گەپ ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋېتىلمىگەن. ھازىر بىزدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن كۆرمىڭ ئوقۇغۇچى، ھەتتا ماگىستىر، دوكتورلار بار، ئەمما ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئورۇن چىقمايدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن دۇغۇ (پۇرچاق ئويۇتمىسى) دۇكىنى، گۆش دۇكىنى ۋە چوشقا فېرمىسى ئېچىشقا مەجبۇر بوپقالىدۇ؟ بۇ بىزدە ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېشىپ-تېشىپ تۇرغانلىقىدىنمۇ؟ مەن بۇنداق بىمەنە گەپلەرگە قىلچىمۇ ئىشەنمەيمەن. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب يەنىلا شۇ نۆۋەتتىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ مەزمۇنىنىڭ «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق» بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانلىقىدا.

مائارىپ سىياسىيلاشقان مائارىپ بولۇپ، ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىي بولمىغاندا ئېچىۋېتىلگەن يۇقىرى قاتلاملىق مائارىپتىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئېچىۋېتىلگەن يۇقىرى قاتلام مائارىپ كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قاناتلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا ھەقىقىي ئىختىساسلىقلارنى، بولۇپمۇ دۆلەت تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ تۈپ شەرتى. ناۋادا بىز ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان، ۋەتەننىڭ خوجايىنلىرى بولىدىغان، ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى يارىتالايدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، ئۇنداقتا چوقۇم مائارىپىمىزدىكى «سىياسىي سەزگۈرلۈك كېسىلى»نى تۈپتىن داۋالاپ ساقايتىپ، مائارىپتىكى بارلىق «سىياسىي چەكلەنگەن رايونلار»دىكى چەكلىمىلەرنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ تۈزۈلمىسى، تۈزۈملىرى، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە قاتارلىق ئۆزلىرى قىزىقىدىغان تېمىلار ئۈستىدە ئەركىن-ئازادە پىكىرلىشىپ، سۆزلىشىشكە يول قويۇشىمىز كېرەك. ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى تايانچلىرى بىپايان داللاردا ئەركىن-ئازادە ئۇسۇپ يېتىلسۇنكى، ھەرگىزمۇ تەشتەك ياكى چىتلاق-قورغانلار ئىچىگە بەنت بوپقالمىسۇن!

---

جاڭ شىنياڭ قەلىمىدىكى بۇ مۇھاكىمە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2004-يىل 12-سانىغا بېسىلغان. **ھاۋاگۈل قۇربان** تەرجىمىسى (تەرجىمان: مارالبېشى ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى)

## بىچارە پادىشاھ

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىكى دەبەي ئات بەيگىسى بايرىمى مەزگىلىدە ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى V مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئېپسوم بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، بىر قەلەندەر بۇنى سېزىپ قالىدۇ. ئۇ خۇددى يەلتاپان-شاتۇردەك مەپە بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ. ئۇ يۈگرەۋېتىپ، كوچىدا پۇل تىلەيدىغان قالپىقىنى پادىشاھقا تەڭلەپ، پۇل تەلەپ قىلىدۇ. فوتوگراف خېلتون كود ئۇستىلىق بىلەن بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، ئاخبارات سۈرەتچىلىكى تارىخىغا كلاسسىك ئەسەردىن بىرنى بارلىققا كەلتۈردى. يېقىندا جۇڭگودىكى بىر ژۇرنال بۇ سۈرەتنى باسقاندا چۈشەندۈرۈشكە: «بۇ سۈرەتتىن مەپىدە ئولتۇرغان ئەرلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن قەلەندەرنىڭ جىددىي ھەم تەشۋىش ئىچىدىكى ھالىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار»دەپ يېزىپ يازغان.

مەن تېخى مەپىدىكى ئەرلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن قەلەندەرنىڭ تەشۋىشلىك ھالىتىنى ھېس قىلالمىدىم. مەپىدە ئولتۇرغان ئادەم جەمئىي ئۈچ بولۇپ، بىرى ئوقۇرمەنگە كەينىنى قىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىپادىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىرسى قەلەندەر بىلەن ئوخشاشلا مەپە ئىچىگە قاراپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرغان. ئوتتۇرىدىكى ساقاللىق كىشى بولسا پادىشاھ، ئۇ تېخىچە قەلەندەرگە قاراۋاتىدۇ (كېيىن پۇل بەردىمۇ ياكى بەرمىدىمۇ ۋە ياكى پۇل بەرگەن چاغدا ئاپپاراتنىڭ كونۇپكىسى بېسىلمىدىمۇ؟ بىز بۇنى بىلمەيمىز). ھاكاۋۇرلۇق قانداق بولىدۇ؟ قەلەندەر بولسا مەپىنى قوغلاپ كەلگەن، قوغلىغىنى پادىشاھنىڭ مەپىسى بولۇپ چىقتى. بولمىسا، چوقۇم پۇل ئالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا پېتىنالارمىدى؟ مۇشۇنداق تۇرسا يەنە قورقۇنچتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ مەن كەسپىي سەنئەتكار بولمىساممۇ، يەنە بىر تەرىپىنى ھېس قىلالىدىم: ھەي بىچارە پادىشاھ!

پادىشاھنى بىچارىلىكتە قەلەندەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. پادىشاھ ئالىي دەرىجىلىك شىلەپە، پەلتۇ كىيىدۇ، تۆت چاقلىق مەپىدە

ئۆلتۈرىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن، ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشتىن ئەنسىرمەيدۇ. قەلەندەرنىڭ ئۈستىۋېشى تولىمۇ ئەبگار، يۈگۈرۈپ مەيدىكى بايۋەچچىلەردىن پۇل تىلەيدۇ. مېنىڭچە، پادىشاھ يەنىلا بىچارە. بۇ يەردە مېنىڭ پادىشاھنى بىچارە دېگىنىم، ئۇنى بىزنىڭ جۇڭگونىڭ پادىشاھلىرىغا سېلىشتۇرغىنىم. ئالىي دەرىجىلىك پىكاپقا ئولتۇرماستىن، ئەكسىچە تۆت چاقلىق مەپىدە يېزا ـ بازارلارنى ئايلىنىش، ئەلۋەتتە ئەنگلىيىچە رومانتىكا، ھەم بىر خىل ھۇزۇرلىنىش. بەلكىم دۆلەت ئەھۋالى شۇنداق بولسا كېرەك. ھەتتا چاپانچىلار بىلەن قوغدىغۇچىلارمۇ يوق، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك تەڭرىقۇتلۇق جاسارەتمۇ يوق. بىزنىڭ جۇڭگونىڭ پادىشاھلىرىغا قاراپ بېقىڭ: بىر قاراشتىلا ھەقىقىي بىر ئەجدىھانىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى چىقىپ تۇرىدۇ، تەختىراۋانغا ئېسىل يوپۇقلار يېپىلغان، رەڭلىك بايراقلار لەپىلدەپ، ئۇزۇن سەپ تارتىپ كۈن نۇرنى توسۇۋالغان، ياساۋۇللار قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، قىلىچ ـ نەيزىلەر كۆككە تاقاشقان. خان ئوردىدىن چىقسىلا يەر ـ جاھان لەرزىگە كېلىدۇ، يەرلىك مەنسەپدارلار بارلىق گۇمانلىق «ئۇنسۇر»لارنىڭ ھەممىسىنى «تازىلايدۇ». قاتمۇقات مۇھاپىزەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاتاردا يوق ئۇششاق مەنسەپدارلارنى يېقىنمۇ كەلتۈرمەيدۇ. نەدىمۇ قەلەندەر ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىدىغان ئىش بارئىكەن؟ جۇڭگو خانلىرىنىڭ ئۇنداق ئوردىدىن چىقىشى ماھىيەتتە قاتىللارنىڭ ئەل ـ ئاۋامغا قورقۇنچ سېلىشى بولماي نېمە؟ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جۇڭگو خانلىرىنى دېمەي، پەقەت (ئەنگلىيە پادىشاھى جورجىي V بىلەن) ئوخشاش بىر دەۋردە ياشىغان پادىشاھ يۈەن شىكەي بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى: يۈەن خاقان ئۈچ قەدەمدە بىر پوست، بەش قەدەمدە بىر قاراۋۇلخانا قۇرغان. سىرتقا چىققاندا ئوپمۇ ئوخشاش پىكاپلار تىزىلىپ، قايسى پىكاپتا جۇڭگو خەلقىنىڭ خوجىسى ئولتۇرغانلىقىنى بىلەلمەي قالىسىز. قەلەندەرگە ئەرزىمەس جىننىڭ لازىمى بولمىسىمۇ، پادىشاھنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن جۇڭگونىڭ پادىشاھسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پادىشاھدىن نەچچە دەرىجە تۆۋەن تۇرۇۋاتقان «خەلقنىڭ چاكار»لىرىغا سېلىشتۇرۇدىغان بولساقلا، ئۇنىڭ «ھۇزۇرلىنىش» ئۆلچىمىنىڭ نەقەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن، ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ماڭىدىغان قاتار ـ قاتار پىكاپلار، چاس بېرىپ تۇرغان قاراۋۇللار ۋە ئۇنىڭغا يول ئېچىپ ماڭىدىغان ساقچى ماشىنىسىمۇ يوق. ئېيتىڭا، ئۇنداق «يېگانىلىق»، ئەرزىمەس بايۋەچچىنىڭ كوچا كەزگىنىدەك ئۇنداق چوڭقۇنەملىك، ھەتتا تىلەمچىلەرمۇ ھېيىقماستىن ئالدىنى توسۇپ تىلەيدىغان ئۇنداق سەتچىلىككە، ھەممە ئۆزپىچۆرىسىدە «خوش خوجام» دەپ پەرۋانە بولۇدىغان «خەلقنىڭ چاكارلىرى» دىن كىممۇ چىدىيالىسۇن؟

شۇمۇ پادىشاھ بولدىمۇ؟ سۈر ـ ھەيۋىسى ئادەتتىكىچە بولغان رەھبىري يولداشلارغىمۇ يېتەلمىگەن تۇرسا، بىچارە بولماي قالامدۇ؟ ئەجنەبىي پادىشاھلار نېمىشقا بۇنداق بىچارە، يەنە كېلىپ بىز بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنى «ئەجدىھا ئۇرۇقى» مەسىلىسى دېيىش كېرەك. بىز دۇنيادىكى بىردىنبىر «ئەجدىھا ئۇرۇقى»، ئۇلار بولسا بەلكىم ئات ـ كالا، چاشقان قاتارلىق تايىنى يوق ھەممە توخۇ يۈرەك ئۇرۇقلاردىن بولۇشى مۇمكىن. «ئەجدىھا ئۇرۇقى»دېگىنى ئەجدىھادەك نۇسرەت قۇچقان، يەر ـ زېمىننى يۇتۇۋەتكىدەك ئىمپېراتورلۇق سۈر ـ ھەيۋىسى بار دېگەنلىك بولىدۇ. «ئەجدىھا ئۇرۇقى»دىن بولمىغانلار مەڭگۇ بىزگە يېتەلمەيدۇ.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىرسى: ئاغزىڭنى يۇم، بۇ، «قانداشلىق نەزەرىيىسى»نى تەرغىب قىلغانلىق دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنداقتا مەن خاتالىقىمنى بويىنۇمغا ئالاي. مەن ھاماقەتلىك بىلەن «ئەجدىھا ئەۋلادلىرى»دىن جاۋاب ئىزدەپ، ۋەتەنپەرلىك قىزغىنلىقىمنى ئىپادىلىدىم. مەن «قانداشلىق» نەزەرىيىسى»دىن ۋاز كەچتىم. يەنە ئويلىنىپ باقاي. ھە... ئېسىمگە كەلدى. ئوقۇشىمچە، ئېلىمىزنىڭ ئالدىنقى چىن سۇلالىسى مەزگىلىدە ياۋروپادا ئىپتىدائىي دېموكراتىيە تۈزۈمى ئورنىتىلغان، پادىشاھ قىلىچ ـ نەيزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھوقۇق ئىگىلىمەستىن، بەلكى سايلىغۇچىلارنىڭ سايلىمى ئارقىلىق پادىشاھ بولغان. شۇڭا بەزى سايلىغۇچىلار مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن بىز تۈزگەن قانۇن بويىچە ئىش بېجىرمىسەڭ، بىز سېنىڭ يەنە پادىشاھ بولۇشۇڭغا يول قويمايمىز.

ھەقىقەتەن مەدەنىيەت قانداشلىقى مۇناسىۋىتى ياۋروپادا «ئەجدىھاچە تۈزۈلمە»نىڭ شەكىللىنىشنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، «ئەجدىھا ئۇرۇقى»دىن ئاجىز كەلگەنمۇ؟ مەن راستىنلا بىر نېمە دېيەلمەي قالدىم، تەلىم بەرگەيسىلەر!

---

سۇجۇڭجېي قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «دۇنياغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 6 ـ سانىغا بېسىلغان. **مەمتىمىن مەھمۇت** تەرجىمىسى (تەرجىمان: يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# بىمەنە «چەكلىمە»

جۇڭگولۇقلار ئۆز دۆلىتىدە يىغىلىش ئۆتكۈزگەندە قايسى تىلدا ئالاقە قىلىدۇ؟ بۇ بەلكىم ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. جۇڭگولۇقلارنىڭ خەنزۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى كىممۇ بىلمىسۇن؟

دەرۋەقە ھەيران قالارلىق ئىشلار دائىم ئادەتتىكى ئىشلاردىن كېلىپ چىقىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆز دۆلىتىدە يىغىن ئاچقاندا خەنزۇ تىلدا سۆزلىشىشنى «چەكلەيدۇ». شاڭخەيدە ئەمدىلا ئاياغلاشقان دۇنيادىكى جۇڭگولۇق فىزىكا ئالىملىرىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا، يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭگولۇقلار ئىدى. ئەمما ئىلمىي ماقالىلەر تولىمىدىن تارتىپ خاتىرىلەشكىچە، پىكىر بايان قىلىشتىن تارتىپ سوئال سوراشقىچە، ھەتتا ۋەكىللەرنى يىغىن مەيدانىغا باشلىغۇچىلارنىڭ سۆزلەشلىرىگىچە ھەممىسى ئىنگلىز تىلدا ئىكەن.

بەزىلەر خەنزۇ تىلىدا دوكلات بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، رۇخسەت قىلىنمىغانلىقتىن، ئامالسىز پىششىق بولمىغان ئىنگلىز تىلىدا دوكلات قىلىپ، مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمىغان. بىر ئالىمنىڭ قارىشىچە، دوكلاتلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خەنزۇ تىلىدا بايان قىلغاندا پۈتۈنلەي ئوچۇق چۈشەندۈرگىلى بولىدىكەن، شۇنداقلا ئاسانلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدىكەن. ھەتتا چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئاز ساندىكى خەنزۇ ئالىملار كۆزدە تۇتۇلغان ئىنگلىزچە بىلەن خەنزۇچىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېڭىچە بايان قىلىش تەلىپىمۇ «خەلقئارالىق قائىدە» ۋەجىدىن رەت قىلىنىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچىنى پىششىق بىلمەيدىغان نۇرغۇن ۋەكىلنىڭ زۇۋان سۈرۈشكە مۇمكىن بولماپتۇ.

يىغىن تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بۇ ئاتالمىش «خەلقئارا قائىدە»دە چىڭ تۇرۇۋېلىشىنى قەستەنلىك بىلەن «قارىغۇنى ياردا قىستاش» دېمىگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەقەللىي ساۋاتنىمۇ چۈشەنمىگەنلىك، خالاس! بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالتە خىل تىلدا ئۆز خىزمىتىنى يۈرگۈزىدۇ، خەنزۇ تىلى بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. «خەلقئارالىق قائىدە» بويىچە بولغاندا، خەنزۇ تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە خىل خىزمەت تىلىنى بىرلىكتە ئىشلىتىش كېرەك. جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەردە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدىغانلار كۈنسايىن كۆپەيدى، خەنزۇ تىلى ئاللىبۇرۇن دۇنيادىكى كۈچلۈك تىللار قاتارىدا مەيدانغا چىقتى. بىز نېمىشقا يەنىلا ئىنگلىز تىلىنى ئەزىزلەپ «تۆر»گە چىقىرىپ قويىمىز؟

كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى دېڭ جاۋجۇڭ پروفېسسور بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق «چەكلەش»لەرگە قارىماي، خەنزۇ تىلىدا دوكلات بېرىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە دېڭ پروفېسسورنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسى كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىكەن. ئەمما ئۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋاقتىمۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلىگەنىكەن. ئۇ: «خەنزۇ تىلى بولسا مېنىڭ ئانا تىلىم»دېگەن. بىر قېتىم دېڭ جاۋجۇڭ خەنزۇ تىلىدا ئىلمىي قاراشلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە دەرىجىدىن تاشقىرى فىزىكا ئىلمى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان. جۇڭگولۇقلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ تارالغان، ئەمما مەيلى ھەر قانچە يىراقتا بولسۇن ياكى پەرق ھەر قانچە چوڭ بولسۇن، يەنىلا خەنزۇ تىلىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىدىكى ئاساستۇر. دېڭ جاۋجۇڭ باشچىلىقىدىكى كىشىلەر ئىختىيارسىز كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. بىزنىڭ دىيارىمىز خاسىيەتلىك، ھەرگىزمۇ ھاقارەتلىك ئەمەس. چۈنكى نەچچە يۈز ئەسىردىن بېرى ئەجداد ـ ئەۋلادلار بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن، خەنزۇ تىلىنى ئۇلۇغلاشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ كەمسىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ توختىماي، مەڭگۈ گۈللەپ ـ ياشنىشىدىكى مەنىۋى باغچە. بۇ باغچىمىزنى قوغداش، خەنزۇ تىلىنى قەدىرلەش ـ ئەمەلىيەتتە مىللەتنى قەدىرلەش دېمەكتۇر. مانا، دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشىمىز خەلقئارالىق تەرتىپ بويىچە مېڭىۋاتىدۇ. ئەمما مىللىي ئەنئەنە، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي روھ، تىل ـ يېزىقنى ھەرگىزمۇ بۇ قېلىپقا سېلىشقا بولمايدۇ. فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەت ھەتتا ئۆز يېزىقىغا ئىنگلىزچىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنى چەكلىدى؛ روسىيە رەئىس جۇمھۇرى پۇتىنمۇ بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، رۇس تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

ئېنىقكى، تىل ـ يېزىق بىلەن دۆلەت، مىللەتنىڭ تەقدىرى زىچ باغلانغان. بىز بۇ توغرىلىق نېمىشقا ئويلانمايمىز؟

ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. كىچىك ۋاقتىمدا مۇئەللىم بىزگە (فرانسىيە يازغۇچىسى) دوۋدېتنىڭ «ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس» ناملىق ھېكايىسىنى چۈشەندۈرۈۋېتىپ: «بىر مىللەتنى يوقىتىدىغان ئەڭ رەزىل ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە ـ شۇ مىللەتنى ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش» دېگەنىدى. (بۇ دۇنياۋى داڭلىق ھېكايە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇتۇلماقتا. ـ ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما). ئۇ سۆزلەۋېتىپ يىغلىۋەتكەنىدى. بىزمۇ تەڭلا يىغلاپ كەتتۇق. ـ بىز ئېلىمىزگە تايىنىپ ياشايمىز، تىلىمىزغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىمىز، ـ دېگەنىدى ئۇ، ـ بۇ «ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس» ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك دەرستۇر!

ۋېن جىچۈەن قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان. **ئۆمەرجان ئابدۇقادىر** تەرجىمىسى (تەرجىمان: پىچان ناھىيە چىقتىم بازار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى)

# پەرىشتىنىڭ سوئالى ۋە سوۋغىسى

ئۈچ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ، ئۇلار سودىگەر، سىياسىيون ۋە ئەسكەر ئىكەن. جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن كىرىدىغان ۋاقىتتا بىر پەرىشتە چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ ھەم ئۇلارغا:

ـ ئەپەندىلەر، سىلەر ئاۋۋال تەڭرىنىڭ ئۈچ سوئالىغا جاۋاب بېرىسىلەر، ئاندىن ئۆزۈڭلەر ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان نەرسە قاچىلانغان قاپچۇقنى ئېلىپ كىرىپ كەتسەڭلەر بولىدۇ، ـ دەپتۇ.

سودىگەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا تاقىتى ـ تاق بولغان بولۇپ، شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن پەرىشتە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭدىن سوئال سوراشنى باشلاپتۇ:

ـ سىز ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟

ـ پۇل، ـ دەپتۇ سودىگەر كېسىپلا.

ـ ياخشى. ئۇنداقتا سىزدىن سورايدىغان ئىككىنچى سوئالىم، بۇنداق دېيىشىڭىزدىكى ئاساسىڭىز نېمە؟

ـ پۇللا بولسا ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ـ ئۇنداقتا، ئەگەر سىزنى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىڭ دېسە، كېچەلەمسىز؟

www.uyghurkitap.com

سودىگەر ئىختىيارسىزلا كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

ـ جەننەتنىڭ كىرىش بېلىتىنى سېتىۋېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمەن، ـ دەپتۇ.

سوئال سوراش ئاياغلاشقاندىن كېيىن پەرىشتە بىر قاپچۇقنى چىقىرىپ: «بۇ قاپچۇقنى ئېلىپ كىرىپ كەتسىڭىز بولىدۇ»دەپتۇ.

سودىگەر قاپچۇقنى ئېچىپ قارىسا ئىچىگە لىقمۇ لىق ئالتۇن قاچىلانغانىكەن، شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا كىرىپ كېتىپتۇ.

پەرىشتە قاتتىق ئېچىنغان ھالدا: «مال ـ دۇنيا ئەكېلىدىغان بەخت چەكلىك بولىدۇ» دەپتۇ ۋە سىياسىيونغا قاراپ سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ـ سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟

ـ ئەلۋەتتە ھوقۇق، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سىياسىيون.

ـ ئۇنداقتا، ئاساسىڭىزنى قويۇپ بېقىڭ، ـ دەپتۇ پەرىشتە.

ـ ھوقۇق ھەممىگە قادىر، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھوقۇق دېمەك ـ بەخت دېمەكتۇر، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سىياسىيون.

ـ مۇبادا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلسە، كېچەلەمسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ پەرىشتە.

ـ نېمىشقا ۋاز كەچكۈدەكمەن، بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سىياسىيون كەسكىن ھالدا.

پەرىشتە بىر تال قاپچۇقنى چىقىرىپ ئالقىنىدا ئوينىتقىنىچە ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

ـ سىزمۇ كىرىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، ـ دەپتۇ.

سىياسىيون قاپچۇقنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، قاپچۇق بىر قاتار ھوقۇق دەستەكلىرى بىلەن تولدۇرۇلغانىكەن. ئۇمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ كېتىپتۇ.

پەرىشتە خۇرسىنغىنىچە: «ھوقۇقمۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا كۈچىنى كۆرسىتىۋەرمەيدۇ»دەپتۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئەسكەر خۇددى پوستتا تۇرغاندەك ئىشىك سىرتىدا تىك تۇرغىدەك. پەرىشتە سوئالىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ـ سىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟

ـ ساداقەتمەنلىك ۋە شان ـ شەرەپ، ـ دەپ ياڭراق ئاۋازدا جاۋاب بېرىپتۇ ئەسكەر.

ـ نېمە ئۈچۈن؟ ـ دەپ سوراپتۇ پەرىشتە.

ـ ھېچقانداق ئاساسىم يوق، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسكەر.

ـ ئەگەر سىزنى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىڭ دېسە، كېچەلەمسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ پەرىشتە.

ـ كېچەلمەيمەن، ـ دەپتۇ ئەسكەر.

پەرىشتە خۇددى روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئەسكەرگە:

ـ سىز ئالىقاچان ئادەملەر ئارىسىدىن ئايرىلىپ جەننەتكە كېلىپ بولغان تۇرسىڭىز، يەنە كىمگە ساداقەتمەنلىك قىلىسىز؟ ـ دەپتۇ.

ئەسكەر سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئەدەپسىز تىك تۇتۇپ، ئىلىپتەك تۇرغىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن ھالاك ـ تالىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغىدەك.

ـ قەلبىڭىز قۇپقۇرۇق ئىكەن، كىرىپ كېتىڭ، ـ دەپتۇ پەرىشتە بىر قاپچۇقنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

ئەسكەر قاپچۇقنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە ھەر خىل ئوردېنلار تۇرغانىكەن. ئۇ، بۇ ئوردېنلارنى مەيدىسىگە تاقىغىنىچە زوۋان سۇرمەستىن كىرىپ كېتىپتۇ.

ـ بىچارە ئادەم، ـ دەپتۇ پەرىشتە ئۆز ـ ئۆزىگە.

دەل شۇ چاغدا چىرايلىققىنە بىر قىزچاق يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ كەتمەكچى بوپتۇ. پەرىشتە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋاپتۇ.

ـ خانقىز، سىز قائىدە بويىچە ئاۋۋال سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، ئاندىن ئۆزىڭىز ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان نەرسە قاچىلانغان قاپچۇقنى ئېلىپ كىرىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، ـ دەپتۇ پەرىشتە. قىزچاق پەرىشتىگە مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ:

ـ ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، چۈنكى ماڭا ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈم، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پەرىشتە ئاخىر بىر ئالىيجاناب ئادەمنى ئۇچراتقانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ھېلىقى قىزچاق يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

ـ مەن ئۆز گۈزەللىكىم ئارقىلىقلا ئۆزۈم ئېرىشمەكچى بولغان ھەر قانداق نەرسىگە ئېرىشەلەيمەن، ـ دەپتۇ.

پەرىشتە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، قىزچاق شۇ ئارىلىقتا پەرىشتىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئىشىكتىن كىرىپ كېتىپتۇ.

پەرىشتە خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىنتايىن مەسخىرىلىك ھالدا:

ـ توغرا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر تەرەپتىن سودىگەرنىڭ پۇلىنى خەجلىگەچ، بىر تەرەپتىن سىياسىيوننىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلانغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى ئەسكەرنى ئۆزىگە ساداقەتمەن قىلماقچىكەن ـ دە؟! ـ دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا دوزاختىكى ئوت دېڭىزى ئىچىدىن «ئىپلاسلىق بۇنىڭلىق بىلەن ئاياغلاشمايدۇ» دېگەن قىيا ـ چىيا ئاۋاز غۇۋا ئاڭلانغاندەك بوپتۇ.

---

جاڭ شىن (ئاپتور: 19 ياش) قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

**ئەھەت مامۇت** تەرجىمىسى (تەرجىمان: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار كالتاپېلو كەنتىدە، دېھقان)

* باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



## تەنھالىقتىكى ھېسلار

▲ بەخت دەل قىممەتتىندۇر.

▲ ھەقىقەتكە بارىدىغان يول دەل يۈرىكىڭدىن باشلىنىدۇ.

▲ جەمئىيەت كىشىلەرنى بۇزىدۇ ھەم تۈزەيدۇ.

▲ روھنىڭ ھاردۇقى تەپەككۇردا، بەدەننىڭ ھاردۇقى ئەمگەكتە چىقىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆز قىممىتىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ ياكى چۈشۈرىدۇ.

▲ روھىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىماق ئەڭ تەس ھەم مۇھىمدۇر. چۈنكى روھنىڭ چېگرىسى بولمايدۇ.

▲ بىز ئۆگەنگەن بىلىملەر بىزگە بىر بولسا روھ بېرىشى، بىر بولسا «نان» بېرىشى كېرەك.

▲ بۈگۈنكى دۇنيادا ئاياللار تەدرىجىي كۆپىيىۋاتىدۇ؛ ھەقىقىي ئانىلار تەدرىجىي ئازىيىۋاتىدۇ.

▲ ئىنسان مەڭگۈ روھ بىلەن ماددىنىڭ ئارىسىدا تېڭىرقايدۇ.

▲ مۇھەببەت ــ تىلسىمدۇر.

▲ كۆڭۈلنىڭمۇ قىزلىقى بولىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ مەن دەيمەن: ئىنساننىڭ ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىكىگە، چۈشىنەلمەسلىكىگە ھېچقانداق سەۋەب يوق. ئۇ، قۇياشتەك ئاشكارىدۇر ھەم ئاممىباپتۇر.

▲ ئەمەل ــ ئەمەلىيەت ــ ھەقىقەتتۇر.

▲ سانائەت بىلەن سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئوڭ تاناسىپ ئەمەس، شۇڭلاشقا دۇنيا كرىزىس ــ مەسىلىلەرگە تولغان.

▲ ھەقىقەت دەل مېنىڭ يۈرىكىمدىدۇر!

▲ ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان ھەم ئەڭ قاتتىق بولۇۋاتقان جەڭ دەل ئىقتىسادىي جەڭدۇر.

▲ «ئىقتىساد ئۇستىقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ». ئۇستىقۇرۇلما ھەممىنى...

▲ تەرەققىيات بىزنى ئالدىغا سىلجىۋالدى.

▲ ئەڭ گۈزەل رەڭ يېشىل رەڭدۇر. چۈنكى ئۇ تەبىئەتنىڭ سىمۋولىدۇر.

▲ ماددا سۇ ئارقىلىق قىممىتىنى ھېس قىلسا، نۇر ئارقىلىق گۈزەللىكىنى جەۋلان قىلىدۇ.

▲ مېنى ئەڭ تەشۋىشلەندۈرىدىغىنى، تەبىئەتنىڭ ۋە تەبىئىلىكنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدۇر.

▲ ئاياللار سۈزۈك بۇلاق ياكى ئۇتلۇق دوزاختۇر.

▲ ئاياللار پاكلىقى ياكى ناپاكلىقى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سالالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ ۋاقىت تىلسىمدۇر

▲ ئەڭ زوْرۇر نەرسە ئەڭ مۇھىم نەرسىدۇر.

▲ ئوخشاش نەرسە ئىككى خىل مۇھىتتا ئوخشىمىغان قىممەتتە بولىدۇ.

▲ بارچە مەسىلە ئەمەلىيەتتە روھنىڭ مەسىلىسىدۇر.

▲ «كېلەچەك ـ كەلگۈسى» دېگەنلەر يەنىلا سۆيۈملۈك ئىبارە-لەردۇر. چۈنكى باللار ھامان سۆيۈملۈكتۇر.

▲ چىنلىق سىداملىققا ئوخشايدۇ.

▲ روھ بىر شوخ ـ ئاساۋ ئاتتۇر. ئۇنى تىزگىنلىيەلىسەك ئۇچقۇر دۇلدۇلغا ئايلىنىدۇ.

▲ ئىنسان ئەزالىرىنى مېڭە باشقۇرىدۇ، مېڭىنى يۈرەك...

▲ مەن دەيمەن: سەنئەت تېخى ئۆز چوققۇرلۇقىنى تاپمىدى!!!

▲ ياخشى ئادەملەر كۆپ، ياخشىلىق قىلىۋاتقانلار ئازدۇر.

▲ ھەقىقەت ئەڭ يېقىندۇر ھەم ئەڭ يىراقتۇر؛ ئەڭ ئاساندۇر ھەم ئەڭ تەستۇر.

▲ بەدىئىي ئەسەر، مۇزىكا، رەسىم... دېگەنلەر ماھىيەتتە يۈرەك-نىڭ بىر نەچچە خىل ئىپادىسىدۇر، ئۇرۇش ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

▲ ھەر قېتىم باللارغا قارىغىنىمدا ئىچىمگە بىر تىنىمەن. تارىخ باللارغا ئۆيلىغىنىمىزدىنمۇ كۆپ يۈك ئارتىۋەتتى.

▲ ئۆزگىچە ياشىيالىغانلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردۇر.

▲ مۇۋەپپەقىيەت زېرىكمىگەنلەرگە قىزىلقىنى بېرىدۇ.

▲ ھەقىقەت سەپسەتىنى كۆرگەندە چاقنايدۇ؛ سەپسەتە ھەقىقەتنى كۆرگەندە ھاڭرايدۇ.

▲ پۇل ـ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتۇر.

▲ ئېتىقادتىن قالسا ئىقتىساد مۇھىمدۇر.

▲ ئىلىمنىڭ قىممىتى مەنىۋىيەتتە، ھىممىتى ماددىيەتتە بولىدۇ.

▲ ھەقىقىي تەرەققىيات ئىقتىسادتا ئەمەس، ئېتىقادتا بولىدۇ.

▲ سەپسەتىنىڭ ھەقىقەتكە بېرىدىغان جاۋابى سۆكۈشتۇر؛ ھەقى-قەتنىڭ سەپسەتىگە بېرىدىغان جاۋابى سۈكۈتتۇر.

▲ سەپسەتىنىڭ مەنبەسى شەخسىيەتچىلىكتۇر.

▲ بەزى ئىنسانلارنى ئىبلىسقا ئۇستاز بولالمىدىكىن دەيمەن.

▲ «ۋاقىت» يەنىلا دەھشەتلىك ئىبارىدۇر.

▲ ئىنسانلار ۋاقىتنى ئەڭ ئىنچىكە ھېسابلىدى ـ يۇ، ئۆلۈمنى ئۇنتۇدى.

▲ كۈلكە ئىنسانلارنى ياشارتىدۇ، يىغا قايتا يارىتىدۇ.

▲ مۇكەممەللىك ئۇنىۋېرساللىقتۇر.

▲ موھتاجلىق باشقىلارنىڭ «ياخشى»دېيىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ۋىجدان ئەخلاقنىڭ ئەڭ چوڭ بالىسىدۇر، ھايا قىزىدۇر.

▲ پەقەت ئىجادىيەتلا ئۆلۈمدىن مۇستەسنا ھاياتتۇر.

▲ بىر چاغلاردىكى يېڭىلىق، بىر چاغلاردىكى كونىلىق بولۇشى مۇمكىن.

▲ ئىلىمسىز ھايات تۇزسىز ئاشقا ئوخشايدۇ، ھەقىقەتسىز ئىلىم ئاشسىز تۇزغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىرادە روھتا سىنىلىدۇ.

▲ روھىي قوغدىيالىغانلار ۋەتىنىنى قوغدىيالايدۇ.

▲ پىكىرلا بولۇدىكەن، ئىنسان ئۆلمەيدۇ.

▲ خۇشامەتچى ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ ۋەزىر بولالايدۇ، پادىشاھ بولالمايدۇ.

▲ ئايال ـ مەيىن شامال.

▲ ياخشى ئايال دۇنياۋى بەختنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

▲ ئايال يېرىم دۇنيا، ئانا پۈتۈن دۇنيادۇر.

▲ ھەقىقىي ـ چىن ئادەملەر ئىككى ئىشتىن قۇتۇلالمايدۇ: بىرى، ياخشى كۆرۈلۈش؛ يەنە بىرى، ئۆچ كۆرۈلۈش.

▲ رېئاللىق بىلەن خىيالنىڭ بىرلىشىشى بەسي مۇشكۇلدۇر، بىرلەشكەن ۋاقىت بەختتۇر، شۇڭا بەختلىك مىنۇتلار ئاز بولىدۇ.

▲ يول ماڭغانسېرى كۆپىيىدۇ،

سىر ئاچقانسېرى سىرلىقلىشىدۇ.

▲ ئاۋام يولباشچىغا قاراپ بولىدۇ.

▲ ئەر قانداق بولسا ئايال شۇنداق بولىدۇ.

▲ بىلسەڭ، ئەي «باشلىق»، دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ۋەزىپە دەل ئەمەلدۇر.

▲ ئىنسانلار ئۆي ـ خىياللىرىنى خاتىرىگە ئالالىغان بولسا ئىدى، كۆپ ئىجادىيەت مېۋىسى يوقىلىپ كەتمەس ئىدى...

▲ مەن دەيمەن: ئەي ئىنسان، سەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالدىدا باراۋەردۇر سەن!

▲ تەپەككۇر ئىنساننى يارىتىدۇ، ئەمەل قىلىش ئۇنى قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.

▲ ئىلىملىك بولۇشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى شۇكى، ئۇزاق زا-مان ـ ۋاقىت ئۆتتۈشى كېرەك.

▲ ئۈچ نەرسە ساختىلىقنى ئەسلا كۆتۈرەلمەيدۇ: ئېتىقاد، مۇھەب-بەت، ئىلىم.

▲ قەلبىنى پاكلىماي تۇرۇپ ئىلىمگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ ھەقىقىي يازغۇچى ئاۋام بىلەن تەڭ ماڭغانلار ئەمەس، ئالدىدا ماڭغانلاردۇر.

▲ روھىي تىك تۇتالىغانلار قەددىنىمۇ تىك تۇتالايدۇ.

▲ غەمدىن قۇتۇلۇش چارىسى ئۇنتۇش ئەمەس، ھەل قىلىش.

▲ ئىنسانلارنى ئەمگەكتىن كۆرە، سىرتقى ئۇچۇرلار بەكرەك چارچىتىۋاتىدۇ.

ـ يۈسۈپجان سەمەت ئەفيفي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭسۇ شەھرىدە خۇسۇسىي تىجارەتچى

## سەھرادا پىللىدىغان نۇر

▲ رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا بېرىلىۋاتقان بەزى تېتىقسىز ـ لاۋزا ئېلانلاردىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ بىئارام بولسام، تىزگىنەك ۋە كونۇپكى-نىڭ ئۆز ئىلكىمدە ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولىمەن.

▲ تېنىچلىق ھاراقنىڭ زەھەرلىشىدىن، ئېغىزنىڭ تاماكىنىڭ سې-سىق ئىسىدىن ساقلىيالىسالىڭ، ئايالىڭنى زورلۇق بىلەن ئەمەس، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سۆيەلەيسەن.

▲ ئاناڭنىڭ ئەجرىنى خۇشھال كۈنلەردە ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويۇشلىڭ ھاماقەتلىكىڭنى، ئۇشتۇمتۇت بىرەر نەرسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بىردىنلا «ئانا» دەپ ۋارقىرىشىڭ ۋاپاسىزلىقىڭنى ئىس-پاتلايدۇ.

▲ مۇشۇ كۈنلەردە سۆيگۈنۈڭ سېنى تاشلاپ كەتسە، ئۇنى ۋاپا-سىز دېمەي، يانچۇقۇمدىكى پۇلۇم تۈگەپتۇ، دەپ چۈشەنگىن.

— مۇھەممەتئېلى روزى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا قومۇشئېرىق كەنتىدە، دېھقان

بور ــ توزانلىق لويلار

▲ باشقىلارنى ماختاپ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي شالىنى چاچرىتىپ سۆزلەۋاتقان ئادەمگە ھېچنېمە دېمە، پەقەت قولياغلىقىڭنىلا سۇنۇپ بەر. شۇندىلا سەن ئىنسانپەرۋەرلىكىڭنى ئادا قىلغان بولىسەن.

▲ تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار دېگەنلىك، ئۆزۈڭنى ھەممىدىن كۈچلۈك ھېسابلىما، سېنىڭدىنمۇ كۈچلۈك رىقابەتچىلەر بار دېگەنلىك؛ بۇ مېنىڭدىنمۇ كۈچلۈك رىقابەتچىلەر بار ئىكەن، دەپ ئۈمىدسىزلەن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تىرىشچانلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇر، دېگەندىلىكتۇر.

▲ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى رىقابەتكە توغرا يۈزلەندۈرەلىسەك كەلگۈسىدە نۇرغۇن يارامىلىق ئەۋلادقا ئېرىشىمىز. ناۋادا ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى قاندۇرۇش يولىدىكى نەيرەڭلىرىمىزنى رىقابەت رېڭى بىلەن بوياپ ئۇلارغا تاڭساق، كەلگۈسىدە بىر ــ بىرىنىڭ گۆرىنى كولىشىدىغان مۇناپىقلارغا ئېرىشىمىز.

▲ مۇنبەردىكى بەزى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساپاسىغا قاراپ، ئۆلۈپ كەتكەن چۆچەكچى موماmنى ئەسلەپ قالىمەن.

▲ ــ مۇئەللىم، بىزدە نېمىشقا قىزلار ئۇزۇن چاچ، ئوغۇللار قىسقا چاچ قويىدۇ؟ ــ بىر ئوقۇغۇچۇم مەندىن سورىدى.

ــ بۇنىڭ ھېكمىتىنى قىزلىرىمىزنىڭ سەرۋى قامىتىدىن، يىگىتلىرىمىزنىڭ تەگرىتېغىدەك بەستىدىن چۈشەنگىن، ــ دېدىم مەن.

▲ ئۆز ــ ئۆزىنى تونۇيالمىغان مىللەتنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇتۇش، گويا شۇ خەلقنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئاچقان بىلەن تەڭ.

▲ سەن ئەركىنلىكنى چىن يۈرىكىڭدىن سۆيەمسەن؟
ئۇنداقتا، ئالدى بىلەن قەپەستىكى قۇشنى قويۇۋەت!

— ياسىنجان نوھ

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بىر ژۇرنالنىڭ ئىناۋىتى ۋە نوپۇزى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بەت سانى ۋە ئېلان كىرىمى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ھەر بىر ئادەمگە شۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

— نىجات مۇھەممەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق بۆلۈمى (شىمالىي ئوقۇتۇش رايونى) تەبىئىي پەن 7 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساخاۋەتچىلەر كۆپەيگەنسېرى تىلەمچىلەر كۆپىيەر.

▲ تەقدىر ئىنسان ئۈچۈن قول ھەم ھۆكۈمراندۇر.

▲ ئىنسان ئالدىدىكى بارلىق مۇشكۇلاتلار ئىنساننى پىششىقلاپ، تاۋلاپ چىقىدىغان ئىس چىقماس زاۋۇتقا ئوخشاشتۇر.

— ئابدۇشۈكۈر خەلىل

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايلاق يېزا تىجەن كەنتىدە، دېھقان

▲ سىزنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىڭىزگە بىر سېكۇنت ۋاقىت يېتىدۇ، ئەمما تۈزىتىشىڭىزگە بىر ئۆمۈر ۋاقىت يەتمەيدۇ.

— مۆمىنجان ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايايلاق يېزا تىجەن كەنتىدە، دېھقان

▲ بىر ئائىلىدە ئىناقلىق ــ ئىتتىپاقلىق بولمىسا، ئاتا ئۆيىدە، ئانا بۇ ياقتا، ئوغلى سولاقتا، قىزى بولسا قاۋاقتا بوپقېلىشى مۇمكىن.

— ئابلىز ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر «يېڭى ھايات» چوڭ كوچا 102 ــ قورۇدا

هايات قايناقلىرى

▲ ئەقىلسىز ــ نادان كىشىلەر ــ جەمئىيەتنىڭ يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسى.

▲ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى بايلىق كىرىزىسىدىن ئەمەس، بەلكى بىلىم كىرىزىسىدىن كېلىپ چىققان.

▲ تارىخ ــ باتۇرلارنىڭ قېنى بىلەن، نادان، قورقۇنچاق، بىلىمسىزلەرنىڭ يېشىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت.

▲ ئادەم مۇھتىدىن زېرىكمەيدۇ، ناچار مۇھىتنى بەرپا قىلغان ئادەمدىن زېرىكىدۇ.

— ئابلىز تۇردى سۇبۇرى

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە سوخۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قەلب ــ ئىنساننىڭ ماتورىدۇر.

▲ چۈشىنەلمەي ئوقۇلغان كىتاب، چاينالماي يۇتۇلغان تائامغا ئوخشايدۇ.

▲ شەيتانىي مەلئۇننىڭ ساڭا ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى، دەل قەلب قاراۋۇلىڭنىڭ ئۇيقۇغا غەرق بولغان ۋاقتىدۇر.

▲ ئىرادە زەئىپلىكى دېگەندىن كۆرە، ئېتىقاد زەئىپلىكى دېگەن تۈزۈك.

▲ بىراۋغا «ياخشى» دەپ باھا بېرىشتىن ئىلگىرى، «ياخشى»لىقنىڭ ئۆلچىمىنى بىلىۋال.

▲ بىلدۈرگىنى ئەقىل، قىلدۇرغىنى ئېتىقاد.

▲ ساڭا ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى، بۈگۈن قىلالىغانلىرىڭدۇر.

▲ بالاڭ بولمىغىچە بالىسەن.

— روزىتوختى نائىپ

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

تەپەككۇردىن تەرمەچىلەر

▲ شوتا بىلەن پەلەمپەينىڭ پەرقى شۇكى، بىرى ئادەمنى ھوشيار قىلىدۇ، يەنە بىرسى بىخۇدلاشتۇرىدۇ.

▲ ئۆيلىگەننىڭ ھەممىسىنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولسا ئىدى، ساۋاتلىقلارنىڭ ھەممىسى شائىر ــ يازغۇچى بولغان بولاتتى.

▲ پۇشايمان ــ ھەقىقەتنىڭ كېچىكىپ چىقىرىلغان خۇلاسىسى.

▲ ئىشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى قىلالماسلىقتىن ئەمەس، قىلماسلىقتىن قېپقېلىۋاتىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىلار ئەر ئوقۇتقۇچىلاردىن جۈرئەت، سالاپەت ۋە يۈرەكلىك بولۇشنى، ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن نازاكەت، لاتاپەت ۋە ھايالىق بولۇشنى ئۆگىنەلىشى كېرەك.

▲ ئۆتمۈشكە ھەسرەتلىك تىنىش مەنىسىزلىك بولماستىن، بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

كىچىككەن تەپەككۇرنىڭ شولىسىدۇر.

▲ بىلگىنى، دۇنيادىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم دەل ئۆزۈڭ.

▲ قۇياش نۇرلىرىنى چىچەپ تۇرغان ۋاقىتلاردىمۇ قار ـ مۇزلارنىڭ بارلىقىنى، مۇدھىش سوغۇقنى سەزدىڭمۇ؟ ئۇنداقتا، ھەقىقەت نۇرلىرى يالتىراپ تۇرغان جايلاردىمۇ قاباھەتلىك ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەن.

▲ ساڭا بېرىلگەن باھانىڭ قانداقلىقىغا قارىماستىن، قانداق ئادەمنىڭ باھا بەرگەنلىكىگە بەكرەك دىققەت قىل.

ـ ئابدۇلېتىپ روزنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقسارايى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ مومامنىڭ تۇنجى ھېكايىسى، مېنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسىم بوپقالغان.

▲ ئازاب ـ ئەڭ ئاچچىق دورا.

▲ ئىنسان، ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھاندىن پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىقلا قۇتۇلىدۇ.

ـتۇرسۇنگۈل ھامىد

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتاش ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇقسىز 3 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بىز «ئەتە» سۆزىنىڭ ئورنىغا «بۈگۈن»، «بۈگۈن»سۆزىنىڭ ئورنىغا «ھازىر» سۆزىنى ئىشلىتەلىگەن بولساق، ئىشلىرىمىز ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولار ئىدى.

▲ كۆڭۈل بولسا بىر بەدۋاش ئات، ئەقىل ئۇنىڭغا سېلىنغان يۈگەن.

▲ خورلۇقنى ھېس قىلالمىغان يۈرەك، غورۇرنى يەپ بولغان يۈرەك.

▲ بىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشى ۋە تىنچلىقىنى بۇزۇشىمىز، كىچىك ۋاقتىمىزدا قۇشقاچ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ بالىسىنى ئانىسىدىن ئايرىغان ۋاقتىمىزدىن باشلانغان.

▲ دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئەخمىقى، گاللۇڭگى ئىتوتلاردا، ئەڭ ئەقىللىقى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا.

▲ تۇغۇش ھايۋاننىڭ، تەربىيەلەش ئىنساننىڭ ئىشى.

ـ لۇتپۇللا مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈندۈرمىلىرى

▲ مەدەنىيەت ـ مىللەت روھىيەت دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى.

▲ مەدەنىيەتتىكى پاجىئە ـ مىللەت روھىيىتىنىڭ ئەزرائىلى دېمەكتۇر.

▲ ھازىر بىر قىسىم قىزلاردا ھاراق ئىچىش باشلاندى، دېگەنلىك، كەلگۈسى ئانىلار بىزگە ھالاكەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

▲ ۋاقىت بىلەن كۈرەشۋاتقان ئادەم ـ ئۆمۈر سودىسىدا پايدا ئېلىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئادەمدۇر.

▲ ۋاقىت ـ ھاياتقا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى سوۋغا.

▲ ياتلىشىش ـ يوقىلىشنىڭ بالا ھۆججىيرىسى.

## تەپەككۇر ئۆركەشلىرىنىڭ ساداسى

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ شىللىسىگە ئۆزۈڭ مىنىۋالمىساڭلا، باشقىلارنىڭ شىللەڭگە مىنىۋېلىشى ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ.

▲ دەۋر تەقەززاسىدىن مۇستەسنا ياشاش ـ ئاجىزلىقنىڭ ھامىيلىرىگە كۆنسېرى قورساق كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىشتۇر.

▲ بۇزۇلغان ئائىلە ـ مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى ئەڭ ۋەھشىي ۋىرۇس.

▲ ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ بەلگىسى ـ يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزىنى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشۈدىغان ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرەلىشىدە.

▲ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلمىغان ئادەم ـ ئەڭ غالىب ئادەمدۇر.

▲ مەدەنىيەت ـ مىللەت قەلب پىرامىداسىنىڭ چوققىسى.

ـ ئىمىن تاجى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئادەمدە ئېتىقاد يوقالسا، پۇل ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان راھەتتىن باشقىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئەرزىمەس مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ـخەلچەم تاھىر

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازار كۆنچى مەھەللىسىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ تۇرمۇش بىز بەرگەن مەنالار بىلەن گۈزەل، بىز بەرگەن چاكىنىلىقلار بىلەن رەزىل، بىز ئاتا قىلغان گۈزەللىكلەر بىلەن جەزبىدار، بىز قالدۇرۇپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەملەر بىلەن ئازابلىق.

▲ ناۋادا ئېلىشنى خالىمىساڭلا، تۇرمۇش ساڭا ھېچقانداق چۈشكۈنلۈك ۋە رەزىللىكلەرنى زورلىيالمايدۇ.

▲ ئەسلىمىلەر قوينىدا سوزۇلۇپ يېتىۋەرمە، بولمىسا، بۈگۈن سېنى جازالايدۇ، كەلگۈسى سېنى تاشلىۋېتىدۇ.

ـ مۇھەممەتئېلى غوپۇر خۇشتار

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۆز كەمچىلىكىگە باھانە تېپىپ بېرەلىگەنلەر ـ «ئەقىللىق» ئاجىزلاردۇر.

▲ مۇھەببەت قىممەت بىلەن ئىپادىلەنگەن چاغدا، ئۇنى يەنە مۇھەببەت دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.

▲ ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم، ئېرىشىدىغان نەرسە ھەممىدىن ئاز بولۇشى مۇمكىن.

▲ شام ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئاندىن تۆكىدۇ، چوغ باشقا نەرسىنى كۆيدۈرۈپ ئاندىن تۆكىدۇ. مانا بۇ كۆيۈشتىكى پەرق.

▲ يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ تېرىسىنىڭ يېرىمى قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. تەپەككۇر كۆزۈڭ بىلەن ئۇلارغا قارىساڭ، ئۇلارنىڭ

كۆڭلىنىڭ يېرىمى ئاللىبۇرۇن قارىداپ ـ سېسىپ كەتكەنلىكىنى بايقايسەن.

▲ بىر دانە خىش ئون تىيىن، ئەگەردە ئۆيۈڭنىڭ تېمىدىن بىر دانە خىشنى بىھۇدە ئېلىۋەتسەڭ، شۇ تۆشۈك ئۆيۈڭنىڭ سۈپىتىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەر؟ شۇ تۆشۈكتىن قانچىلىك سوغۇق كىرەر؟... مانا بۇ ئون تىيىننىڭ قىممىتى.

▲ ئەڭ ئەقىللىق، لېكىن ئەخلاقسىز كىشىلەر شەيتاننىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدۇر.

▲ ۋاقىتنى ئاتقان ئوق دېسەك، ۋاقىتنى قەدىرلىمىگەنلەر شۇ ئوقنىڭ تۇنجى قۇربانىدۇر.

ـئابدۇرەھمان پەتتار (ئىنتىزار)

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھالىقتا تىرىلگەن تەپەككۇرلار

▲ بۈگۈنكى دۇنيادا رەقىبىڭنى خىيال قىلساڭ ھوشيارلىقىڭ ئاشىدۇ، سۆيگۈنىڭنى خىيال قىلساڭ غەپلەت باسىدۇ.

▲ سېنى ھەممە نەرسەڭدىن ئايرىغان كىشى ـ دەل سەن ھەممە نەرسەڭنى ئاتىغان كىشىدۇر.

▲ ئوغۇللارنىڭ ياخشى كۆرۈشى چېكىدىن ئاشسا مېھرىبانلىققا، قىزلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى چېكىدىن ئاشسا ھەسەتخورلۇققا ئايلىنىدۇ.

▲ پاراسەتلىك ئادەم بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىنى چوقۇم ئاستىغا قويۇپمۇ ئولتۇرالايدۇ.

▲ مەردلەرچە ئايالىڭغا ئېلىپ بەرگەن سوۋغاڭ، بىر كۈنى پېشانەڭگە تاياق بولۇپ تەگسە، ئاناڭغا ئېلىپ بەرگەن سوۋغاڭ بىر كۈنى پېشانەڭگە بەخت بولۇپ قونىدۇ.

ـ نىياز (مەپتۇن)

ئاپتور: باي ناھىيە قىزىل يېزا «مەھلىيا»چاچ ياساش ۋە فوتو سۈرەتچىلىك مەركىزىدە

## خىياللىمدىكى ئۈنچىلەر

▲ ئاجىز بەدەندە ئاجىز روھ بولىدۇ، زەئىپ سۆزلەردە چۈشكۈن پىكىر.

▲ ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان قويمۇ ئاخىرى ئۆچكىلەردەك مەرەيدىغان بوپقالىدۇ.

▲ مىللەتكە ھەرنە بالا كەلسە، ساختا بىلىمدانلاردىن كېلىدۇ.

▲ ئىنسان ـ ئازابلارنى تەسۋىگە ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى تەكرار ـ تەكرار يادلايدىغان تالىب.

ـ نۇرانىيە مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ ناشىيول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ قاتار چاي ـ ئايالنىڭ غەيۋەت سورۇنى، كىيگەن كىيىمىنى كۆرسىتىدىغان مودېل سورۇنى، بىر ـ بىرىگە ئىش ئۆگىتىدىغان تەدبىر سورۇنى، باي ـ كەمبەغەلنى ئايرىيدىغان غەلۋىر سورۇنى، ئائىلىدە قوزغىلىدىغان جېدەل سورۇنىدۇر...

ـ رابىيە ئاۋۇت

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر تىنىقلىرى

▲ مەغلۇبىيەتكە چىقىش يولى ئىزدىگەن سەنئەت ھەقىقىي سەنئەت، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ كۈچى، جېنى ئەخلاقنى قۇتقۇزۇشتا.

▲ باشقىلارنى توغرا يولغا باشلايمەن، دېگۈچىلەر ئىزەلدىن باشقىلاردىن كۆپ جەبىر ـ جاپا چەككەن. مەشئەل دېگەن ئۆز ـ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋاتقان تەتۈر ئۈندەش بەلگىسى ئىكەن.

▲ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەسلىك جاسارەت، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلماسلىق ھالاكەت.

▲ باشقىلارنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشىمۇ مەنپەئەت ئۈچۈن بولسا، يامان كۆرۈشىمۇ ھامان مەنپەئەت ئۈچۈن بولىدۇ.

▲ باشقىلارغا تايىنىپ ياشىغانلار ھامان باشقىلارنىڭ قولىدا قالىدۇ. تاغلار ئۆزلۈكى بىلەن مەھكەم تۇرغانلىقتىن ھېچقانداق كۈچ ئۇلارنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ، تام ـ سېپىللارنى باشقىلار سوققانلىقتىن ھامان باشقىلار ئۆرۈۋېتىدۇ.

▲ ئىتتىپاقلىق ـ ئۆملۈك ئۈچۈن تىل ئۇقۇشماسلىقتىن، دىل ئۇقۇشماسلىق يامان.

▲ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىرسى سېنى ئۆزىنىڭ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشقا سالغان بولسا، مەيلى ئۇ سېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ قولىدا ھامان ئىككى پىچاق بولىدۇ. ئۇ شېرىن سۆز، چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن بىر پىچاقنى ساڭا بېرىپ ئۆز دۈشمىنىنى يوقىتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر پىچاق بىلەن سېنى يوقىتىدۇ. تارىختىن بېرى يامان ئىش قىلغانلار، بولۇپمۇ خائىنلار مۇشۇ ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

▲ ھەر قانداق ئىشتا ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشمىساڭ، ئاقىۋەت چوقۇم سەن بىلەن قاتتىق ھېسابلىشىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

## ئۈنسىز نىدالار

▲ ئەگەر بىز يولىمىزنى توسۇۋالغان تاشنى ئېلىۋەتمەي ئەگىپ ئۆتۈپ كەتسەك، ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئەجدادلىرىم مۇشۇنداق مېڭىپتىكەن، دەپ ئاشۇ يولدىن ئەگىپلا مېڭىشى تۇرغانلا گەپ.

▲ تۈرلۈك ئىمتىھانلاردا باشقىلارنىڭ ئوغرىلىقچە كۆچۈرۈشىگە يول قويغان كومىسسىيىنى شۇ مىللەتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا سەۋەبچى بولغان جىنايەتچى، دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

ـ ئەكبەر جاپپار

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ساقچىسى

## تەشۋىشلەر

▲ پەقەت پايدىلىنىشنى بىلسەڭلا نىجاسەتمۇ بىباھا گۆھەر.

▲ جاھاندا ئەسلا ئارتۇق نەرسە مەۋجۇد ئەمەس. ئارتۇق بىلىنگەنلىكى، پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئورنىنى تاپالمىغانلىقى، خالاس.

▲ ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆز ئىجادىيەت مەقسىتى قىلمىغان ئىجادىيەتچىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ قەبرىگە كىرىپ كەتكەن.

▲ شىپالىق مېغىزلارنىڭ قاتتىق شاكال ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئەڭ ئالىيجاناب ئىدىيە ۋە مۇقەددەس ئەنئەنىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاشنىڭ يوللىرى ھەققىدىكى ئەڭ روشەن بېشارەتتۇر.

▲ بالاڭنى يارامسىز دەپ ئەيىبلىگىنىڭ، ئۆزۈڭنى ئىقتىدارسىز دەپ تىللىغىنىڭدۇر.

▲ قەھرىمانى ئەلگ ئازابلايدىغىنى رەقىبىنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ ئاسىيلىقى.

▲ يالغانچىلىق بىراۋنىڭ ئادىتىگە ئايلانسا، پەسكەشلىك، ئالدامچىلىق ۋە ۋىجدانسىزلىق ئۇنىڭ كەسپىگە ئايلىنىدۇ.

▲ يالغان قەسەم ـ نامەردلەرنىڭ نىقابى.

▲ يالغان ۋەدە ـ قەسەملەرگە زىيادە ئىشەنگۈچىلەر قارماق بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەمچۆكنى چىشلىگەن نادان بېلىققا ئوخشايدۇ.

▲ شەخسىيەتچىلەر پەقەت مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندا ئاندىن ھەققانىيەت توغرىسىدا سۆز ئاچىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشى تەڭسىزلىكنىڭ ئاساسىي مەنبەسى.

▲ نامراتلىق بەزى چاغلاردا سىنى ناكەسلەرگە باغلاپ بېرىدىغان ئارقانمۇ بولالايدۇ.

▲ رەقىبىنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى ئالدىدا قەيسەرلىكىنى ئىپادىلىيەلىگەن باتۇرنىڭ خۇشامەتچىلەرنىڭ ماختاش سادالىرى ئالدىدا كەمتەرلىكىنى ئىپادىلىيەلىشى ناتايىن.

▲ ھەر قانداق نەرسىنىڭ قىممىتى شۇ نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئادەمدەك بىلىدىغان ئادەم يوق.

▲ ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا كۆچۈرۈشنى ئۆگەتكەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشلىرىنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۆگەتكۈچىلەردىن قىلچە پەرقى يوق.

▲ ئوقۇغۇچىنىڭ بۇتتەك ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىن پەقەت زامانىۋى قول يېتىشىپ چىقىدۇ.

ـ ئابدۇللاجان قۇدرەت

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېكىزيار كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئېينىشتېيىن 16 ياش ۋاقتىدا: «ئەگەر ئادەم نۇر بىلەن يۇگۈرۈشكە چۈشسە» دېگەن «بىمەنە» خىيالنى قىلىپ دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»گە ئۇل سالدى. نيۇتون گويا ئالما پىشسا يەرگە چۈشىدىغانلىقنى باشقىلار بىلمەيدىغاندەك، «يەر شارى ئالمىنى تارتامدۇ ياكى ئالما يەر شارىنىمۇ؟» دېگەن «قاملاشمىغان خىيال»نى قىلىپ دۇنياغا مەشھۇر «ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىز بەزى «بىمەنە خىياللىرىڭىز»نىڭ بىر يېڭى ئىدىيە ياكى يېڭى بىر قانۇنىيەتنى بايقاشقا تۈرتكە بولۇدىغان يىپ ئۇچى ئىكەنلىكىگە ئەمدى شەك كەلتۈرمەيدىغانسىز؟

▲ سۆكۈت گۈللىرىدىن تۆت تال ياپراقنىڭ تۆكۈلۈدىغانلىقى مەلۇم. ئۇلار: ئاقىللىق، قايىللىق، قارشىلىق ۋە ئاسىيلىقتىن ئىبارەت.

▲ ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىش دېگەن سۆز شۇبھىسىزكى، «خاتالىق» ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش دېگەن سۆزنىڭ ۋارىيانتى.

▲ ھوقۇق بەزىدە مۇشۇكنى يولۋاسقا، قۇشقاچنى بۈركۈتكە ئايلاندۇرالايدىغان سېھىرلىك ھاسا.

▲ دۇنيادىكى كىشىلەرنى مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىدىيە ياراتقۇچىلار، ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر ئىنتايىن زور سانى ئىگىلەيدىغان ئىدىيە قوبۇل قىلغۇچىلار، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىدىيىنى بۇزغۇچىلار. ئىنتايىن زور كۆپ ساندىكى ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر دەل ئۆزىگە ئوخشاشلارنى «نورمال»، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەرنى بولسا «سارالڭ»دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ھالبۇكى، تارىخ دەل مۇشۇ «سارالڭ»لارنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇدىغانلىقى ھەقىقەتكە ئايلانغان.

▲ تۈرمۇنلۇققا ئىگە كەسىپ ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى نابۇت قىلىدۇ.

ـ ئەھمەتجان مۇھەممەت (ئۇدمىش)

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە بازىرىدا باققال

*　*　*

▲ ئوتتۇرىلىقتا ماڭغان «دەللە»ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشى بولالمايدۇ.

ـ خالىدە رېھىماجى

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۈستۈنئاتۇش يېزا ئويتاغ كەنتىدە، دېھقان

▲ ئىنسان ھامان ئۆز قەلبىنىڭ ئاقلىغۇچىسى.

▲ ئاجىزلار مۇنداق ئىككى نەرسىدىن غەزەپلىنىدۇ: بىرى، كۈچلۈكلەردىن، يەنە بىرى ئەجدادىدىن.

ـ ئەمەتجان سەمەت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئاياللارنىڭ قىزىقچىلىقى ھاياسىزلىققا، ئەرلەرنىڭ قىزىقچىلىقى كۆڭۈل ئاغرىتىشقا ھامىلدار دۇر.

▲ مەسئۇلىيەت، ئادا قىلغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى، ئادا قىلالمىغانلارغا ئارتىلغان ئوشۇقچە يۈكتۇر.

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە قانۇندا شەك يوق، بەزى ئىجراچىلار گۇمانلىق.

▲ كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، يۈزمۇ ئېغىزدىن تۆكۈلىدۇ، ئېغىزنىڭى چىلك تۇت، يۈزۈڭنى ساقلا.

▲ كونىلارنىڭ «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا» دېگىنى، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىككە سېلىنغان كىشەندۇر.

▲ راستچىللىقنىڭ خورلانغان ۋاقتى يالغانچىلىقنىڭ باشلانغان ۋاقتىدۇر.

▲ چېقىمچى ئادەم ـ باشقىلارنىڭ قولىدا مال سويۇدىغان قاساپتۇر.

▲ ئەرلەرگە نىسبەتەن ئۆز ئايالىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىنمۇ ئارتۇق ھاقارەت يوقتۇر.

▲ ئازاب چەككۈچىلەرگە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ ئازابىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق تەسەللى يوقتۇر.

▲ يالغانچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق تەرەققىياتقا سېلىنغان كىشەندۇر.

▲ ئاتاڭدىن ئۆگەنگىنىڭ بالاڭغا مىراستۇر.

▲ كۈلكە ۋە يىغا دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىلىدۇر.

▲ ھۆرمەت چېكىدىن ئاشسا، خۇشامەتكە ئۆزگىرىدۇ.

▲ ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك ـ خارلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

▲ ئىقتىدارسىز باشلىق، يالغانچىنىڭ قونچىقىدۇر.

▲ ياخشى سىياسەتكىمۇ گۇمان بىلەن قاراش، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىدۇر.

▲ ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىش پەزىلەتتىكە چۈشكەن داغ.

▲ سېنىڭ پۇقرا ۋاقتىڭدىكى فەزىلىڭ ۋۇجۇدىڭنى تىترەتسە، مەنسەپدار ۋاقتىڭدىكى فەزىلىڭ ئالەمنى تىترىتىدۇ.

▲ تەكرارلىنىۋەرگەن راست گەپ، باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

▲ مۇھەببەت ـ ئوت، ھەسەتمۇ ئوت، ئالدىنقىسى شېرىن ئازاب، كېيىنكىسى ئاچچىق كۈلكە.

▲ زىيادە ماختاپ كۆتۈرۈش ـ ئەمەلىيەتتە چۈكۈرۈشتۇر.

ـئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ غۇرۇرى ئازار يېگەنلەرنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس، غەزەپ تۆكۈلىدۇ.

▲ «ماڭا ئىشىنىڭ» دېگۈچىلەرگە ھەرگىز ئىشەنمە. چۈنكى ئىشەنچسىز كىشىلەرلا باشقىلارنى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنىدۇ.

▲ ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىدىغان «زەھەر» پۈتۈن تەن ۋە روھنى چىرماپ ئاندىن مەقسىتىگە يېتىدۇ.

▲ تەشەككۈرنى توغرا يول بىلەن ئىپادىلىمىسەڭ ئاھانەتكە قالىسەن.

▲ بىر ـ بىرىنىڭ تۇيغۇسى بىلەن سىردىشالىغانلارلا، بىر ـ بىرىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا چۆكۈپ ئەڭ ساپ تىلدا سۆزلەشكەنلەر ھېسابلىنىدۇ.

▲ كۆزگە ئىشەنمە، ئۇ سىرلىق، تىلغا ئىشەنمە، ئۇ سۆڭەكسىز. پەقەت تۇيغۇڭ ئەڭ ئىشەنچلىكتۇر.

▲ ئادەملەر تۇرنىدىن جۇپلىشىشنى، ئېيىق، بۆرىدىن پەرزەنتلىرىنى قوغداشنى ئۆگەنگەن بولسا، تالاي كۆز يېشى تۆكۈلمىگەن بولاتتى.

▲ ئەرلەر ئاياللارنىڭ تېنىنى ئەمەس، روھنى بويسۇندۇرالىغان بولسا، ئانىلاردىن غەم يەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى.

▲ قىزلار ئېرىشكەنلىرىگە قاراپ ياش تۆكسە، ئوغۇللار ئېرىشەلمىگەنلىرىگە قاراپ ياش تۆكىدۇ.

▲ ئاق كۆڭۈللۈك — قىزلارنىڭ ئەڭ ئالىيجانابلىقى ھەم ئەڭ ئاجىزلىقىدۇر.

ـ غۇنچەم ئابا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ياندۇرما يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ تاقەت قىلىشنىڭ ئۆزى بەدەل دېمەكتۇر.

▲ ياغلىما تىل ئارقىسىدا قەبىھ دىل يوشۇرۇنغان.

—بۇۋىھەجەرگۈل ئابا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ياندۇرما يېزىسىدا، دېھقان

## تەپەككۇر ھېسلىرى

▲ ئۇستا ساتراشنىڭ قولى كىشىلەرنى ئۇخلىتىپ قويسا، تالانتلىق يازغۇچىنىڭ قولى كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتالايدۇ.

▲ پارىخور مەنسەپدارغا ئەرز ئېيتقانلىقىڭ، ئۆزۈڭنى گۆرۈڭگە قويغانلىقىڭ.

▲ ئىجراسى يوق قانۇن ـ سېپى يوق قىلىچ.

### قىزلارغا سۆز

▲ ئەي قىزلار، ئالدىراپ يىگىتلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىمەن، دېمەڭلار، چۈنكى ئىنسان قەلبى قۇشقا ئوخشايدۇ. چۈشتىن بۇرۇن بىر شاخقا قونغان قۇشنىڭ چۈشتىن كېيىن قايسى شاخقا قونۇشنى بىلەمسىلەر؟

### دادىلارغا سۆز

▲ پەرزەنتنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن ئاتا ـ ئانا پەرزەنت تەرىپىدىن ۋەيران بولغۇسى.

▲ ۋاپاسىز پەرزەنتنىڭ دەردى يامان بولسا، ۋاپالىق پەرزەنتنىڭ ئوتى يامان.

ـئېلى مۇھەممەت

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئانىقىز كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ـئەرلەرنى ئۆيدىن سوۋۇتقان نەرسە نېمە؟

ـ ئاياللارنىڭ مېھىرسىزلىقى.

ـ ئاياللارنى كوچىغا تارتقىنچۇ؟

ئەرلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى.

▲ يالغۇز باشقا ئەچىقىدىغان ئىشلار كۆپەيگەنسېرى كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ئازىيىدۇ.

▲ نېمىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بولالايسەن.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، ماددىي نەرسىلەر ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن يەردە كىشىلەرنىڭ روھى كاردىن چىقىدۇ.

▲ تاۋار ئىگىلىكىدە ماددىي بايلىقنىڭ موھتاجلىقى روھىي بايلىقنىڭ موھتاجلىقىدىن ئېغىر. بىلىم ئىگىلىكىدە روھىي بايلىقنىڭ تەقەززاسى ماددىي بايلىقنىڭ تەقەززاسىدىن كۈچلۈك. مانا بۇ بىر جەمئىيەتنىڭ بىلىم ئىگىلىرىگە بولغان ساداقىتىنى ئۆلچەيدىغان كۆرسەتكۈچ.

▲ كۆزۈڭ كۆرگەننى كۆڭلۈڭ ھېس قىلالىسا، سەن ھەقىقىي دانىشمەنگە ئايلىنىسەن.

▲ مەجبۇرىي كۈلكە ئەقىلنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، روھنى چىرىتىدۇ.

▲ ئادەملەر باتۇرلۇق روھنى يوقاتقان چاغدىلا ماشىنىغا ئايلىنىدۇ.

▲ نىشانىڭ مەۋھۇم بولسا ئېزىقىسەن، كونكرېت بولسا بالدۇر يېتىسەن.

▲ بالدۇر ئېرىشەلمىگەن نەرسەڭ، كېيىن ئېرىشكىنىڭدىن قىممەتلىك بولىدۇ.

▲ ئەركىنلىك باشقىلار بېرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان كۈچ ياكى ئىدىيىدۇر.

▲ ئاياللار زىيادە ئەركىن ئەلدە ئەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇنىدۇ.

▲ ئايالدا مەدەت، ئەرلەر قەھرىمان،
ئايالدا غەيۋەت، ئەرچۇ سەرگەردان.
ئايالدا ھۆرمەت ھەمدە نازاكەت،

ئەردە ھەقىقەت بولار نامايان.

▲ ئەتراپىمىزدىكى قەدىرلىك نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ يېتەلىگەندە، خىيالىمىزدىكى غايىۋى نەرسىلەرگە مەستخۇش بوپكېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن رېئاللىق ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ.

▲ قەدىرلىك نەرسىلەر ئۇنتۇلسا، قەدىرسىز نەرسىلەر ئۇلۇغلىنىدۇ.

▲ ساقا مەسلىھەتىم، بىرىنچى قېتىم خورلۇق ھېس قىلغىنىڭدا سۈكۈت قىلما، بولمىسا خورلۇق ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ماھىيەتتە خەلقىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنياغا ئۆز رېئاللىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆزىتىۋاتقان ئەقىل كۆزىدۇر.

▲ قەدىرلىمىگەن نەرسىلەرنىڭ قەدىرىگە يېتىسەن، ئەمما كېچىكىسەن.

▲ بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئۆگىنىشسىزلىق، كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئۈمىدسىزلىكتۇر.

ـشىرمۇھەممەت تۇردى

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خويزۇ يېزا مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق (ئىجتىمائىي پەن) سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش مۇناپىقنىڭ ئىشىدۇر، چىن ئىنسانىڭ كۆز يېشىدۇر.

▲ خوتۇن ئەرنىڭ تېۋىپىدۇر، ئۇ سېنىڭ مىجەزىڭگە بېقىپ ئىش كۆرىدۇ.

▲ كەڭ قورساقلىق مۇھەببەتنىڭ دورىسى، ھەسەتخورلۇق ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ بومبىسى.

▲ ئانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي دېسەڭ، چۈجىلىك مېكيانغا قارا.

▲ نەچچە مىليونلىغان بىر خىلدىكى ئۈچار قۇش ئوخشاش رەڭ، ئوخشاش جىسىم، ئوخشاش ئاۋاز، ئوخشاش قانات ـ قۇيرۇق تۇرۇپمۇ ئۆز جۈپتىنى ئاداشتۇرمايدىكەن. بۇ دەل مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىدۇر.

▲ ئاقىللارنىڭ نادانلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشى، پىلنىڭ پاشا تەرىپىدىن خورلىنىشىغا ئوخشاش قىسمەتتۇر.

▲ قەپەسكە قامالغان قۇشنىڭ سايرىشى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئۆۋالچىلىقىغا قىلىنغان نالە ـ پەريادىدۇر.

ـتوختىھاجى سەيىددىن

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ئەگۈس يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رەزىللىك، پەسكەشلىك، ئىپلاسلىقلارنىڭ ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ھالقىپ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئادەملەردىمۇ بايقىلىپ باقمىغان، داۋالاش قىيىن بولغان ۋەھشىي كېسەللىكلەرمۇ مەيدانغا كەلمەكتە.

▲ بىمارلارنى تەكشۈرۈدىغان ئۈسكۈنە ـ ئاپپاراتلارنىڭ شۇنچە ئىقتىدارلىق كەشىپ قىلىنىشى بىلەن، دوختۇرلار بارغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە تېۋىپ، ئەپسۇس، ئاپتور ئەسىرىگە ئىسمى فامىلىسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

▲ ھاراق ـ تاماكىنىڭ زىيىنىنى بىلىپ ئىچىپ ـ چەككەنلىكىمىز، «ئورىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر»نى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىمىز.

ـئابلىز ھېمىت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىدا، دېھقان

### تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ بۈگۈن ئانىلار چاپسا چايغا، ئەتە ئەۋلادلار پاتار لايغا.

▲ پۇل ـ بىر بىسىدىن ياخشىلىق، بىر بىسىدىن يامانلىق چاقناپ تۇرغان قوش بىسلىق خەنجەر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۈكى، ھوقۇق زالىمغا تەگسە، قامچا ئالىمغا تېگىدۇ.

▲ كېسەللىك ـ كېلىشى تېز، كېتىشى ئاستا چاقىرىلمىغان «مېھمان».

▲ دادىنىڭ بالا تەربىيىلىمىگىنى ئۆزىگە دۈشمەن يېتىشتۈرگىنى، ئانىنىڭ بالا تەربىيىلىمىگىنى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاپەت يېتىشتۈرگىنى.

▲ «خوشە!»نىڭ ئورنىغا «نېمە ئۈچۈن؟» ئالماشقان كۈن دەل بىزنىڭ يۈكسىلىشكە قەدەم باسقان كۈنىمىزدۇر.

ـئىلھامجان مەخەت

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ (ئىجتىمائىي پەن) ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئادەم ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەجرى مېۋە بەرمىگەندە ئۇنى ئازابلايدىغىنى يېڭىلىش ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسەللىسى ۋە ئىچ ئاغرىتىش سۆزىدۇر.

▲ مۇھەببەت ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇش، ئازابلىنىش بىر بولسا ئادەمگە قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ، بىر بولسا تارتىپ بولمىغىدەك روھىي ئازاب سالىدۇ.

ـمېھرىبان مەھمۇت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### يېتىم ھېسلار

▲ تولا تەكتىلەنگەن ئىش ئەسلى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە، دىتىغا ياقمىغان ئىش، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش سەن تەكتىلىمىسەڭمۇ ئۆزلۈكىدىن قىلىنىدىغان ئىش.

▲ ئەگەر ھايۋانلار گەپ قىلالىغان بولسا، ئالىسى ئىچىگە چىققان بولاتتى.

▲ نوقۇل جان بېقىشنى مەقسەت قىلىپلا تىل ئۆگىنىش مىللەتكىلا ئەمەس، ئىنسانىيەتكە، دۇنيا تىللىرىغا، تىل مەدەنىيىتىگە قىلىنغان ھاقارەتتۇر.

▲ تېرىلغۇ يېرىگە ھىيلە ئىشلەتمەي ئىجتىھات بىلەن كەتمەن چاپقان دېھقان بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىمدە توشقان پەزىلەتلىك زىيالىي ـ ئۆلىمالارنىڭ ئەجرى ماھىيەتتە ئوخشاشتۇر. دېھقان قان ـ

تەر بەدىلىگە ئاۋامغا ماددىي مەنپەئەت ئاتا قىلسا، زىيالىي ـ ئۆلىمالار پايدىلىق ئىلىم ـ سۆزلىرى بىلەن جامائەتنى ھەق يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

▲ ھازىر بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىشى، بىر بولسا شۇ دۆلەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلىسە، بىر تەرەپتىن ئاجىز، يۈرىكى پوك ـ پوكلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ـياسىنجان ئىمىن ئۈمىديار

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر شامالباغ يېزا شامالباغ كەنتىدە، باققال

* * *

▲ رومكا سوقۇشتۇرۇلۇپ باشلانغان دوستلۇق رومكىنىڭ چېقىلىشى بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدۇ.

▲ «سورۇن كۆرگەنلىك» بىلەن ئەقىل ئۆلچەنسىدىغان بولسا، زابويلارنىڭ ھەممىسى ئالىم بولار ئىدى.

ـ مىرەھمەت ئابلەت

---

ئاپتور: كورلا شەھەر 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئەقىللىق دۈشمەن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىدۇ.

ـ ياسىنجان شايۇسۇپ

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر يۇلتۇزلىرى

▲ پۇل ھەممىگە قادىر يەردە، بايىنىڭ ئۆلۈمىمۇ تويدەك، كەمبەغەلنىڭ تويىمۇ ئۆلۈمدەك.

▲ ساداقەت ـ مۇھەببەتنىڭ تىنىقى.

▲ مەن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆرگەن، ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆرگەن، خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆرگەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يۇرت ـ ماكانىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆرگەن، ئەمما پۇلنى تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم.

▲ خەلقنىڭ باي ياكى نامرات ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، خەلق ناخشىلىرىغا قۇلاق سال.

▲ مۇھەببەتلىشىشتىن بۇرۇن ئوغۇللار خۇدىنى يوقىتىدۇ، مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن قىزلار خۇدىنى يوقىتىدۇ.

▲ ئادەم ئادەمدىن پايدا ئالالمىغان چاغدىلا ئادەمدىن خاپا بولىدۇ.

▲ ئىشچان ئادەم بىر قېتىم جاپا چەكسە، ھورۇن ئادەم مىڭ قېتىم جاپا چېكىدۇ.

▲ ھەسەتخورلۇق قىلىش مەغلۇب بولغان كۈندىن باشلانغان.

▲ ئادەم ئىككى خىل ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە: باشقىلار پەخىرلەنگىدەك ياشاش ياكى باشقىلار ئىبرەت ئالغىدەك ياشاش.

▲ پىخسىق ئادەمنىڭ پىخسىقلىقى باي بولسىمۇ مەردلىك قىلالمايدىغانلىقىدا، مەرد ئادەمنىڭ مەردلىكى نامرات بولسىمۇ پىخسىقلىق قىلالمايدىغانلىقىدا.

▲ جەمئىيەتتە نېمە ئۈچۈن بەختلىك ئادەم ئاز، بەختسىز ئادەم كۆپ؟ چۈنكى كىتابخانىدا ئادەم ئاز، مەيخانىدا ئادەم كۆپ.

▲ ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدا پەقەت بىرلا سەۋەب مەۋجۇد. ئۇ بولسىمۇ مەنپەئەت.

▲ ئادەمنىڭ ئادەم بولالىشى قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بارلىققا كەلگەن.

▲ ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسنى ھۆرمەتلىشىدىكى سەۋەب پەقەت بىر خىل، باشقىلارنى ھۆرمەتلىشىدىكى سەۋەب ھەر خىل.

▲ ئادەم ئىبلىستا چاقىقان، پەرىشتە تەمكىن.

▲ ناۋادا شەيتاننى كۆرگىلى بولسا، نۇرغۇن ئادەم شەيتاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

ـئابدۇقەييۇم ئېيسا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## نىكاھ ئوخشايدىغان ئوبيېكتلار

▲ نىكاھ ـ كۈنلۈككە ئوخشايدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆتۈرۈۋالغان بۇ «يۈك»تىن تولىمۇ بىزار بولىسىز. پەقەت ئۇنى چۆرۈۋەتكىنىڭىزدە ئاندىن تەبىئەتنىڭ قار، بوران، يامغۇرىنىڭ بارلىقىنى، ئىلگىرىكى كۈنلۈك ئاستىدىكى كۈنلىرىڭىزنىڭ ئەڭ خاتىرجەملىكىنى ھېس قىلىسىز.

▲ ياخشى ئايال ـ ياخشى ئەرنىڭ مەكتىپى، بىراق ئۇ بۇ ياخشى ئوقۇغۇچىنىڭ مەڭگۈ ئوقۇش پۈتتۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

▲ نىكاھ ـ خۇددى بانكىغا پۇل قويغانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز نىكاھ تۈزمۈشىڭىزدىن رازى بولسىڭىز پۇلىڭىز كىرىمگە تەڭ، ئەكسىچە بولسا چىقىم.

▲ نىكاھتىن ئىلگىرى قىزلار، نىكاھتىن كېيىن ئەرلەر كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىدۇ.

## ئەخلاق ئۈچقۇنلىرى

▲ سەممىيەتسىز ئادەم ساختا پۇلغا ئوخشايدۇ، كىملا كۆرسە «يالغان» دەپ تۇتقىلى ئۇنىمايدۇ.

▲ ھەممە دەيدۇ: «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە بىر ئايال بار». مەن دەيمەن: «مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان ئەرنىڭ كەينىدە ئىككى ئايال بار».

▲ كىچىك مۇۋەپپەقىيەت ئەقىلگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقسا، چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئەخلاققا تايىنىپ مەيدانغا كېلىدۇ.

## ئېغىر تىنىق

ئۇ دېدى: «ئايالنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ئەڭ گۈزەل». سەن دەيسەن: «ئۇلارنىڭ سەممىي ۋاقتى ئەڭ گۈزەل». خەق دەيدۇ: «كەڭ قورساق ئايال ئەڭ گۈزەل». بىراق مەن دەيمەن: «ھەي، يەنىلا ئۇلارنىڭ تىنچلانغان ۋاقتى ئەڭ گۈزەل...»

## تەتۈر تاناسىپلار

▲ بالىنى ئانا تۇغىدۇ، بىراق «دادا»دەپ تىلى چىقىدۇ.

▲ ھەممە ئىشنى ئوڭ قول قىلىدۇ، لېكىن ئۈزۈكنى سول قولغا سالىمىز.

▲ بالىلار تېزرەك چوڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، چوڭلار بالىلىققا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

▲ تېلېفون دەپتىرىمىزدىكى ئىسىملار كۆپىيىپ پاتماي قالدى، بىراق قەلبىمىزدە قالغان ئىسىملار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى.

▲ ئوقۇغان كىتابلىرىمىزنىڭ جىلغىقىدىن ئۆزۈمنى بىلىملىك ھېسابلاپ يۈرسەم، ئەتە تاپشۇرۇدىغان تەسرات ماقالىسىنى باشلىيالماي

يۈزۈم قىزاردى.

▲ تونۇشلىرىمنىڭ كۆپلىكىدىن، دوستۇمنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدىم.

## قىزىقارلىق ئىنسان تەبىئىتى

دۇنيادىكى بارلىق قىزىقارلىق نەرسىلەر ئىچىدە ئىنسان تەبىئىتى ئەڭ قىزىقارلىق. ئىشەنمىسىڭىز ئاڭلاپ كۆرۈڭ.

▲ تونۇگۈندىن ساۋاق ئالمايدۇ، ئەتىگە ئىنتىلىدۇ، بۈگۈننى قەدىرلىمەيدۇ، مانا بۇ ئۈلارنىڭ پۇشايمانى ھەر دائىم ئۆزىگە سايە قىلىشىدىكى توپ سەۋەب.

▲ ياش ۋاقتىدا سالامەتلىكىنى قۇربان قىلىپ، جىنىنىڭ بارىچە پۇل تاپىدۇ. ياشانغاندا بولسا پۇلنى قۇربان قىلىپ سالامەتلىك ئىزدەيدۇ.

▲ ئىنسان بالىلىقىدا تېزرەك چوڭ بولۇشنى تىلەيدۇ، قېرىغاندا بولسا بالىلىققا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

▲ ھايات ۋاقتىدا خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك ياشايدۇ، ئۆلۈدىغاندا بولسا خۇددى ياشاپ باقمىغاندەك كېتىشكە كۆزى قىيمايدۇ.

▲ بارلىق كىشىلەرنى خۇشال قىلسام دەپ ئويلايدۇ، بىراق خۇشال قىلىشقا تىگىشلىكلەرنىمۇ خۇشال قىلالمايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ياخشى كۆرەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ.

▲ «شېئىر»دىدا ئون قېتىم، «ماقالە»سىدا 100 قېتىم ئانا دەپ يازىدۇ، بىراق «ئانا» دەپ بىرەر قېتىم پۇت ـ قولىنى تۇتۇپ قويمايدۇ.

ـمۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمىسى

## تەڭسىز مۇھەببەت

بىزدە قەھرىمانلىق داستانلىرى تولىمۇ ئاز، لېكىن مۇھەببەت داستانلىرى بەكلا كۆپ. بىزدە جەڭگىۋارلىققا ئىگە ناخشىلار تولىمۇ ئاز، لېكىن «يار»، «سۆيگۈ» ھەققىدىكى ناخشىلار تولۇپ يېتىپتۇ. شۇڭا بىزدە ۋەتەن مۇھەببىتى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمانلارغا قارىغاندا، سۆيگىنى ئۈچۈن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدىغانلار كۆپرەك.

## پەردىشەپ

جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلۇپ ئايرىلىشى، بەلكىم جۈپلەرنىڭمۇ ئارىلىق ساقلىشى زۆرۈر بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ـ ئەكرەم ئەمەت

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۇيغۇر ئۈچئون خويزۇ يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تون ھېسلىرى

▲ ئادەملەر ۋە دۇنيانى مۇھەببەتتىن كۆرە نەپرەت ئاسان ئۆزگەرتىدۇ. مۇھەببەتكە ھەممە نەرسە ھاملدار، نەپرەتكە پەقەت تىرىشچانلىقلا ھاملدار.

▲ دۈشمەننى كۆرگىلىمۇ كۆز كېرەك، ئەمما ھەسەتتىن يىراق تۇرغىنى ياخشى؛ دوستنى كۇلدۇرگىلىمۇ سۆز كېرەك، ئەمما ساختىلىقتىن يىراق تۇرغىنى ياخشى.

▲ كۆپلىگەن كىشىنىڭ خاتالىقى، يوقاتقانلىرىنى ھەقىقەت دەپ قاراپ، ئېرىشكەنلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدا.

▲ بىرەر نەرسە ئىجاد قىلىشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىدىن ئۇنى قوبۇل قىلىش، چۈشىنىش، ئىشلىتىشنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ بىزنىڭ باشقىلاردىن پەرقىمىز بولسا كېرەك.

▲ پۇرسەت خەتەرسىز، ئەڭ يېقىن چىقىش يولى.

▲ داۋراڭ سېلىش ئىككى سەۋەبتىن: بىرى، بىلىمسىزلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىرى ھەسەت ئوتىنىڭ كۈچىدىن.

▲ رېئاللىققا يۈزلىنىش مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ ھەقىقىي جەڭ جەڭگاھتا ۋە تون نىسپىدىكى تەپەككۇر ئوچىقىدا.

## ئوغلۇمغا ئۈچ ھېكمەت

▲ ھەق سۆزنى ئېيتقان دۈشمەنگە دوستلۇق نەزىرىدە قاراشنى، خۇشامەت قىلغان دوستتىن ھەزەر ئەيلەشنى ئۆگىنىۋال.

▲ ئۆزۈڭدىن ھېساب ئېلىشنى، باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى ئۇنتۇما، ئاز خاتالىشىسەن.

▲ ئاناڭدىن ئىش ئۆگەن، ئاتاڭدىن ئەقىل ۋە گەپ ئۆگەن.

ـ ئابدۇرېھىم قادىر

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ۋەيران بولغان ئەردىن قانداق ۋەيران بولغان دەپ سورىماي، قانداق خوتۇن ئالغان، دەپ سورا.

▲ ئاپامنىڭ كارنىيىڭنى سىقىشقا ھېجىيىپ تۇرغان دادام، ئاكامنىڭ مۇشت كۆتۈرۈشىگە نېمىمۇ دېيەلەيسەن؟

ـ پەيزۇللا سەيپۇل

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئونيار يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى

## بۇرمىلۇق كۇلۇچ

▲ ئۆزۈڭنىڭ دېپىنى چالساڭ دۈشمەن تاپىسەن، باشلىقىڭنىڭ گېپىنى چالساڭ يالغۇز قالىسەن.

▲ مېۋىدىكى كېچىككىنە زېدىگە سەل قارىما، ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ زېدە بارلىق مېۋىنى سېسىتىدۇ.

▲ ئىتنىڭ قىلغىنىنى ئىگىسىگە بولغان ۋاپادارلىقى ۋە ساداقىتى دەپ چۈشەنسەڭ، ئىت خۇيلۇقنىڭ قىلغىنىنى خوجايىنىغا بولغان يالاقچىلىقى ۋە تەخسىكەشلىكى دەپ چۈشەن.

▲ ئارقىڭغا قارىماي مېڭىۋەرسەڭ، ھالڭ لېۋىگە كەلگەندە قانداق چېكىنىشنى بىلمەي مەغلۇب بولىسەن.

ـقاھارجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: خوتونسۇمۇل (خېجىڭ) ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قانۇن ئەمەس «قانۇن»لار

▲ ئوغۇلبالىچىلىق ـ ئەرلەرنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادى.

▲ ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ئورنىدا ئەمەس، ئادەمنىڭ ئورنى ئادەمنىڭ ئىقتىدارىدا بولىدۇ.

▲ ياخشى ئادەم تۇرۇپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچراۋاتىمەن دەپ زارلانما، بەلكى ياخشى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇۋالچىلىققا ئۇچراۋاتىمەن،

دەپ بىل.

▲ باشقىلارغا تېگىشلىك شان ـ شەرەپنىڭ خاتا ھالدا ئۆزۈڭگە كەپقالغانلىقىنى سەزگىنىڭدە، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلىسەڭ، ھەقىقىي تۈردە ئۆزۈڭگە تېگىشلىك شان ـ شەرەپكە ئېرىشەلەيسەن.

▲ ئاڭغا ئىگە بولۇش ئىنسانلارنىڭ بەختلىكلىكى، ئاڭغا بوغۇلۇش ئىنسانلارنىڭ بەختسىزلىكى.

▲ ئىقتىدارلىق ئادەم ئەمەس، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى لايىقىدا ئىشلىتەلىگەن ئادەم ئىقتىدارلىق رەھبەر بولالايدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەم دەرىجىسى بولمايدۇ.

▲ «ھېچكىمگە دېمە» دەپ تۇرۇپ دېيىلگەن گەپ، ھېچكىمگە دېمەيمەن دەپ تۇرۇپ دېيىلگەن گەپ بىلەن ئوخشاش.

▲ گۆدەك روھقا نىسبەتەن تەن روھنىڭ ئويۇنچۇقى، روھ پەيلاسوپلۇق مەقامىغا يەتكەندىلا تەن روھنىڭ ھەقىقىي قۇچىقىغا ئايلىنىدۇ.

▲ ـقانداق ئادەملەر قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدۇ؟

ـ كۆڭلىمىزنى ئايىماي، كۆڭلىدىكىنى دەيدىغان ئادەملەر.

ـ قانداق ئادەملەر قارشى ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ؟

ـ كۆڭلىمىزنى ئاياپ، كۆڭلىدىكىنى دېمەيدىغان ئادەملەر.

▲ پەيلاسوپلىرى ئاجىز مىللەت بالا مىللەت، پەيلاسوپلىرى ئاز مىللەت چالا مىللەت.

▲ ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئۈچۈن ئۆلسەڭ ئۆلمەيسەن، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئۆلسە، ئۆلمىسەڭمۇ ئۆلۈسەن.

▲ نوپۇزغا ئىلىم ـ پەن نۇقتىسىدىن قاراشقا بولىدۇ، لېكىن ئىلىم ـ پەنگە نوپۇز نۇقتىسىدىن قاراشقا بولمايدۇ. ئىنسانىيەت نوپۇزچىلىقتىن قۇتۇلغاندىلا، ئىلىم ـ پەن نوپۇزچىلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد بولىدۇ، ئىلىم ـ پەننىڭ يولى ھەسسىلەپ داغداملىشىدۇ.

▲ جانلىقلارنىڭ ئورتاقلىقى ئۆلۈمدە ئۆلۈش، ئادىمىيلىكنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۆلۈمدە تۇغۇلۇش.

▲ ئۇستازلىقىڭغا ئىشەن، شاگىرتلىقىڭغا ئىشەنمە. شۇنداق قىلالىساڭ ئۇستازىڭغىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ ئىشەنگەن بولىسەن.

▲ پۇلنى يۈز تۈكۈپ تاپما، يۈز تۆكۈشكە خەجلىمە، بەلكى يۈزۈڭ بىلەن تاپ، يۈزۈڭ ئۈچۈن خەجلە.

▲ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى تەن ئالساڭ، ئۆلمەيدىغاندەك ياشا.

▲ سوۋغات ئادەمنى تەمەخورلۇققا ئۆگىتىدۇ.

▲ ھەقىقىي ئەر ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، ئاجىزلار ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ.

▲ ئىلىم قەدىرلەنسە، ئالىم قەدىرلىنىدۇ.

▲ ھاياتلىق مۇساپىسىدە پەقەت ئالدىڭدىلا يول بار، كەينىڭدە يول يوق.

▲ ھېسسىياتتىن خالىي ئەقىل ئەڭ ساپ بولىدۇ، لېكىن ئەڭ گۈزەل بولمايدۇ؛ ھېسسىياتتا بېزەلگەن ئەقىل ئەڭ گۈزەل بولىدۇ، لېكىن ئەڭ ساپ بولمايدۇ.

▲ تۇيغۇ يەتكەن چوڭقۇرلۇققا ئەقىل يېتەلمەس، ئەقىل يەتكەن يۈكسەكلىككە تۇيغۇ يېتەلمەس.

▲ ھايات مۇساپىسىدە تالاي ئىمتىھانغا دۇچ كېلىمىز. بەزىسىدە لاياقەتلىك بولساق، بەزىسىدە لاياقەتسىز بولىمىز. مېنىڭچە، بەزى ئىمتىھانلاردىن لاياقەتسىز بولساقمۇ كارى چاغلىق. بىراق بەزى ئىمتىھانلاردىن جەزمەن لاياقەتلىك بولمىساق بولمايدۇ. بۇنىڭ بىرى ۋە بىرىنچىسى ئادىمىيلىك.

ئادىمىيلىك ئالىملىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن ئالىم بولالماسلىق ئەيىب ئەمەس، ئادەم بولالماسلىق ئەيىب. شۇڭا ئادەم ئالدى بىلەن ئادەم، ئاندىن ئالىم بولۇشى كېرەك.

ئادەم بولۇش ئالىم بولۇشتىن قىيىن. ئالىم بولۇش ئۈچۈن ئەقلىي كۈچىڭىز زور، ئىختىرالىرىڭىز مول بولسىلا بولىدۇ. ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئادىمىيلىكنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ئادا قىلىشقا، ھەتتا بەزىدە جاندىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ ئۆتمۈشنى سېغىنىش ھازىرنىڭ جۇتلۇقىدىن، ئۆتمۈشكە ئېچىنىش ھازىرنىڭ خۇپلۇقىدىن.

▲ ئېقىنغا قارشى ماڭساڭ، ئېگىزگە ماڭغان بولىسەن.

▲ ئۆلۈمدىن قورقمىساڭ ئۆلمەيسەن.

▲ غالىبلىقنىڭ ـ مەۋجۇدلۇقنىڭ

ـتاغلاش

---

ئاپتور: ئوقۇنقۇچى

## ئۈمىد شوللىرى

▲ كەچۈرۈۋېتەلمىگەنىكەنسەن، ئۇنداقتا ۋاز كەچ.

▲ باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئازابلايدىغان ئادەم، دەل رازى بولمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىقلا تۈزەتكىلى ياكى يېڭىدىن باشلىغىلى بولىدۇ.

▲ ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ خۇدۇكسىرەپ يۈرۈيدىغان ئادەم، ئەڭ كۆپ نەرسىدىن مەھرۇم ئادەمدۇر.

▲ ئۆز مەنپەئىتىڭنى قوغداش ئۈچۈن رەزىللىك يولىنى تاللىما. ساڭىلا، سېنى ھامان كەچۈرۈۋېتىمەن.

▲ دەككە ـ دۈككىدە قىلىنغان ئىش ھامان شەرمەندىلەرچە ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل ئاھانەتلىك بەدەلدۇر.

ـئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەر ۋىلايەت چېگرا مۇداپىئە ئارمىيە ئەترىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگوۋەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئەرلەرنىڭ ئورۇنسىز ھەجىيىشى مازاقتىن، ئاياللارنىڭ ئورۇنسىز ھەجىيىشى ساڭا قۇرۇلغان قىلتاقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

▲ ئاقىللارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەقلى دۇمبىسىگە ئۆتكەندە، نادانلارغا خۇشاللىق يەتكەندە ئۇلارنى ھاراق سورۇنىدىن ئىزدە.

▲ ھاجىتى چۈشكەندە ئالدىڭدا نازلانغان ئاياللار، ھاجىتى راۋا بولۇپ بولغاندا سېنى تونۇمايدۇ.

▲ شۇنداق ئادەم بولغىنكى، سېنى كىم قەيەردە كۆرسە ھۆرمەتتىن بولامدۇ ياكى قورقۇنچتىن بولامدۇ، ئىشقىلىپ ھېيىقىدىغان بولسۇن.

▲ بوران چىققاندا بورانغا قارشى يۈگۈرمە.

▲ ساڭا ياخشىمۇ، يامانمۇ كۆرۈنمەيدىغان ئادەم سەن ئەڭ چۈشەنمەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ مېنى خۇدا ئۇردى دېسەڭ، جېمى ئالەم قوشۇلۇپ سېنى ئۇرىدۇ.

▲ قوپاللىقنى ئادەت قىلغىنىم ساختىپەزلىكنى ئۆچ كۆرگىنىمدۇر.

▲ ياشاش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال كەسىپ ۋە تىل ئۆگىنىشىڭ كېرەك.

▲ ھەممىدىن گۈزەل ئايال كىم؟ مېنىڭچە، ئۇ ئىككىقات ئايالدۇر.

▲ پاسسىپلىق ئۈمىدسىزلىككە، ئۈمىدسىزلىك چۈشكۈنلۈككە، چۈشكۈنلۈك ئۆلۈمگە يول ئاچىدۇ.

▲ ئاسان چېقىلغان ئۈچكىنىڭ مېغىزى پۇچ بولىدۇ.

▲ تەييار نېمەتكە تويمىغان، تاپقان نېمەتكە تويار.

▲ قەيەردە ھۆرمەت تاپساڭ شۇ يەردە يىلتىز تارت.

▲ نادانغا قىلىنغان ئىلمىي چاقچاق ساراڭغا قىلىنغان سالامغا ئوخشايدۇ.

▲ قوشلارنىڭ تىلى قوشلارغا چۈشىنىشلىك بولغاندەك، مېنىڭ تىلىممۇ شائىرلارغا چۈشىنىشلىك.

▲ ھېلىگەرلىك ساڭا پايدا ئەكېلىشى مۇمكىن، ئەمما بەخت ئەكېلەلمەيدۇ.

▲ قىزلىرىمىز قىزلىق ئىپپىتىنىڭ، يىگىتلىرىمىز ئەرلىك سالاھىيىتىنىڭ قىممىتىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەندە، بىز پۈتۈنلەي تاۋارغا ئايلىنىپ كېتىمىز.

▲ جەننەت ئەقىل بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ ئارىسىدا.

▲ بىرى سەن ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك، بىرى سەن ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچسىز نەرسە ھەققىدە كۆپ غەم قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

▲ چۈشسىز كېچە ئاسان ئەستىن چىقىپ كەتكەندەك، ئىشسىز كۈنمۇ ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

▲ ئائىللىق خىسلىتىڭ بىلەن ئەرلىك غۇرۇرۇڭنى قوغدا، قىزلىق ئىپپىتىڭ بىلەن يىگىتلىك قىممىتىڭگە باھا بەر. شۇندىلا مۇھەببەتسىزدىن ۋايىم يەپ يۈرمەيسەن.

▲ سۆيگۈ لەززىتىدىن مەستخۇش بولۇش بىردەملىك ئىش، سۆيگۈ لەززىتىنى ھېس قىلىش ۋە بىلىپ يېتىش بىر ئۆمۈرلۈك جەريان.

ـ ئەھەت مامۇت

---

ئاپتور: كوچا ناھىيە چىمەن بازار كاللاپەيلو كەنتىدە، دېھقان

## نامرات شىكايەتلەر

▲ ئاچچىقنى يەڭگەنلەر بىر بولسا باتۇرلار، بىر بولسا ئەڭ قورقۇنچاقلار.

▲ باھارنىڭ ئاربلاپ بولۇپ قويۇدىغان سوغۇقلىرىدىن قورقما، لېكىن زىمىستان ئاپتىپىدىن ھەزەر ئەيلە!

▲ دۇنياغا تەھدىت ئەكېلىۋاتقان غەربنىڭ بومبىلىرى ساناقلىق شەھەر ياكى ئادەملەرنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشى ئارزۇلاپ قوبۇل قىلىۋاتقان ئىپتى چىرايلىق «مەدەنىيەت»لىرى بولسا، سان ـ ساناقسىز ئىدىيىنى قامال قىلماقتا.

▲ جاپاغا چىداش ـ روھنى تاۋلاشنىڭ ئىپادىسى، جاپاغا كۆنۈش ـ روھىي قۇللۇقنىڭ ئىپادىسى.

▲ پۈرسەت كەلگەندە «تۆگىدەك، تايلاقتىن بىرنى تۇغۇمەن» دەپ ئىشنى نېسىي قويغىچە، مىكىياندەك بىر تۇخۇم تۇغۇپلا ۋاتاقلىسىمۇ، كۈندە تۇغۇپ، ئىشنى نەقلەشتۈرۈپ ماڭغان ياخشى.

▲ تارىخنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ماختىنىش ئەمەس، بەلكى ئىبرەت ۋە ئۈرنەك ئېلىشتىن ئىبارەت.

▲ ئەخلاقسىز گۈزەللەر خۇددى كوچىدىكى دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ياز پەسلىدە كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ نۇرغۇنلىرىنى جەلپ قىلىدۇ. كۈز يېتىپ يەرگە چۈشكەندە بولسا كىشلەر ئۇنى دەسسىشىپ ئۆتىدۇ، ئاخىرى بارار جايى ئەخلەتخانا بولىدۇ.

▲ ئېتىقادسىز پالۋان ـ پالاڭغا تۇتاشقان گۈلخان.

▲ بىلىم ـ ئۇرۇق، بىلىم ئالغۇچى ـ تۇپراققا ئوخشايدۇ. ناۋادا ئۇرۇق ياخشى تۇپراققا چۈشكەن بولسا، ئازغىنە ئۇرۇقمۇ كۆپلەپ ھوسۇل بېرەلەيدۇ. ئەمما ناچار تۇپراققا كۆپلەپ ئۇرۇق چېچىلسىمۇ، تۇپراق بۇرۇقتۇرما قاتلاملىرىدا تۇنجۇقتۇرۇپ سېستۇۋېتىدۇ.

ـ ئابدۇسالام ئابدۇنىياز

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا تۆۋەنكى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ساڭا ۋە سېنىڭ ئىشلىرىڭنىڭ قانداق بولۇۋاتقان، بولۇدىغانلىقىغا ئاتا ـ ئاناڭدىنمۇ بەك رەقىبلىرىڭ تولىمۇ «كۆڭۈل بۆلىدۇ».

▲ «زامان ئاخىرى بولدىمۇ نېمە؟ قاراڭلار، كىمنىڭ گېپىنى قىلساڭ شۇ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن ۋاقتىڭنىڭ كۆپىنچىسىدە راستىنلا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقان بولىسەن.

▲ سەممىيەتلىكنى بىلەي دېسەڭ، قارشى تەرەپىڭ كۆزىگە باق، ئاندىن سۆزىگە.

▲ دۈشمەن دېگەن قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، جاۋابى، ساڭا دۈشمەنلىكنى مەڭگۈ بىلدۈرمىگەنلەر.

▲ دۇنيادا ئىشلىرىدىن داۋاملىق ئۇتتۇق قازىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلاي دەپ ماڭغانلار بولماستىن، بەلكى قىلىپ ماڭغان كىشىلەردۇر.

▲ ئىككى خىل ئادەم ئاياللار ئۈستىدە ئەڭ توغرا سۆزلەيدۇ: بىرى، ئاياللارنى قاقشاتقانلار، يەنە بىرى، ئاياللاردىن قاقشىغانلاردۇر.

▲ قىممىتىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، بوۋاقلىقنى ئەسلە (ئويلا).

▲ شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا «بولۇدىغان مايسا كۆكىدىن مەلۇم» بولۇپلا قالماستىن، «بولمايدىغانلىقمۇ كۆكىدىن مەلۇم» ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلىسەڭ توغرا بولغان بولىدۇ.

▲ ئىنسان تەبىئىتىنى پەسىللەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆر.

▲ كۈلەمسەن؟ ئارقاڭغا قارا، يىغلامسەن؟ ئالدىڭغا قارا.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا سۆزلەۋاتقىنىڭدا ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ باشقا نەرسىنى ئەمەس، دەل سېنىڭ يەنە نېمىلەرنى سۆزلەيدىغانلىقىڭنى ئويلايدۇ.

▲ بىراۋنى بىرگە بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئايرىلىپ تۇرۇپ ياخشى كۆرەلىسەڭ ئۇلۇغ بولىدۇ.

▲ ياخشى بىلىۋال، سەن سۆزلىگەندىمۇ (سۆزلىگىنىڭ دورۇس بولسىمۇ) بەزىلەر ئۈچۈن سەن ساراڭ، بەزىلەر ئۈچۈن سەن ئاقىل.

ـ غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

**لۆزىمىز ھەققىدە ئىبرەتلىك «ئەڭ»لەر**

ئەڭ ئاجىزلىقىمىز - ھەددىدىن ئاشقان مېھماندوستلۇق.
ئەڭ ساددىلىقىمىز - چەكتىن ئاشقان ئاق كۆڭۈللۈك.
ئەڭ نادانلىقىمىز - ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىش.
ئەڭ ئېتىبارسىز قارايدىغىنىمىز - پەن - مەدەنىيەت.
ئەڭ بىكارچىلىقىمىز - سەنئەتخۇمارلىق.
ئەڭ بىچارىلىقىمىز - دورامچىلىق.
ئەڭ قۇتۇلالمىغىنىمىز - نامراتلىق.

* * *

▲ ئىمتىھاندىن قورقساڭ ياشىما، چۈنكى دۇنيامۇ بىر ئىمتىھان.

▲ تەستە ئېرىشكەن نەرسەڭنى چوقۇم قەدىرلە، مۇنداقلا ئېرىشىپ قالغان نەرسەڭدىن ئېھتىيات قىل.

-ئىبراھىمجان تۇنىياز ئەردۆلى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن - سىياسىي فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ نۇرغۇن ئىشتا «بىز»نى تەكىتلەپ كەلدۇقكى، ھەممە ئىشنىڭ «مەن» دىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

▲ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھېچكىم بېرەلمەيدىغان قۇربانلىقنى بېرەلىگەنلىكىدە.

▲ ئۆزىگە ئېتىبارسىز قاراش - بۆگۈنگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئائىلىگە ئېتىبارسىز قاراش - كەلگۈسىگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئىشنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشى، دوختۇرنىڭ سىناق قىلماي ئوكۇل ئۇرغىنىغا ئوخشايدۇ.

-مۇھەممەت تۇردى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن - سىياسىي فاكۇلتېتى 2001 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇرۇمنىڭ تۇنجى قەدىمى**

▲ سەن ھازىر موھتاج بولۇۋاتقان نەرسىلەر، ئېھتىمال، ئىلگىرى قەدرىنى بىلمەي تاشلىۋەتكەن نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن.

▲ ھاياتنى گۈزەل دەپ قارىغۇچىلار بىلەن رەزىل دەپ قارىغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر دۇنيادا ياشاپ، بۇ دۇنيادىن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا بەھرىمەن بولغۇچىلاردۇر.

▲ ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ نادانلىقى ھاياتنىڭ قەدرىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قەدرىگە كېچىكىپ يېتىشتۇر.

▲ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلالمىغان ئادەم مەڭگۈ كۈچلۈكلەرنىڭ قۇلى بولۇپ ياشايدۇ.

-مۇتەللىپ ئەھەتباقى

ئاپتور: گۇما ناھىيە چودا يېزا باش چودا كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش»نى «ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت يەنە ئۆگىنىش» دېسەك ياخشىراق بولاتتى.

-پاتىگۈل ھۇسەن

ئاپتور: كورلا شەھەر 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ **بىكارچىلىق - يارانتقۇچىنىڭ بىزنى سىناشتىكى ئەڭ چوڭ ۋاستىسى.**

-مەغپىرەت مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ئېلېكتر - ئۈچۈر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2001 - يىللىق 25 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇر تامچىلىرى**

▲ ئون سەككىز ياشتا بىز مۇھەببەت دەشتلىرىدە تەمتىرەپ يۈرگەن بولىمىز، غەرب ياشلىرى بولسا مۇستەقىل ياشاش ۋە ئىگىلىك تىكلەش يولىدا كېتىۋاتقان بولىدۇ.

▲ دۇنيادا ھەر قانداق ئادەم ئۆزىدە بار بولغان ھەم ئېھتىياجىدىن ئاشقان نەرسىلەرنى سېتىپ خەجلەيدۇ. پەقەت ۋىجدانسىز ۋە نومۇسسىز كىشىلەرلا ئۆزىدە يوق نەرسىنى - قېرىنداشلىرىنىڭ، يۇرتىنىڭ ۋىجدان ۋە نومۇسىنى سېتىپ خەجلەيدۇ.

▲ ئاياللار ئىككى نەرسىگە ئامراق: بىرى، ئۇششاق - تۇششەك يېمەكلىككە، يەنە بىرى، ئۇششاق - تۇششەك گەپكە.

-جەلىل ئابىد

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش ۋە كىشىلىرىدىنمۇ شۈبھىلىنىشنى ئۇنتۇمغان كىشى «ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەن ناخشىنى ئازراق ئوقۇيدۇ.

▲ بەزىدە، ئەتە ئۈچۈن پىلان تۈزۈشتىن بۆگۈننى خۇلاسە قىلىپ كۆرۈش ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ.

▲ قىزلار «ھۆسنخەت» تۇر. ئەي يىگىت، قىز تاللاش مىزانىڭ «ئەڭ چىرايلىق بېزەپ يېزىلغىنى ئەمەس، ئەڭ توغرا يېزىلغىنى» بولسۇن!

▲ ئەتىكى «ئىللەت»لىرىڭ بۆگۈنكى «خىسلەت»لىرىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكىڭنىڭ، ئەتىكى «خىسلەت»لىرىڭ بولسا بۆگۈنكى «ئىللەت»لىرىڭدىن قول ئۈزگەنلىكىڭنىڭ جازا ۋە مۇكاپاتىدۇر.

▲ ئەقىللىقلار روھنى، ئەقىلسىزلەر قورسىقىنى توقلاش بىلەن راھەت تاپىدۇ.

▲ ئازاب ئوتىنىڭ مەركىزىدە كۆيگۈچىلەر - ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى سۆيەلمىگەنلەر ئەمەس، ياخشى كۆرمىگەن ئادىمىنى سۆيۈشكە مەجبۇر بولغانلاردۇر.

▲ كۆپ ئىش قىلغانلار ئەمەس، قىلغان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغانلار ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك.

▲ بىرگە دوستى كۆپ ئادەم، يەنە بىرگە دۈشمىنى كۆپ ئادەم خالىغىنىنى قىلالمايدۇ، غەمدىن خالاس بولالمايدۇ.

▲ گۈزەللەر - ئەڭ ئازابلىغۇچى ۋە ئەڭ ئازاب تارتقۇچىلاردۇر.

▲ ئىنسان شۇنى بىلىپ يەتمەك لازىمكى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئاھ ئۇرۇپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكۈچىمۇ، قەھ - قەھ كۈلۈپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ كەتكۈچىمۇ بىنورمالدۇر.

▲ ئەڭ شېرىن ھۇزۇر - ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ

www.uygurkitap.com

ئورۇندىغاندىن كېيىنكى ھوزۇردۇر.

-ئەكبەرجان ئەھمەتنىياز ئۇيغۇر تاپمىش

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲ تېگىرقاۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا بىر قەدەم ئالغا چامدا! قاياققا بۇرۇلۇدىغانلىقىڭنى شۇ چاغدا بىلەلەيسەن.

▲ جاھاندىكى ھەر بىر يېڭىلىق ئېھتىياج تۈپەيلى مەيدانغا كېلىدۇ.

▲ قولۇمغا قەلەم ئېلىشىم ھەقىقەتنى كۈيلەشنى مەقسەت قىلغان؛ پىكىر قىلىشىم قىممەت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان؛ پۈتكۈل ھاياتىم بېغىشلاشنى مەقسەت قىلغان. مەقسەتسىز ياشىغان كۈنلىرىمنى ھەقىقىي يېشىمدىن چىقىرىۋەتسەم دەيمەن.

▲ دەۋرنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن، خاتا سىياسەتنىڭ قانداق مەجبۇرلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز غۇرۇرى، ئېتىقادىنى يوقاتمىغان ئەركەكنى ھەقىقىي ئەركەك دەيمىز.

▲ ئەينى دەۋر شۇنداق ئىدى، دېگەنلەرگە مىڭ لەنەت! دەۋر جىسمىڭنى، تىلىڭنى باشقۇرالىشى مۇمكىن، بىراق دىلىڭنى باشقۇرالامدۇ؟ ۋىجدانىڭنى باشقۇرالامدۇ؟!

▲ مەلۇم بىر قاراڭغۇ دەۋر، مەلۇم بىر خىل خاتا سىياسەت ئەڭ ئاۋۋال زامان تەلۋىلىرىگە، نادان، ۋىجدانسىز، بەتنىيەتلەرگە ئەڭ ئاۋۋال تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئىپلاس كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغان پەيتىدۇر.

▲ بەزەن پاجىئە ۋە ئىپلاسلىقلارنى ناتوغرا سىياسەتلا ئەمەس، بەلكى ئارىمىزدىن چىققان نادان، قاراقورساق، مۇناپىق كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان .

▲ ئادەم بىلەن مايمۇننىڭ پەرقى نەدە؟

- مايمۇن ھەممىنى دورىيالايدۇ، ئادەم ھەممىنى قىلالايدۇ.

▲ ئىنسانلار ئەسلىدە ئۆزىگە بېرىلمىگەن نەرسىلەرگە رۇخسەتسىز ئىگە بولماقچى بولىدۇكەن، ھامان ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنگە قالىدۇ.

▲ ئەرنىڭ قانداق ئەرلىكى ئۇنىڭ قانداق خوتۇن تاللىشىدىن مەلۇم.

▲ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان مىللەتنىڭ قولىدىن پەقەت باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن پالاقشىپ يۈگۈرۈش ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشلا كېلىدۇ، بۇ جەرياندا پۈتلىشىپ يىقىلىپ كېتىش، باشقىلارنىڭ تورزانىغا كۆمۈلۈپ قېلىش تەبىئىي ئىشتۇر.

-ئەمەتجان ئۆمەر

ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە چىلانچىلىق پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزىدە تېخنىك

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ مەغلۇب بولساڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتمە، توي ئۆتكەن كوچىدىن ھازىمۇ ئۆتىدۇ، ئەمەسمۇ؟

▲ بۇرۇن بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردىن ئەسكىلىكلەرنى ئۇچراتساق، ھازىر زامانىۋى ئاشىق - مەشۇقلارنى ئۇچرىتىمىز. شۇ سەۋەبلىك «مۇھەببەت» ئېغىر تىللار بىلەن ھاقارەتلەنمەكتە.

▲ دۇنيا خەرىتىسىنى تۈتۈپ پىرقىرىتىش ئاسان بولغىنى بىلەن، بىر ئائىلىنى پىرقىرىتىش تەس.

▲ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەي دېسىڭىز سەھەر تۇرۇڭ.

▲ ھايات - تىللاپ تۇرۇپ سۆيۈش، سۆيۈپ تۇرۇپ تىللاش دېمەكتۇر.

▲ بالدۇر ئېچىلغان گۈلنىڭ ئېرىشىدىغىنى - پۇشايمان.

▲ پەقەت ئانىنىڭ قوينىدىلا ھەقىقىي مۇھەببەتنى ھېس قىلالايسەن.

▲ ئادەمنىڭ قىممىتى بىر ناخشىغا ئوخشايدۇ. بەزى ناخشىلار بىر ئېيتىلىپ توختىسا، بەزى ناخشىلار مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

- ئاسىيە نۇر مۇھەممەت

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت - بەلكىم بىر ئادەمنى ھەددىدىن ئارتۇق چۈشىنىپ كېتىشنىڭ نەتىجىسىدىن بولسا كېرەك.

▲ بىراۋغا بەكلا كۆيۈنۈپ كەتسىڭىز، بارا - بارا ئۇنىڭ مالىيىغا ئايلىنىپ قالىسىز.

-بەھرىنسا ئادىل

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئەدەبىيات (2 - 10) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن ئەل بىچارە يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ.

-نۇرگۈل ئەركىن

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 5 - دىۋىزىيە 86 - پولك بالىلار «يېڭى ئەسىر» باغچىسىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئېتىقادسىز يۈرەك ئىشىك ئورناتمىغان ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق «ئۆي»گە ھەر قانداق نەرسە كىرىپ باقىدۇ. ئۇنداق «ئۆي»نىڭ پاكىزلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

▲ زىيالىيلارنىڭ ئاغزىدىكى «كۆتۈرەيلى» دېگەن گەپ «ئوقۇيلى» دېگەن گەپكە ئالماشمىغۇچە مىللىتىمىز روھىي زەئىپلىكتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

-ئابدۇقەييۇم

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر خۇگيەنچى ئېلېكتر 2 - ئىستانسىدا پراكتىكانت

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ياشلىق ھەر بىرىمىزگە ھەقسىز سوۋغا قىلىنغان ئالتۇن تاج.

▲ يېتىم - يېسىر، ئاجىز بالىلارنى مەكتەپ قوينىغا ئېلىپ كىرگەنلەر - جەننەت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقانلاردۇر.

▲ گىرىم - ۋاقىتلىق، ساختا گۈزەللىك.

-كەرىمىئاي ئابدۇقادىر

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2001 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۈندىلىك ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دورا دەپ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىغا قاراپ، كۆپىنچىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەسىر يېشىدا ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى چۈشەندىم.

-ياسىنجان قەييۇم

---

ئاپتور: كورلا شەھىرى «ئىتتىپاق» سودا بازىرى 6 - دۇكاندا، تىجارەتچى

▲ بىھۇدە كەمتەرلىك قىلساڭ، خۇددى سايدا كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەرگە ئوخشاپ قالىسەن.

▲ بەزىدە بىر - بىرىمىزنى ئىت، ئېشەك دەپ تىللايمىز. لېكىن بەزىلىرىمىز ئەشۇ ھايۋانلارچىلىك بولالمايۋاتىمىز! ئىت بولسا ۋاپادارلىقى، ئېشەك بولسا ئىشچانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. سىزچۇ، نېمىڭىزدىن پەخىرلىنىسىز؟

—تۇنىياز ئوسمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇھەببەت ئۈچۈن ياش تۆكۈشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: بىرىنچىدىن، مۇھەببەت ۋىسال تاپمىغاندا، ئىككىنچىدىن، ساختا مۇھەببەتنى كېچىكىپ ھېس قىلغاندا.

- ئانارگۈل مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ مۇڭلۇق مۇزىكا - ئاجىزلارغا بېرىلگەن تەسەللى.

▲ مىللەت ساپاسىنى تېلېۋىزوردا كۆرۈڭ، پەرزەنت جاپاسىنى پەرزەنتىڭىزنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغاندا كۆرۈڭ.

- ئابلىمىت ئىبراھىم

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يەرلىك باج ئىدارىسىدا ئاشپەز

## تەپەككۇر توزانلىرى

▲ پۇل - دۇنيانى شەرت قىلغان نىكاھ، قۇل بازىرىنىڭ يېڭى زاماندىكى ئىپادىلىنىشى.

▲ سەمرىش—ھايۋاننىڭ يارىشىقى، تەپەككۇر قىلىش - ئادەمنىڭ.

▲ نامرات —جازا لاگېرى سىرتىدىكى ئەسىر.

▲ بىلىمسىز، قابىلىيەتسىز، ئەخلاقسىز ئۇستاز - شەكىلسىز جىنايەتچى.

▲ پۇقرالار قانۇني ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىلمىگەن جايدا چىرىكلەشكەن مەنسەپدارلارنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازى چەكتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى يېڭى دەۋردىكى ئەقلىيلەر توپلىمى.

▲ قىزىقىش - نەتىجىنىڭ، بىزار بولۇش - مەغلۇب بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

▲ زاماننىڭ يېڭىلىقلىرىغا ھەيران قېلىش - بىلىمسىزنىڭ ئىشى. زامانغا ماسلىشىپ تەرەققىياتنىڭ ئالدىدا ماڭغان - بىلىملىك كىشى.

▲ باشقىلارغا يول كۆرسىتىش ئاسان، يول ئېچىپ يېتەكلەش قىيىن.

▲ بىلىمنى، بىلىملىكنى، ۋاقىتنى قەدىرلىگەنلەر ئۆزلۈكىدىن قەدىرلىنىدۇ.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان ۋەدە، دۇدۇقلىماي ئېيتقان يالغاندىن ئىبارەت.

▲ مېغىزلىق، ئوبرازلىق، يۇمۇرلۇق ئاز لېكىن ساز سۆز كۆلدۈرىدۇ، مەنىسىز، تېتىقسىز كۆپ سۆز ئۇخلىتىدۇ.

▲ پۇرسەت كۈن نۇرىدەك پارقىراپ تۇرمايدۇ، بەئەينى چاقماقتەك «ۋاللىدە» يورۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ نەپسىڭنىڭ قۇلى بولساڭ، رەسۋانىڭ چوڭى بولىسەن.

▲ ئالىملار خەلقنىڭ بايلىقى، سىياسىيونلار بايرىقى، قوماندانلار ئاتىسى، دېھقانلار ئانىسى ئىكەن.

▲ باتۇرلۇق، ئىشچانلىق، قەتئىي ئىرادىنى چۇمۇلىدىن، ئۆملۈك، ئىنتىزامچانلىق، پاكىزلىقنى ھەرىدىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى پاقىدىن ئۆگەنسەك ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلاتتۇق.

▲ قول بىلەن ئىشلىنىدىغان ئىشلارنى قېلىپقا سالساق سۈپەتلىك چىقىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى قېلىپقا سالساق سۈپىتى چېكىنىپ كېتىدۇ.

▲ نېمەت - مەئىشەتكە قانائەت قىلىش - پەزىلەت، بىلىم، مەرىپەتكە قانائەت قىلىش ئايەت بوپقالىدۇ.

▲ ئۆز نەپسىنى شەپقەتسىز باشقۇرالىغان، ئاچچىقىنى رەھىمسىز باسالىغان ئادەم غايە - نىشانغا ھايالسىز يېتەلەيدۇ.

▲ نادان ئادەم ئاقىلنىڭ ئالدىدا گاداي، باينىڭ ئالدىدا مالايدۇر.

▲ پۇل نازىنىن قىزدەك ھەم جەلپكار، ھەم ۋاپاسىز كېلىدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ئەمانىڭ يول مېڭىشىغا ئوخشايدۇ.

▲ راھەت - پاراغەت پاتقاق يولغا ئوخشاش، سىزنى ئاسان يىقىتىپ، بۇلغايدۇ.

▲ قىيىن ئىش ئاقىلنى سىنايدۇ، خەۋپلىك ئىش باتۇرنى.

▲ ئەرنىڭ پەزىلىتىنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل شادلىقىدىن، ئايالنىڭكىنى ئەر تەرەپ تۇغقانلارنىڭ كۆڭۈل رازىلىقىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

▲ شۆھرەتپەرەس زىيالىيلار ئارىسىدا «بىلىمەن» دېمە، پىتنىخورلار ئارىسىدا بىر نېمە دېمە.

▲ ئانا تەربىيىسى بالىنىڭ قەلبىگە ئويۇلغان نەقىش، ئاتا تەربىيىسى يول كۆرسەتكۈچى مەشئەل.

▲ مۇستەقىل پىكىر قىلالماسلىق، مۇستەقىل سۆز قىلالماسلىق، مۇستەقىل ئىش بېجىرەلمەسلىك—مەنىۋى قۇللۇقتىن قۇتۇلالماسلىق دېمەكتۇر.

▲ ھەر قانداق ئادەمنىڭ مىللىتىنى سۆيگەن - سۆيمىگەنلىكىنى سىناشتا، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلگەن - بۆلمىگەنلىكى، ئۆز بالىسىنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن - بۆلمىگەنلىكىگە قاراش كۇپايە.

▲ نامراتلارغا ياردەم بېرىشتە بىر خالتا گۆرۈچ، بىر باك ماي ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ئوزۇق - مائارىپ ئارقىلىق يول، پەن - تېخنىكىدىن كۆۋرۈك سېلىپ بېرىش كېرەك.

▲ ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى - ھايۋانلارنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىۋەتتى.

▲ تەبىئەت - بارلىق بىلىملەرنىڭ ئامبىرى، بارلىق كەشپىياتنىڭ

سىرى.

▲ بازار ـ رىقابەتتە ئۇتقانلارغا بازار، ئۇتتۇلغانلارغا مازار.

▲ ئالىملار پەزىلەتسىز بولسا، ئىبلىسقا ئايلىنىدۇ. (ئىبلىس ئەسلىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئالىمى ئىدى).

▲ نادان ئەر بىلەن ئۆي تۇتقان خوتۇن ئاۋارە، نادان خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقان ئەر بىچارە، بۇنداق ئۆيدە تۇغۇلغان بالا سەكپارە.

▲ ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئائىلىنى ۋە باشقىلارنى تويۇندۇرالىغانلار قەدىرلىك، باشقىلارغا ھۈنەر، تېخنىكا، بىلىم ـ ماھارەت ئۆگىتىپ قويالىغانلار سۆيۈملۈك.

▲ مۇناپىق ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ئۆز قەۋمىگە، ئاخىرىدا ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىدۇر.

▲ ھۈنەر ـ سەنئەتنى دوراپ ئۆگىنىپ، ئويلاپ ئىشلىسەڭ كامالەتكە يېتىسەن.

▲ قابىلىيەتسىزلەر خۇشامەتچى، ساختىپەزلەر ئالدامچى، قارا نىيەتلەر سۇيىقەستچى، نادانلار مەنمەنچى، پىتنىخورلار سۇخەنچى، گۇمانخورلار كۈنلەمچى كېلىدۇ.

▲ ياخشى سۆزنىڭ تەربىيە تەسىرى، خالىس ياخشى ئىشقا يەتمەيدۇ.

▲ ئىنسانلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە كۆرگۈ ـ ئەينەكتۇر.

▲ ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىش، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى بايقاش، دادىل ئىشلەش ـ يۈكسىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ نادانىنىڭ ئىشىدا ساپا يوق، ئەقىللىقنىڭ ئىشىدا جاپا يوق.

▲ ھەمىشە غادىيىۋالىدىغانلار يولنى كۆرەلمىگەچكە، ئاسانلا دومىلاپ كېتىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى ـ زىيالىيلارنىڭ يامانلىرىدۇر.

▲ بالىلارغا كۈلكە، ياشلارغا كۈچ، ياشانغانلارغا ئەقىل ھەمىشە ھەمراھ.

▲ نەپسىنى يىغىش ـ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ـ ئىزچىل چېنىقىش ـ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

▲ ئالدامچى، يالغانچى، ساختىپەزلەر كەسپىي ئوغرىلاردىنمۇ يامان.

▲ يامانلارنى ئۆلگەندە جازالاش تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، تىرىكلىكىدە جەمئىيەتتە جازالاش خەلقنىڭ ئىرادىسى.

▲ دۇنيادا چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئەڭ مۇرەككەپ سىر ئادەمدۇر.

▲ نادانلارنى ئالداشمۇ، ئازدۇرۇشمۇ، باشقۇرۇشمۇ ئاسان بولىدۇ.

▲ ھايۋاننى بىر كۆرۈپ بەلگىسىدىن تونۇۋالغىلى بولىدۇ، ئادەمنى بىر ئۆمۈر سىناپ بىلگىلى بولمايدۇ.

▲ ئايال ئۆينىڭ چىرىغى، يازنىڭ گۈلى، قىشنىڭ ئوتى، ئايال يوق ئۆي كۈندۈزى زىمىستان، كېچىسى گۆرىستان.

▲ نادانلار شەھرىدە ئالىم ئەڭ غېرىب.

▲ ئەخلاقسىز سەتەڭلەر بەئەينى گۈلدار يىلان.

▲ ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تەرپىلەشكە ئامراق، كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىشتا كەڭ قورساق كېلىدۇ.

▲ ئائىلىسىدىن بېزىپ چىقىپ كەتكەن بالىلار سەرگەردان، مەكتەپتىن بېزىپ چىقىپ كەتكەن بالىلار خانىۋەيران بولىدۇ.

▲ خەلقنى قەيسەر سەركەردىلەر قوغدىيالايدۇ، ئالىم ـ دانىشمەنلەر قۇتقۇزالايدۇ.

▲ نادان خوتۇننىڭ ئۆيىدە بىلىملىك ئەر ئاۋارە، نادان ئەرنىڭ ئۆيىدە خوتۇن پايخانە، نادان ھاكىم يۇرتىدا ئاۋام ۋەيرانە، نادان پۇقرا ئالدىدا ھاكىم ھەيرانە.

▲ قۇش نەپسىنى يىغماي قىلتاققا ئىلىنىدۇ، بېلىق نەپسىنى يىغماي قارماققا ئىلىنىدۇ، ئادەم نەپسىنى يىغالماي قاماققا ئېلىنىدۇ.

▲ غايىۋى شەيتان ئۆزۈڭنىڭ نەپسى، رېئاللىقتىكى شەيتان «ئوۋچى» ئاياللارنىڭ كۈلكىسى.

▲ چارە تېپىش، پۇرسەتنى تۇتۇش غالىبنىڭ ئىشى.

▲ ئۆزۈڭگە ئىشەن، دۈشمىنىڭنى چۈشەن، دوستۇڭدىن ئېھتىيات قىل، مۇستەقىل ئىجتىھات قىل.

▲ نامراتلارغا يوشۇرۇن ساخاۋەت قىلغانلار ساۋابقا، ئاشكارا ساخاۋەت قىلغانلار شەرەپكە ئېرىشىدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ ئىپادىسى كۆز، يۈرەكنىڭ ئىپادىسى سۆز.

▲ مەخلۇقلار ئىچىدە ئەڭ قانخور يىرتقۇچلار ھايۋانلار ئەمەس، ئادەملەر. سەۋەبى: قىلتاق، قاپقان، نەيزىدىن تارتىپ ئەڭ زامانىۋى قىرغۇچى قوراللارنى ئادەملەر كەشىپ قىلغان.

▲ ئەڭ قوپال مەخلۇق ئېيىق، پىل، ئەڭ ياۋۇز مەخلۇق يولۋاس ـ شىرلارنى تەربىيىلەپ سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىشكە كۆندۈرگەننى كۆرۈپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ: «بالىلىرىمىز تەربىيىگە كۆنمىدى، گەپ ئاڭلىمىدى» دېگىنىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم.

▲ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ھازا ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى چۈشىنىش، ئۆلگۈچىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈندۇر.

▲ ئىشەنچ ۋە ئىناۋەت ـ ئادەمنىڭ ئىككىنچى ھاياتى.

▲ كامالەتنىڭ چېكى يوق. بىرەر كەسىپتە كامالەتكە يەتتىم، دېيىش ئۆز پۇت ـ قولىغا ئۆزى ئىشكەل سېلىش دېگەنلىكتۇر.

▲ قىزىقىش، ھەۋەس قىلىش ـ نەتىجە قازىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى، بىزار بولۇش ـ ھېرىپ ـ چارچاشنىڭ سەۋەبى.

▲ تۈزۈلمە ئىلغار، قانۇن مۇكەممەل، سىياسەت ئادىل، كادىرلار قابىل بولسا، ئالىملار ئىجادچان، ئىشچىلار ئىجتىھاتچان، دېھقانلار ئىشچان، ئوقۇغۇچىلار تىرىشچان، ئۇستازلار تەلەپچان بولىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇمىغان قانۇندىن ساۋاتسىزلار ـ زامانىمىزدىكى سېيىت نوچىلار.

▲ ئاياللار جەمئىيەتتىن ئىبارەت داشقازاننىڭ تۇزى.

▲ بۇزۇق ئاياللار شەيتان، بۇزۇق ئەرلەر ئىبلىس.

▲ غۇرۇرسىز ئەرلەر كوچىسىدىن نومۇسسىز ئاياللار چىقىدۇ.

▲ ئاياللىرىمىزنىڭ يېرىم يالىڭاچ كوچىغا چىقىشى، ئەرلەرنىڭ ۋىجدانسىزلىقىنى مەسخىرە قىلىشى.

▲ تەبىئەت بولغانسا جىسمىمىز، جەمئىيەت بولغانسا روھىمىز بۇلغىنىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قەلب قەسرى ـ ئىگىلەش ئەڭ تەس بولغان تىلسىم قورغان.

▲ كۈچ بىلەن پۇل تېپىش ساۋاتسىزنىڭ ئىشى، ئەقىل بىلەن پۇل تېپىش ـ دانانىڭ ئىشى.

▲ ئىقتىدارسىز، بيۇروكرات، پارىخور، چىرىگەن مەنسەپدار مۇنداق تۆت خىل ئادەمنى ياقتۇرمايدۇ: 1. بىلىملىك. باشلىقنىڭ ئاجىزلىقى،

www.uyghurkitap.com

بىلمەسلىكنى بايقىۋالىدىغان؛ 2. ئەقىللىق، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، ئادالەتسىزلىككە چىدىمايدىغان؛ 3. راستچىل، مۇبالىغىچىلىك، ساختىپەزلىكنى ياقتۇرمايدىغان؛ 4. پاك ـ دىيانەتلىك، ئەپسانىيەتچى، پارىخور، خىيانەتچىنى ياقتۇرمايدىغان. مۇنداق تۆت خىل ئادەمنى ياقتۇرىدۇ: قولىقى يۇمشاق، تىلى يۇمشاق، بويىنى يۇمشاق، قولى يۇمشاق.

▲ ئەقىللىق باينىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل ـ تەكرار تىجارەتنىڭ مەبلىغى، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، خەيرلىك ئىشلارنىڭ دەسمايىسى؛ نادان باينىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل ـ شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ مەنبەسى، ھارام پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ مەبلىغى، ئىسراپخورلۇقنىڭ دەسمىيىسى، زۇلۇم ـ زوۋمۇنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

▲ بۈگۈنكى كۈندە بالىلارنى ساۋاتسىز قالدۇرۇش، ئۆلۈم خېتىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇش، دېگەنلىكتۇر.

▲ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقى ـ سىياسەتنىڭ تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى، دېھقانلارنىڭ كۆز يېشى ـ سىياسەتنىڭ بۇرمىلىنىشى، دېھقانلارنىڭ شادلىقى ـ سىياسەتنىڭ توغرا ئەمەلىيلەشكەنلىكى.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر يېغىنلىرى

▲ جېمى ئىشقا ئىشىنىش ـ ھاماقەتلىك، ھېچقانداق ئىشقا ئىشەنمەسلىك ـ تەكەببۇرلۇق، پەقەت ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشلا دانالىقتۇر.

▲ نامەردلەر ئۆزلىرى ئارزۇلىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەندە زەھەرخەندە قولىنى سوزۇشقا ئادەتلەنگەن بولىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت دانالارغا مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچىنى تۇتقۇزسا، نادانلارغا گۆر ئېغىزىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲ يىللارنىڭ كۈچلۈكلەرگە بېرىدىغان سوۋغىسى مۇۋەپپەقىيەت، ئاجىزلارغا بېرىدىغىنى ئۆكۈنۈش، ھەسرەت ـ نادامەتتىن ئىبارەت.

▲ مىللىتىگە كۆڭۈل بۆلسەڭ ـ ئاۋۋال ئۆزۈڭدىكى ئىللەتلەرنى يوقات.

▲ تىل بىرلىكى بولۇپ، دىل بىرلىكى بولمىغان مىللەت تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىدىغان مىللەتتۇر.

▲ ھورۇنلۇق ۋە چۈشكۈنلۈك ـــ مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەتنىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر.

▲ قانچىكى ماختىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن نەرسىنىڭ شۇنچە تېزلا مېزى چىقىپ قالىدۇ.

▲ ئۆز تارىخىدىن پەخىرلىنىشنىلا بىلىپ، كۆز ئالدىدىكى رىقابەتنى كۆرەلمىگەن قەۋم ـ مەڭگۈ خار قەۋمدۇر.

▲ ئالقىشقا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ قوللىغۇچىسى كۆپ بولغىنىدەك، دۈشمەنلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ.

▲ مەغلۇب بولغۇچىلار ـ ئەڭ كۆپ زارلىنىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ پۇشايمان يەيدىغان كىشىلەردۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئۆزىگە ھەقىقىي تەۋە بولغان نەرسىلىرىدىن، ئۆزىدە بار ئەمما ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىسى كۆپ بولىدۇ.

▲ بىر مىللەتتە ساختا شۆھرەتكە بېرىلىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى، شۇ مىللەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ دەلىلى بولغان مىللىي ئەنئەنىلەر تېز سۈرئەتتە يوقاپ كېتىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

▲ دۇنيانى رەزىللەشتۈرۈۋېتىدىغىنى ـ ئىنسانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتكە تويمايدىغان بالا نەپسىدۇر.

▲ ئادەمنى ھەقىقىي قېرىتىدىغىنى جاپا ـ مۇشەققەت ئەمەس، بەلكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە دەرد ـ ئەلەم.

▲ مېنىڭچە، بىز مەيدانى يوق ئادەملەرنى يۇمىلاق تاۋۇزغا ئوخشىتىپ خاتا قىلدۇق. ئويلاپ بېقىڭچۇ، يۇمىلاق تاۋۇزغۇ چاڭقىغاندا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، ئەمما مەيدانى يوق ئادەملەرنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى تېگىدۇ؟

▲ ئادەم ئۈچۈن مەغلۇب بولۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن ۋاز كېچىشتۇر.

ـتۇرسۇنجان قۇربان

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئاياللار ئويغاق ئەلدە ھەممە ئادەم ئويغاق بولىدۇ، ئەرلەر ئويغاق ئەلدە تىنچلىق ـ ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

▲ ھەممىلا كىشىگە ئورتاق بولغان ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق نەرسە تەجرىبە ـ ساۋاقتۇر.

▲ يالغانچىلىقمۇ بىر خىل تاكتىكا، لېكىن ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە كىملەرگە ئىشلىتىش، قانداق ئىشلىتىش ـ ئۇ ئادەمگە باھا بېرىشتىكى مۇھىم ھالقا.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئەقلى بىلەن غەزىپى بىرلەشكەندىلا ھەقىقىي غەلىبە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

▲ سوغۇق كۈچەيگەنسېرى ئۈنىڭدىن كېيىنكى ئىللىقلىقمۇ شۇنچە تېز يېتىپ كېلىدۇ.

▲ كەڭ قورساق كىشى باشقىلارنى كەچۈرۈپلا قالماي، يەنە كەچۈرۈلۈشكىمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

▲ مىللىي روھى يوقالغان مىللەت ياپراقسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال ئىدىيىۋى قورالدۇر.

▲ پۈتكۈل تارىخنى بىر ئاپتوموبىلغا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئۇنىڭ رولىغا، تەجرىبە ـ ساۋاقنى ئاپتوموبىلنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە، قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسەتنى ئاپتوموبىلنىڭ ماتورىغا، قەھرىمانىنى ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.

▲ مىللەت دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، دۆلەت مىللەتنىڭ يۈرىكى.

ـياسىنجان غوپۇر

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئاياللار ئۆزىنى پەردازلىغانسېرى سەتلىشىپ، ئەرلەر ئۆزىنى ماختىغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىدۇ.

▲ كۆز يىغلىسا ـ بەدەن تىترەيدۇ، يۈرەك يىغلىسا ـ زېمىن تىترەيدۇ.

▲ بىلىملىكلەردىن سۆلەتلىكلەر كۆپ زاماندىن ھەقىقىي ئادەملەرنى

تېپىش قىيىنغا توختايدۇ.

ـدولقۇن تۇرسۇن

ئاپتور: پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى

## ساددا سادا

▲ دىلىڭ بىلەن ئويغان، تىلىڭ بىلەن ئويغات.

▲ بىلسەڭ كۆنسەن، بىلمىسەڭ ئۆلۈسەن.

▲ ئارزۇ ـ ئارمان ـ مۇزلايدىغان ئوت.

▲ ماختاش ـ بىھۇشلاندۇرۇپ بىخۇدلاشتۇرۇش دورىسى.

▲ سەن باشقىلار ماختىغۇدەك ئىش قىلالمىساڭ، بىر ئۆمۈر باشقىلارنى ماختاش بىلەن ئۆتۈپ كېتىسەن.

▲ ئىلھام ـ سۇكۇتتىن كېيىنكى ۋولقان.

▲ بىر مەنزىل ئۈچۈن كېتەر بىر مەزگىل.

▲ ئىقتىسادنى تەلەپ قىلىدىغان رەھىمسىز رېئاللىققا قاراپ، دۇنيادىكى «نېمىشقا» دېگەن سوئالغا «پۇل يوق» دېگەن جاۋاب ماس كېلىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

▲ ئېتىقاد ئادەمنىڭ قانداق يەردە تۇرۇشنى ئەمەس، قانداق ئىش قىلىشنى كونترول قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈچ.

▲ مۇمكىن بولسا بىر قېتىم ئۆلۈپ تىرىلسەك ھەقىقىي دوست ـ دۈشمەننى ئايرىۋالغىلى بولاتتى.

▲ «ئەگەر شۇنداق بوپقالسا» دېگەن ئېھتىماللىقلارنى ئىنكار قىلماي ئىدىيە تەييارلىقى كۆرسەڭ، خېلى خەتەرلىك، ئازابلىق ئىشلارمۇ سېنى چۆچۈتەلمەيدۇ.

▲ ئوغۇللار دوستلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى ـ بىرى قىز تۈپەيلى، بىرى پۇل تۈپەيلى، يەنە بىرى يۈز تۈپەيلىدىن بولىدۇ.

▲ بىر ـ بىرى بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ رەھىمسىزلەرچە ئېلىشىپ باققان كىشىلەر ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ سېنى تىللىشى، ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلىنىش شارائىتى يارىتىدۇ.

▲ چوڭ يولنىڭ بېشى چېغىر يوللاردا.

▲ ئەڭ ئامراق ئادىمىڭ سېنى ئەڭ قاتتىق رەنجىتەلەيدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى كۆپلىگەن پۇشايمانلىق ئىش كۆڭۈلچەكلىك ۋە ئېرىنچەكلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ـياقۇپجان ئەھمەت (مۇگداش)

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا ئوتتۇرا ياغاچچى كەنت چۆجە مەھەللىدە، دېھقان

## تۇرمۇش ئوچىقىدىن تېپىندىلار

▲ شەخسىي تارىخىڭ (سىرلىرىڭ)نى ئۆزۈڭ يېزىۋالغان بىلەن، ئائىلەڭنىڭ تارىخىنى قولۇم ـ قوشنىلىرىڭ يازىدۇ.

▲ نائەھلى خوتۇن بىلەن تۇتقان ئۆي دوزاخقا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئۆيدىن ئۈچ خىل مەنزىرە شەكىللىنىدىكەن: بالا «يالقۇنجاۋاتقان ئوت»قا، ئايال ئوتۇن تاشلاۋاتقان «دەججال»غا، ئەر تولغىنىپ كۆيۈۋاتقان ھۆل «ئوتۇن»غا ئوخشايدۇ.

▲ ئاتا ـ ئانىڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي دېسەڭ، مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەن.

ـمىجىت ساۋۇت لاچىن

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا تۆگە توغراق كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تىنىقلىرى

▲ ئەڭ چوڭ زوراۋانلىق ئۆزىمىزگە قىلىنغان خىيانەت.

▲ بەزى ئېگىز بىنالار كۈندۈزى شەھەر مەنزىرىسىگە ھۆسن قوشسا، كېچىلىرى جىنايەتنىڭ بۆشۈكى بولىدۇ.

▲ ئەرنىڭ ھىممىتى ئايالنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئايالنىڭ ھىممىتى ئەرنىڭ بەختىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ قىممەت ياراتقۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ھېس قىلغۇچىلاردۇر.

▲ ھاياتنىڭ ھېكمىتى بازاردا، ئۆلۈمنىڭ قىممىتى مازاردا.

▲ سۆيگۈنىڭ يەكۈنى — ئائىلە.

▲ ئائىلە سۆيگۈ ئۈچۈن ئىستىھكام، پەرزەنت سۆيگۈ ئۈچۈن گۈلباغ.

▲ سۆيگۈنىڭ ئازابى خىيالغا باشلايدۇ، كۈلكىسى ھاياتقا.

ـئابدۇسالام ھوشۇر (نۇرتېكىن)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئو ـ خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئاچچىق ـ چۈچۈك ھېسلار

▲ مۇھەببەتتە شەكىل گۈزەللىكىنى قوغلاشقانلار نەپس ئورالغان ساختا مالغا ئېرىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

▲ ئوقۇتقۇچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىيىتىنى قېزىپ، بىلىم دېڭىزىغا باشلاپ كىرەلىگەنلەرلا روھىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىنژېنېرىدۇر.

▲ ئاجىزلارلا ئەمەس، كۈچلۈكلەرمۇ كۆز يېشى قىلىدۇ. ھېچ بولمىسا، ئىززەت ـ نەپسى خورلانغاندا.

▲ دۇنيا ـ گۇناھنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ ئوينايدىغان مارافونچە توپ مەيدانى.

▲ باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى يېڭەلىگەنلەر ھەقىقىي غالىبلاردۇر.

▲ ئوقۇغۇچىلارغا پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنىمۇ بەرمىگەن ئوقۇتقۇچى، دۇنيادىكى ئەڭ زالىم ئوقۇتقۇچىدۇر. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىن ئالىم ئەمەس، بىر توپ كۆندۈرۈلگەن ئىتائەتمەن ئەقلىي ھايۋانلار يېتىشىپ چىقىدۇ، خالاس.

▲ ھېكمەت — بىز ئەڭ كۆپ كۆچۈرىدىغان، لېكىن بىز ئەمەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان قىممەتلىك تىئورما.

▲ قۇرۇق گەپ ۋە ئۈنۈمسىز خىزمەت ئۆمۈرنى ئەڭ تېز خورىتىۋېتىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ئۆزىگە تولا تەسەللى بېرىشى، مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىيالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ـھاۋاگۈل ئىدرىس

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازار ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

## تۈن تىنىقلىرى

▲ تۆھمەتنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرمەي تۇرۇپ، ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىنى چېكەلمەيسەن.

▲ «ئەتە» دىن باشلاشنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ كېچىكىشتۇر.

www.uyghurkitap.com

▲ ئوغلۇڭنى تۈزىيەلمەي تۇرۇپ قىزىڭنى تۈزەيمەن دەپ ئاۋارە بولما.

▲ ئەرلەرنىڭ بىر قەدەم خاتالىقى ئاياللارنىڭ ئون قەدەم خاتالىقىغا ئىشىك ئاچىدۇ.

▲ ئەرلەر بۇزۇلسا باشقىلارغا ئىشلەيدۇ، ئاياللار بۇزۇلسا ئۆزىگە ئىشلەيدۇ.

▲ تۈنۈگۈننى ئۇنتۇيالمىغانلار بۈگۈننى قوبۇل قىلالمايدۇ.

▲ يىلاننىڭ قاسراق تاشلىشى يېڭى بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى.

▲ دىلىڭنى يىغماي تۇرۇپ، تىلىڭنى يىغالمايسەن.

▲ ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلغان نەرسە ئەڭ تېز يوقايدۇ.

▲ ئادەم غەلىبىگە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە كۆپ مەغلۇب بولىدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، مەدھىيىۋازلىققا ئىشىك ئاچقان مەتبۇئات تاماشىبىنى يوق كونسېرتقا ئوخشايدۇ.

▲ پۇرسەت بىر پاي ئوق. ئەگەر پۇرسەتنى تۇتالىساڭ ئۇنى دەل جايىغا تەگكۈزەلەيسەن. ئەكسىچە بولسا، ئۇ قايتىپ كېلىپ بېشىڭغا تېگىدۇ.

▲ ئۆز مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار (چۈشەنمىگۈچىلەر) غەيرىي مەدەنىيەتنى ئەڭ تېز قوبۇل قىلىدۇ.

▲ يېقىلىپ ياتقانلارنى يۆلىگىچە، يېقىلىپ قوپقانلارنىڭ توپىسىنى قاق.

▲ شەيتان بىرىنچى سائەتلىك دەرستە يېقىنلىرىغا «ئىرادىسىزلىك»تىن دەرس بېرىدۇ.

▲ يالغانچىنىڭ ھەقىقىي سۆزىنى ئاڭلاي دېسەڭ، ئۆلۈمى ئالدىدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇر.

▲ ئاياللارنىڭ قولىدىكى شاراب، پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھەسرەتلىك كۆز يېشى.

▲ ئاياللارنىڭ ئەخلاقىنى تويدىن بۇرۇن، ئەرلەرنىڭ ساداقىتىنى تويدىن كېيىن سىنا، شۇندىلا خاتالاشمايسەن.

▲ كۆڭلىكى يامان خوتۇننىڭ قەلبىدىن خۇشاللىقنىڭ قۇياشى مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ.

▲ ئاياللار شاراب ئىچسە شەرم ـ ھايانى، ئەرلەر شاراب ئىچسە ۋىجدان ـ غۇرۇرنى گۆرۈگە قويىدۇ.

▲ ئايالىڭنى سەندىنمۇ قوشنىلىرىڭ بەكرەك چۈشىنىدۇ.

▲ بىرىنچى سائەتلىك دەرستە ئوغلۇڭغا جاسارەتتىن، قىزىڭغا قانائەتتىن ساۋاق بەر.

▲ ياش يەتكەندە پۇشايمان قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدىغىنىڭ ياش ۋاقتىدا بىرى ئۆزىنى، يەنە بىرى پەرزەنتىنى يارامىلىق تەربىيىلىمىگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئېغىزلا سۆز بولىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى روھىنىڭ زەئىپلىشىشى، مىللەت ئۈلىنىڭ شورلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ قىلىچ كۆتۈرگەن دۈشمىنىڭدىن، ئېتىقادسىز قوشناڭ خەتەرلىك.

▲ ئىقتىسادچىل بولۇش نامراتلارنىڭ بايلىقى، بايلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى.

▲ ئۆيگە مەست كىرگەن ئەرنىڭ پۇشتىدىن، كوچىدا يېتىپ قالىدىغان ئوغۇلنىڭ تۇغۇلىدىغىنى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

▲ زىمىستاندىن قاقشىغان ئادەمنىڭ باھاردىن ھۇزۇرلىنىشىغا ھېچقانداق ھەققى يوق.

▲ ئاجىزلارنىڭ پەلسەپىسىدە بىرىنچى سائەتلىك دەرس «ئەتە»دىن باشلىنىدۇ.

ـ قاسىمجان ئەمەت

---

ئاپتور: بېيجىڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى شىنجاڭ «قوش تىل» بويىچە تەربىيىلىنىش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## سۆزلىسەم سۆزلىسەم تۈگىمەيدۇ ...

▲ سىرداشقا خىيانەت ـ مەڭگۈلۈك جىنايەت.

▲ پۇلنى قانچە ئاسان تاپقان كىشى شۇنچە تېز يولدىن چىقىدۇ.

▲ قىز بۇزۇلسا ئانىسىدىن سورا، ئەر بۇزۇلسا يانچۇقىدىن.

▲ دۇنيادا ئەڭ ئازاب بىلەن ياشاپ، تېز ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشى ـ يازغۇچى.

▲ سەن جەمئىيىتىمىزدىكى ئەڭ پەسكەش ئىشلار بىلەن جېنىنى بېقىۋاتقان ئاياللارنىڭ بېشىنى سەمىمىيلىك بىلەن سىلاپ باققىنە، ئۇلار ساڭا ھەتتا خۇدانىمۇ تەسىرلەندۈرگۈدەك ئاچچىق ئىبرەتنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

▲ بۈگۈنكى قارانچۇقسىز قالغان بالىلارنىڭ يىغىسى ـ كېلەچەكنىڭ نالىسىدۇر.

ـ غۇنچەم توختى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## دالىدىكى ھېسلار

▲ ئىنسان ھەممە نەرسىگە ئىسپات بولالايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا بىر ۋاراق قەغەزگە موھتاج بولىدىكەن.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاردۇقى پەرزەنتىنىڭ، ئۇستازنىڭ ھاردۇقى شاگىرتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن چىقىدۇ.

▲ نۇرغۇن نەرسە ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىقى بىلەن گۈزەل ھەم قىممەتلىك بولسا، يەنە نۇرغۇن نەرسە ئۆزىنىڭ مەخپىيلىكى ۋە سىرلىقلىقى بىلەن گۈزەل ھەم قىممەتلىكتۇر.

▲ ئىنسانلارنى ئەڭ ئاجىزمىكىن دەيمەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ئىختىرا قىلىپ، ئۆزلىرى ئىتائەت قىلغۇچىدۇر.

▲ ھەر قانداق بىر سۆز قايتا تەكرارلانسا، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىر بولسا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، بىر بولسا تېخىمۇ ئاجىزلاپ، ئۆز قىممىتىنى تامامەن يوقىتىدۇ.

▲ ئەنسىرەيدىغان ئادىمىڭ بولسىلا بەخت دېگەن شۇ.
كەلگۈسى ئىستىقبالىڭ بولسىلا سائادەت دېگەن شۇ.
ئۆز ئەجرىڭدىن بەھرىلىنەلىسەڭلا راھەت دېگەن شۇ.
تىنچ ـ ئازادە ئارامگاھىڭ بولسىلا پاراغەت دېگەن شۇ.
كۈتكىنىڭگە دەرھال ئېرىشەلىسەڭلا ئامەت دېگەن شۇ.

▲ ئۆزگىگە ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلساڭ، تەدبىرىڭ ئۈنۈم بېرىدۇ.

▲ ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ يورۇقلۇق مەنبەسىگە ئوخشايدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان كىشىنىڭ ئالدى يۈزى قانچە روشەن يورۇغانسېرى، ئارقىسىدىكى كۆلەڭگۈسىمۇ شۇنچە چوڭ ۋە قېنىقلىشىپ بارىدىكەن.

▲ ئاقىل كىشىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئاز سۆزلەپ، كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئاگلاش؛ ئاز ئۆگىنىپ، كۆپ ئۆگىنىش؛ ئاز كۆرسىتىپ، كۆپ كۆرۈش؛ ئاز ئۇخلاپ، كۆپ ئىشلەشتۇر.

▲ تەپەككۇر قىلىۋاتقان كىشى ھەرىكەتتىكى يانار تاغقا ئوخشايدۇ. ئۇ ھامان بىر كۈنى پارتلاپ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

▲ ھەر قانداق نەرسە مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قەدرىگە يەتكۈچىگە مەنسۇپ.

ـئوبۇلقاسىم باقى

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر جۇلاسى

▲ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئەڭ ئاز موھتاج بولىدىغان ئادەم ـ ئۆزىنى تىنىمسىز ھېس قىلىپ تۇرىدىغان ئادەمدۇر.

▲ ھەرىكەت بەدەننى، تەپەككۇر مېڭىنى ساغلام قىلىدۇ.

▲ ئورۇنلۇق پىكىر قىلالمايدىغان ئادەم، ئورۇنلۇق سۆكۈتمۇ قىلالمايدۇ.

▲ پېشانەڭنى نىشانىڭدىن كۆر.

▲ شەكلىۋازنىڭ ئەقلى تۆت چاسا.

▲ چېقىمچىنىڭ نەشتىرى تىلىدا، زەھرى دىلىدا.

▲ تەپەككۇر كۆزى كور ئادەم ئۆزىنىمۇ تونۇمايدۇ.

▲ غالىبلارنىڭ كۈچى مەغلۇب بولغانلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن يېتىلگەن.

▲ ھەر قانچە رەھىمسىز ئادەممۇ ئۆزىگە رەھىمدىلدۇر.

▲ يىلان ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئادىشىپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى چاقمايدۇ.

▲ ئەيىب ـ نۇقسانسىز ئەمەس، باشقىلار قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئەيىپلىك بولغاندىلا ئادەمەن.

▲ ئىدىيەڭدىكى تۇرمە، رېئاللىقتىكى تۈرمىدىن نەچچە ھەسسە قورقۇنچلۇق.

▲ چىرايلىق ئايالغا ئېرىشىش تەمەسىدىلا يۈرىدىغان ئەر تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ ھەسرىتى بىلەن بېزىگۈچىدۇر.

▲ سىم ـ سىم يېغىپ قىيان بولۇر، يوشۇرۇن ئاخىر ئايان بولۇر.

▲ ئىككى ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولماس. بىرى، غەرەز ئارىلاشقان ئىش، يەنە بىرى پەرەز ئارىلاشقان ئىش.

ـنامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا «قارا تېكىن سەنئەت كومپيۇتېرى» مەركىزىدە

## تەپەككۇر ياپراقلىرى

▲ بۇ دۇنيا ھەر بىر ئادەمگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن، ئەمما ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەرمىگەن.

▲ بەزىلەر ئۈچۈن «ئادەم»لىك بىر نىقاب بولسا، بەزىلەر ئۈچۈن بۇيۇك ھەقىقەتتۇر.

▲ بىلىمسىز باشلىقلا قول ئاستىدىكىلەرنى تۇرلۇك بېسىم، ۋەھىمە ئارقىلىق باشقۇرىدۇ.

▲ تارىخ ـ ئىنسانلارنى رېلىس قىلىپ ئالغا ماڭىدىغان پويىز.

ـئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: كۈچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ھايات تەلقىنلىرى

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، كىيىنكىلەرنىڭ پېشانىسىدە قۇللۇق تامغىسى بار دېيىلسە، ئۇنى ئالدىنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئىنسان تراگېدىيىسىنى تۇرمۇش كەلتۈرۈپ چىقارسا، جەمئىيەت تراگېدىيىسىنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

▲ ئادەم تەقدىر يارىتىدۇ، ھەم تەقدىر تەرىپىدىن قايتا يارىتىلىدۇ.

▲ ئاتىنىڭ شىجائىتى پەرزەنت ئۈچۈن يىمىرىلمەس كۈچ!

▲ بىرلىك يوق ئەلدە ھۆرلۈكمۇ يوق.

▲ بىز ئۆتۈپ كېلىۋاتقان رەزىل ئادەملەرنى ئەڭ ئالدى بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەتسىز ئائىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

▲ پاراسەتلىك ئايال ياراتقۇچىنىڭ زېمىنغا بەخشەندە قىلغان ئەڭ سۆيۈملۈك پەرۋىشكارىدۇر.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئادەتلەندۇرۇش ـ سەزدۇرمەي بويسۇندۇرۇشتۇر.

▲ ئەخلاقتىن مەھرۇم قالغان پاراسەت ـ رەزىللىكنىڭ يانتايىقى.

▲ سەن رېئاللىققا يۈزلىنەلمىگەندە، رېئاللىق سېنى تراگېدىيىلىك قىسمەتلەر بىلەن تارتۇقلايدۇ.

ـئايىمنىسا سۇلايمان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ ياخشى كۆرگەن نەرسەڭگە ئېرىشەلمەسلىكىڭ بىر بولسا ئاجىزلىقىڭدىن، بىر بولسا ئالدىراقسانلىقىڭدىن.

▲ قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ، بىزلەردە ئاشۇ قاغىچىلىك ئاڭ يوقمۇ؟!

ـمۇھەممەتئىمىن مەتروزى

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە ئۇلۇغساي يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قانۇن تۈزۈك ئىجرا قىلىنمىغان ساھە بىر بولسا شۇ ساھەدىكىلەرنى غالجىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بىر بولسا لاتىلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

▲ مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن ئىزدەش، مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىش ـ بارلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر.

▲ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى قانۇن ۋە سىياسەت جەھەتتە باراۋەر، ئەمما بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە باراۋەر ئەمەس. بۇ باراۋەر ئەمەسلىكنى تۈزۈم ئەمەس، شۇ تىلنىڭ ھازىرقى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

▲ ئوقۇتقۇچى ـ ئائىلىسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسا، جەمئىيەتتە مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدۇر.

ـغوپۇرجان ئىبراھىم

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاقچاش يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھاراق سورۇنىدىكى مەرد ئادەملەر خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىدا ئەڭ پىخسىق كىشىلەردۇر.

ـئابدۇللا ياقۇپ

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە غۇنخەي جىگرا مۇداپىئە سافچىخانىسىدا

▲ دېڭىز - ئۆزلۈشنى، ئاسمان - چۈشۈشنى، زېمىن - ياشاشنى بىلدۈرغانلارنىڭ.

▲ سۇ سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن كىچىككىنە ئاپقۇر ئىچىدىمۇ ئاسماننى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

▲ يۈرەك ۋىجداننىڭ ئوچىقى، يالقۇنى ھەققانىيەت، تۇتەكلىرى ئەلەم، توزۇندىلىرى ساداقەت.

-مۇھەممەت ئەھمىدىي

---

ئاپتور: يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

▲ داڭۋاز ئادەم ئادەم كۆپ جايدا سودا قىلسا، قويندىن تۇتاھلاپ پۇل ئالىدۇ، ئادەم ئاز يەردە سودا قىلسا، پۇلنى بىردىن سۇغۇرۇپ ئالىدۇ.

-يۈسۈپھاجى ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۈستۈنئاتۇش يېزا قايراق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن سوتچىلارنى قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلمىدى، دېمەي، ئاق چاچلىق ئاناڭنىڭ جېدەل ئايرىشىغا قارا.

-ئوغۇلنىسا ئاتاۋۇللا

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە لاگرۇ يېزا ياپچانلىق كەنتىدە، دېھقان

▲ ئانا سۈتىگە تويۇنغان بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ باغرىدا ئەركىلەپ ۋىلىقلاپ كۈلۈشىدىنمۇ ئارتۇق يېقىملىق، ھەقىقىي كۈلكە بولماس.

-مەرۋانگۈل مەخەت (زىلالە)

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئارغۇ يېزا ئاچچىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ بىز غەرب مەدەنىيىتىدىن ئۆزىمىزگە نېمىنى ئۆزلەشتۈردۇق؟ ئەلۋەتتە ھاياسىزلىقنى.

▲ ئۆلۈمدىن قورقانلىق - ئۆزىدىن ئۆزى قورقانلىق.

▲ پەرزەنتىڭنى ياخشى تەربىيلەپ چوڭ قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە ئابىدە تىكلىگىنىڭ، مىللەتكە تۆھپە قوشقىنىڭ.

▲ يىغلاش بىچارىلىك ئەمەس، كۆز يېشىنى سۈرتەلمەسلىك بىچارىلىك.

▲ ئەڭ بىچارە كىشىلەر - ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغان كىشىلەردۇر.

-ئابدۇرەھمان ئابدۇئەزىز

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھەر قانداق خەتەر ئالدىدا قوغدىنىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى: تېز قېچىش ياكى تېز قول سېلىشتىكى چاققانلىقتىن ئىبارەت.

-ئابدۇرەھمان سىددىق

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت «قۇمتام» دېھقانچىلىق مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيونېرى

## ستۇدېنتلار ياتىقىدىكى پاراڭلار

▲ ئۆزگىنىڭ ساڭا ئەقىل ئۆگەتكىنى، يارامسىزلىقىڭنى يۈزتۇرانە جاكارلاۋاتقىنى.

▲ سەن ۋەدىنى قانچە كۆپ بېرىپ، باشقىلارنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقانسېرى، ئۇلار سۆزلىرىڭدىن شۇنچە گۇمانلىنىدۇ.

▲ ئۆز قابىلىيىتىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەڭ، ئۇنىڭدىن باشقىلار پايدىلىنىدۇ.

▲ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، كاللا ئىشلەتمىسەڭ، ئاخىر يامانلارنىڭ قۇربانلىقى بولىسەن.

▲ بالىنىڭ بېشىدىكى بەخت، ئانىنىڭ يۈزىدىكى تەبەسسۇمغا تەخت.

▲ سەن بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا، ئۇ، كەمچىلىكىڭنى كۆپرەك كۆرسە، ئۇ سېنى ھەقىقىي سۆيگەن بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇ ئارتۇقچىلىقىڭنى كۆپرەك كۆرسە، ئۇ مۇھەببەتكە مەلۇم غەرەز يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲ «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ». بىراق ئۇنىڭدا ھەقىقەتنىڭ يۈرىقى بار.

-مۇھەممىدۇن سەمەت ئەلقادىر

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ ئىشلىرىمىزنى قول ئۇچىدىلا قىلغاچقا، كۆپىنچىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ كىچىككىنە ئىشتا ئەستايىدىل بولساڭلا، كەشپىيات يارىتالىشىڭ قىيىن ئىش ئەمەس.

▲ تۇنۇگۈن ئىشلىرىڭدا غەلىبە قىلىپ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئال، ئۇ بەرىبىر. ئەمما خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىناي دەيدىكەنسەن، بۈگۈن ۋە ئەتە ئۈچۈن تىرىشىشىڭ كېرەك، چۈنكى تۇنۇگۈنكى تامىقىڭ بۈگۈنكى ئاچلىقىڭغا دال بولالمايدۇ - دە؟!

▲ باشقىلارنىڭ ئەيىپىنى كۆرسەڭ چېكىنسەن، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسەڭ ئىنتىلسەن.

▲ پۇل - ئىشقىدا كۆيدۈرۈپ، تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرىۋاتقان سۆيۈملۈك ئالدامچى.

-ئايزىمگۈل ئېيسا

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئازادباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قىز - ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى، ئەخلاق قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ باشلىنىشى بولسا، ھازىرقى قىز - ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى، ئەخلاق قارىشىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنىڭ باشلىنىشى.

▲ بۇ دۇنيا كۈلگەنلەرگە زىناق، كۆيگەنلەرگە ياغ ئىكەن.

-مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە تاغارچى يېزا چاقىلىق كەنتىدە، دېھقان

▲ سائەتنىڭ چىكىلدىشىنى يۈرەكنىڭ سوقۇشىغا تەقلىد قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ياسىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا يۈرىكىمىزنىڭ بىر سوقۇشى، ھاياتىمىزنىڭ بىر سېكونتىنى قەدىرلەشنى بىلىشىمىزگە بېرىلگەن سىگنال.

ـ فەرىدە مۇھەممەت

ئاپتور: تېكەس ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ بىز ئانىلارغا بېرىلگەن باھا ـ ماھىيەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتكە بېرىلگەن باھادۇر.

ـ دىلنۇر قادىر

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ زاماندىش دوستىمىز يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ماقالىلىرى بىزگە يەنە بىر قېتىم ھەقىقەتنى ـ ئۇ بولسىمۇ دىن بىلەن پەننىڭ ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىگە قارشى ئەمەسلىكىنى، توغرا بىرلەشتۈرۈلسە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ـ نۇر مۇھەممەت مىرئەھمەت

ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدە

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ تىرىشچانلىق ـ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يول خېتى.

▲ ئۈمىد ـ ھايات دەرىزىسىدىن چاچىرىغان نۇر.

▲ ھاياتتا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما يېڭىلىش ھەرگىزمۇ تەقدىر ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ئىنسان بالىسىغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى، ئوچۇق دەرسىدۇر.

ـ جاھانباي ماشەك

ئاپتور: قىرغىز، ئاقچى ناھىيە ئاقدالا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تامچا ۋە قامچا

▲ ئات ئىگىرى، ئىت زەنجىرى، كالا چۇلۇكى بىلەن ئىنسانغا بويسۇنسا، ئىنسان نادانلىقى بىلەن باشقىلارغا باش ئېگىدۇ.

▲ ئاجىزلارغا نىسبەتەن بۇ دۇنيا تولىمۇ رەزىل.

▲ كىتابنى چالا ـ بۇلا ئوقۇپلا ئۆزىنى بىلىملىك چاغلايدىغانلارنىڭ، شوتا قويماي تۇرۇپ ئۆگزىگە چىققانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقسام، دەيمەن.

ـ ئابلېتىپ توختى

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش فاكۇلتېتى 2000 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يېڭى كۈندە يېڭى تۇيغۇ

▲ ئىرادە ـ قىلۇر ھەممىنى ئىدارە.

▲ دېھقاننىڭ قولى قاپىرىدۇ، ياللاقچىنىڭ تىلى.

▲ ھايا ـ ئادەملەرگە بېرىلىدۇ باھا.

▲ ئاتا ـ ئانا ـ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئەمما جاھانغا تۈۋرۈك بولالمايدۇ.

▲ دۈشمەنگە ئۆزىنىڭ دەردى ـ ھالىنى تۆككەنلىك، قايناۋاتقان قازانغا قولنى تىققانغا باراۋەر.

▲ قىزارغان يۈز ـ ھايانىڭ ئاۋازسىز ئىپادىلىنىشى.

ـ سەلەيجان روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئازىراق نەتىجە بىلەن كۆرەڭلىگەنلەر، ئىچىلىپلا تۈزۈلگەن گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ باشقىلار ئالدىدا ئۆزۈڭنى قانچىكى تۆۋەن تۇتساڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا باش كۆتۈرمىكىڭ شۇنچە تەس بولىدۇ.

ـ تۇراخۇن قادىر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روھ چۇقانلىرى

▲ بىلىپ سۆيۈش بىلەن بىلمەي سۆيۈش بەخت بىلەن بەختسىزلىكنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئەلچىلىرىدۇر.

▲ بىلمەك تەس ئەمەس، چۈشىنىش تەستۇر.

▲ بەخت ـ مەنزىل، ھېسسىيات ـ ئالۇۋن، ئەقىل ـ يولدۇر.

▲ تويدىن ئىلگىركى مۇھەببەت ھېسسىيات ھالىتىدە، تويدىن كېيىنكى مۇھەببەت مەسئۇلىيەت ھالىتىدە بولىدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى.

▲ ئوقۇش ئاسان، يېزىش تەس.

▲ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى دەپسەپ باقسۇن.

▲ مۇۋاپىق سۈكۈت ئاقىلانىلىقتىن دېرەك بەرسە، چەكتىن ئاشقان سۈكۈت نادانلىق ياكى ئاجىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ كۆرۈشنىلا بىلىپ، چۈشىنىشكە يۈرۈش قىلالمىغان ئادەم، بىر بولسا ھۇرۇن، بىر بولسا گاللۋاڭدۇر.

▲ دوستلۇقنىڭ يېرىمى ئىشەنچ، يېرىمى سىناقتۇر!

▲ گۈلنى پۇراپ بولۇپ چۆرۈۋەتكەنگە ئوخشاش، تۇرمۇشتىكى بەزى پرىنسىپلارنىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك.

▲ مەغلۇبىيەت، مەغلۇبىيەت يەنە مەغلۇبىيەت، بۇ كارغا كەلمەسلىكنىڭ؛ مەغلۇبىيەت، مەغلۇبىيەت ئاخىرى غالىبىيەت، بۇ ھاياتىي كۈچنىڭ تىمسالىدۇر.

▲ كۆرۈش ھېسسىيات تەۋەلىكىدە، چۈشىنىش ئەقىل تەۋەلىكىدە!

▲ نادانلار دۇنيانى ئىككى كۆزى بىلەن كۆرسە، ئاقىللار ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

▲ ھۇرۇنلار كۈتىدۇ، ئىشچانلار يارىتىدۇ، مانا بۇ تەن بىلەن روھنىڭ پەرقى.

▲ ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇھەببەت مەۋجۇدلۇقى ـ پەرزەنت، قىممەت مەۋجۇدلۇقى ـ مەسئۇلىيەت!

▲ تويدىن كېيىنكى مۇھەببەت مەسئۇلىيەت بىلەن رېئاكسىيىلىشىدۇ.

▲ ئاستىنقى كالپۇكىمىز بىلەن ئۈستۈنكى كالپۇكىمىز گاھىدا قېرىنداش، گاھىدا رەقىبلەر. شۇڭىنىسى، ئۇلار ئىككىسى مەڭگۈلۈك قوشنا.

ـ غالىبجان مۇھەممەد قارلۇق

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ نادانلار بۇگۈنكى ئىشنى ئەتە دەيدۇ، ئاقىللار بۈگۈنكى ئىشنى ھازىر دەيدۇ.

-رەيھانگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىزگە تەسىر كۆرسەتىدىغىنى يەنىلا ئاتا - ئانىلىرىمىز ياراتقان ۋاپادارلىق داستانى.

-مەستۇرە سىزگۇر

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدە مۇئەللىمە

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

▲ كۆپىنچە ھالدا غەلىبە بىلەن بىخۇدلۇق ئوڭ تاناسىپ بولۇپ كېلىدۇ.

▲ خاتا قىلسۇن - توغرا قىلسۇن، قاملاشتۇرسۇن - قاملاشتۇرالمىسۇن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشكە يېتەكلەنگەن بالا، تەدبىرلىك بولۇپ يېتىلىدۇ.

▲ بايلىقنىڭ خۇشاللىقىدىن ۋەھىمىسى يامان.

▲ بىر سارالڭنىڭ سوئالىغا ئون دانىشمەنمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

▲ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى يوق ئادەم - شامالنىڭ ئىختىيارىدىكى لەگلەككە ئوخشايدۇ.

▲ رەزىللىك ئەقىل - پاراسەتنىڭ يامان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىدىن تۇغۇلىدۇ.

▲ «تەقدىر» دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە «تەسەللى» دېگەنلىكتۇر.

▲ پەرزەنتىڭنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىدىن مەيۇسلەنمەي، ئۇنىڭ تىرىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتىكى غەيرىتىگە قارا!

▲ بىر ئىشتا نەتىجە قازىناي دېسەڭ، ھەۋىسىڭدىن تەدبىرىڭ كۆپ بولسۇن.

▲ ھىجران - مۇھەببەتنىڭ ئېلان تاختىسى.

▲ قوشنىسى بىلەن ئىناق ئۆتمىگەن ئادەم مەھەللىسىگە پاتمايدۇ.

▲ گەپنى چۈشەنگەنگە قىل.

- ئامىنە غىياس

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا مۇئەللىمەسى

* * *

▲ مەنسەپدارغا نىسبەتەن يېنىدا بىر خۇشامەتچىنىڭ كۆپەيگىنى، ئەمەلىيەتتە بىر دۈشمىنىنىڭ كۆپەيگىنىگە باراۋەر.

▲ بىلىملىك بولماق تەس ئەمەس، ئەمما ئۇنى ئۆز جايىغا ئىشلەتمەك قىيىن. شۇڭا تولا ئىشتا «ئەقىل باشقىلاردىن، پۇت - قول مېنىڭدىن» بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟!

▲ داۋاملىق ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان كىشىلەر - بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىق ئادەمگە دوزاخنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا ئىناق ئائىلىسى بار كىشىلەر «مەن جەننەتتە ياشاۋاتىمەنغۇ!» دېسە، مېنىڭچە، بولىدۇ.

-ئابدۇخەلىل ئابلىز

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە توساللا يېزا ھالالباغ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئاچچىق تىنىقلار

▲ كوت - كوت ئاياللىرىمىزنىڭ دەستىدىن زىيالىيلىرىمىز ئاقباش، قەھرىمانلىرىمىز ۋەيران، باللار يېتىم - ساۋاتسىز بولماقتا.

▲ كىشىلەرنىڭ دەرد - ئەلەملىرى كۆپەيگەنسېرى ھەر خىل سازەندىلەرنىڭ ناخشىلىرى ئەۋج ئالىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلغىنى بىلەن دىلى غەپلەتتە، نەپسى يوغىناشتا.

▲ مومام بىزلەرگە «ئەللەي» ناخشىسى ئېيتىپ ھارمىسا، ھازىرقى ئانىلار باللىرىغا ئۇنئالغۇنى قويۇپ بېرىپ ھارمايدۇ.

▲ بالا باقماقتىن بىر قورۇ قوي باقماق ئاسان.

-تۇرغۇنجان ئابدۇللا

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 4 - دىۋىزىيە 62 - پولكتا

* * *

▲ باشقىلارنىڭ سىزگە ئېچىنغىنىدىن ھەسەت قىلغىنى ياخشى.

-ھەپىزىگۇل نۇر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تويۇق يېزا پەنجەن كەنتىدە، دېھقان

▲ گۈزەللىكنى شەھەرلىكلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن، سەھرالىقلارنىڭ روھىدىن ئىزدە.

-ئىسھاق مۇھەممەت

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا قايراق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھەقىقەت ئاجىزلارنىڭ قەبرىسى، كۈچلۈكلەرنىڭ قەسرى.

▲ بۇ دۇنيادا ئەرلەر يوغان دەرەخ بولسا، ئاياللار شۇ دەرەخنى باراقسان ئۆستۈرىدىغان بۇلاق.

▲ ئاياللار ئەينەككە ئوخشايدۇ، بايقىمساڭ، بىر يېرىڭنى كېسەۋالسەن.

- پاتىگۇل قۇتلۇق (قاينام)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 5 - دىۋىزىيە 86 - پولك پاختا زاۋۇتىدا

## تۇرمۇش ھېسلىرى

▲ بىز باشقىلاردىن بېشىمىزدىكى دوپپىمىزدىن ئەمەس، بەلكى «ئۇيغۇر» دېگەن بۈيۈك نامغا تۇشلۇق ئىشىمىز بىلەن پەرقلەنسەك ئاندىن بىز مەڭگۈ پەرقلىق بولالايمىز.

▲ زامانىمىزدا «مۇقام» ئاڭلايدىغانلار ئاز، ئۇنىڭ بىلەن ماختىنىدىغانلار كۆپ. بۇ بىزدىكى كۆچەت تىكىشنى ياقتۇرمايدىغان، مېۋىگە ئامراقلىق پسىخىكىسى.

▲ پۇلۇڭ بولمىسا ئۆزۈڭ ئازابتا ئۆتۈسەن، پۇلۇڭ كۆپ بولسا باشقىلارنى ئازابقا قويىسەن.

-ئەنۋەرجان قۇربان

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە سودا - سانائەت مەمۇرىيىتى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

www.uyghurkitap.com

* * *

▲ ئويلىمايلا سۆزلىگەن بىر ئېغىز يامان سۆز ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلغان بىر پاي ئوقۇقا باراۋەر.

ـئايبۇۋى نەزەر

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئەرلىرىمىز ئەركەكلىكىگە قايتمىغىچە، ئاياللىرىمىزنىڭ ئانىلىقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

ـپاتىگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار سىركىپ يېزىسىدا، دىھقان

▲ سەن ئۇ خۇشامەتچىنىڭ بىر كېچىدىلا مەنسەپدار بوپقالغىنىغا ھەيران قالما. چۈنكى سەن كىتاب كۆرۈپ ياتقاندا، ئۇ ھوقۇق سودىسى قىلىدىغان چىرىك مەنسەپدارنىڭ ئىشىكىنى چەككەن.

ـمۇختار ھاپىز

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى

## تەئەججۈپ

▲ يىگىتلەرنىڭ يېرىم يالىڭاچ قىز ئالدىدىكى سۇكۇتى، ۋىجدانى لدىدىكى يەنە بىر سوئال.

▲ دوستۇڭ بەرگەن بىر تەستەك، كەلگۈسىدىكى بىر چاڭگال ئالتۇن.

ـبۇۋىئائىشە رەشىد

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىلى 2001 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خىيال خۇرۇچلىرى

▲ «تۈنۈگۈن» ـ ئەپسۇس بىلەن، «بۈگۈن» ـ ئالدىراش بىلەن، «ئەتە» ـ ئۈمىد بىلەن قوشكېزەكتۇر.

▲ بۇ ئالەم ـ چۈشىنىپ ياشىغۇچىلارغا جاھاندارچىلىق، «ياشاش» ئۈچۈن يارالغانلارغا جاھان تارچىلىق.

▲ خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ يەكۈنى بولغىنى ئۈچۈن، كۈلكە ۋە يىغا دۇنياغا ئورتاق تىل بوپقالغان.

ـئابدۇرېھىم ئىسلام

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## چاقىندىم بىر رەت

▲ بىرەر كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا چۆكەلمىسەڭ، ياكى بۇ سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ، ياكى بۇ شائىر ـ يازغۇچىنىڭ مەغلۇبىيىتىدۇر.

▲ بىر جۈملە ھەقىقەت ئۈچۈن بەزىدە مىڭ يىللىق مۇساپە كېرەك. شۇڭا ھەقىقەت مىقدار بىلەن ئەمەس، قىممىتى بىلەن ئۆلچەنگىنى ياخشىراقتۇر.

▲ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ بىر چىرايلىق رەۋىشتە ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشى ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەنئەنىۋى قىممەتنىڭ بوھرانغا دۇچ كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-

لىكتۇر.

▲ ھەقىقەت بەخش ئېتىلىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئىزدىنىش ۋە ئېغىر بەدەللەر بىلەن جۇلالانغانلىقى سەۋەبىدىن بۈيۈك ھەم قادىرەتلىكتۇر.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، ئىلىم ـ پەندىن قوغلانغان تىلنىڭ شۆھرىتى بولمايدۇ، ئەدەبىياتتىن قوغلانغان تىلنىڭ جېنى بولمايدۇ، پەلسەپىدىن قوغلانغان تىلنىڭ مېڭىسى بولمايدۇ، سىياسىي تۇرمۇشتىن قوغلانغان تىلنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ، ئائىلىدىن قوغلانغان تىلنىڭ ئۆزىمۇ بولمايدۇ.

▲ كۈلدۈرگە ئارتىسلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئوبدانلا چاۋاك چېلىپ، ئالقىشلاپ قويساڭلا كۇپايە. ئۇلار ھەرگىزمۇ جاراھەتلەنگەن، بۇرۇقتۇرمىلانغان، تېڭىرقىغان روھقا تەسكىنلىك بېرەلمەيدۇ.

ـمەتناسىر ياسىن

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئەسلىمە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىتەلىسىمۇ، ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ.

▲ خۇشامەتچى گېلىدىن قېرىمىسىمۇ، بېلىدىن قېرىشى مۇمكىن.

▲ يەھۇدىيلار مائارىپىنىڭ يۇقىرى پەللىدە تەرەققىي قىلىشى ـ ئۇلارنىڭ ئەرلەرنى ئىشلىتىپ، ئاياللارنى ئوقۇتقىنىدا.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئەرلەر بۇزۇلغان جەمئىيەت ـ پالاكەتكە يولۇقىدۇ، ئاياللار بۇزۇلغان جەمئىيەت ـ ھالاكەتكە يولۇقىدۇ.

ـتۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۇن يېزىسىدا

* * *

▲ ئەستايىدىل ئادەملەر بۇرۇن قېرىپ كېتىدۇ.

▲ بۈيۈك كىشىلەر ـ ياراتقۇچىنىڭ زېمىندىكى شولىسىدۇر.

▲ بەزىبىر دەقىقە ئورنى يۈز يىلدىمۇ تولمايدۇ.

▲ كۆڭۈل ماددىيلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەندە ئادەملەر بۇزۇلغان بولىدۇ.

ـئابدۇغېنى توقۇ

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە مائارىپ ـ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا

▲ بىلىمنى ئۆگەنگەنسېرى ئۆزىمىزنىڭ بىلىمسىز ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىدىكەنمىز، ئادەملەرنى بىلگەنسېرى ھېلىگەرلىشىدىكەنمىز.

▲ ياشانغان، بىلىملىك بىر مويسىپىت ئېتىراپلىق يېزىپ تەھرىرلەنگەن قامۇسقا، بىلىملىك ياشلىرىمىز بولسا تۈنجى ئەسەرگە ئوخشايدىكەن.

ـئەكبەر

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى

▲ بەرداشلىق بېرىش ـ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشلا ئەمەس، بەلكى كەلگەن زەربىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى.

▲ ئېيتقىنا، يار! مېنى ئەركىمگە قويۇۋەتكىنىڭ، مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭمۇ؟!

▲ قانائەت قىلماسلىق ــ ئارزۇ ــ ئۈمىدنىڭ ئۇلى، شۈكۈر قىلماسلىق ــ تېگى يوق ھاڭنىڭ يولى.

ــئايشەم سېيتنىياز

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003 ــ يىللىق 1 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر ئىدىيىمىزدىكى توساقلاردىن ھالقىپ ئۆتەلىسەك، ھايات مۇساپىمىزدىكى توساقلاردىن ئۆتۈشىمىزدە گەپ يوق.

▲ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش يېڭى بىر ئەۋلاد ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ. مائارىپقا ئېتىبار بېرىش يېڭى بىر ئەۋلاد يۇقىرى ئۇنۇملۇق، تۆۋەن ساپالىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ.

▲ رىقابەتتىن قورقۇش ــ بىر بولسا ئاجىزلىقنىڭ، بىر بولسا ئادىل بولمىغان رىقابەتنىڭ ئىپادىسى.

ــمۇساجان ئىسرائىل

---

ئاپتور: بورتالا تاشيول باش ئۇچاستكىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ تارىخقا قاراشتىن بۇرۇن شۇ تارىخنى يازغۇچىغا قاراش كېرەك.

▲ قىلغان ئەمگىكىدىن نومۇس قىلغۇچىلار ئەڭ بىچارە كۈنگە قالغۇچىلاردۇر.

▲ ستۇدېنتلىرىمىزنى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىدۇ، دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا بىلىم بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

▲ ئەر كىشىدىن غۇرۇر كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە، ئايال كىشىدىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

▲ قانۇن تۈزۈشتىن بۇرۇن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى تۈزەش زۆرۈردۇر.

▲ قانۇن كۆپ ۋاقىتلاردا بەزى ناتوغرا ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قولىدا ئادىللىقنى يوقىتىدۇ.

ــتۇرامەت مەمتىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكسەپ ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ كۆلكەڭ سورۇندا، يىغاڭ قازناقتا بولسۇن.

▲ ئايالارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى غەرب ئەللىرىنىڭ «ئىلغار مەدەنىيىتى»نىڭ مەھسۇلى بولسا، ئەرلەرنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى نامراتلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

▲ نادانلارنىڭ ئالدىدىكى كەمتەرلىكنىڭ يەرگە، دانالارنىڭ ئالدىدىكى كەمتەرلىكنىڭ كۆككە تاقىشىدۇ.

ـــمەھمۇت ئەھمەت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 ــ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسيونېرى

* * *

▲ «قوش تىللىق» بولۇش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. مەقسەت، قايسى تىلدا ھەق، توغرا ئىشنى قىلىشنى بىلىشتە.

▲ سىدىن ھەقىقىي ئالىملە قورۇپ چىقالىغان ۋاقتىڭدا، پەرزەنتلىرىڭ ھەقىقىي جەمئىيەتنى قورۇپ چىقالايدۇ.

ــ فېرىدە قادىر

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى نۇرباغ نېفىت پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ بىرنى بىلسەڭ، بىرىدە غەلىبە قازىنىسەن.

▲ تىلىڭ بېشىڭغا، كېلىڭ يۈزۈڭگە ئىگە.

ــمەھمۇت مەخەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ــ يىللىق 5 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پالۋاننىڭ باتۇرلۇقى رەقىبىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كەلگەن.

ــئالىم ياقۇپ

---

ئاپتور: بورتالا شەھەر چىندىل يېزا گۈلۈمتى كەنتىدە ئامانلىق ساقلىغۇچى

▲ ئېشەك قانچە كۆپ ئىشلىگەنسېرى شۇنچە خارلىنىدۇ.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان ئۈمىد ــ رىۋايەتلەردىكى ئەپسانىدىن ئىبارەت.

▲ ئۇزاققا سوزۇلغان، بىر ــ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى روھىي تۈرمىگە مەھكۇم قىلىدۇ.

ــمۇھەممەتئاخۇن مۇھەممەتلەتىپ

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا ئاقتوم باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ چاڭ ــ توزانلارنىڭ كۆپىيىشى ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، بىكار تەلەپلەرنىڭ كۆپىيىشى مىللەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ــھاشىمجان روزى

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئەۋلادلىرىڭ سېنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىسە، سەن ئۆزۈڭنى مەغلۇب بولغان ھېسابلىساڭ بولىدۇ.

ــئابدۇقادىر ھەسەن خالىس

---

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تاش قېتىدىن خىياللار

▲ ئالدانغىنىڭ، ئەخمەقلىقىڭغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئىنسانپىنى قولىغا پۇل كىرگەندە كۆر.

▲ يېڭىلدىڭمۇ؟ بار سەۋەنلىكنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە.

يەڭدىڭمۇ؟ قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىبرەت ئال.

ــبۇۋىزۆھرەگۈل ئەخەت

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە سەئىدلەر يېزا نوربېشى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ قانچىكى بەختسىز ئادەم ئۆزىدىن بەكرەك بەختسىز بولغان

ئادەمنى كەمستىدۇ. بۇ، بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەختسىزلىك بولسا كېرەك.

▲ بىر ئادەمنىڭ جاسارەتلىكلىكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان پەيتىدە ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيەت پاتقىقىغا پاتقان پەيتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ قانۇن دېگەن نېمە؟ قانۇن ـ ھېسسىيات تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئەقىل.

▲ سەن يۈكۈنۈپ بەرمىسەڭ، خەقمۇ شىللەڭگە مىنەلمەيدۇ.

▲ بىراۋنى چۈشەنسىڭىز، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلەيسىز؛ بىراۋنىڭ تەبىئىتى ۋە ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلىنى پىششىق بىلسىڭىز، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلالايسىز؛ بىراۋنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلسىڭىز، ئۇنى قايىل قىلالايسىز؛ بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلسىڭىز، ئۇنى ئۆزىڭىزگە قول قويدۇرالايسىز؛ بىراۋنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنسىڭىز، ئۇنى تىزگىنلىيەلەيسىز.

▲ غۇرۇر ـ قەلبتىكى ئۆچمەس مەشئەل.

▲ ھېسداشلىق قىلىش ـ سىزنىڭ كىشىلەرگە بېرەلەيدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغىڭىز.

▲ تەپەككۇر قىلىش دېگەنلىك ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىش، دېگەنلىكتۇر.

▲ مەغلۇبىيەت ئادەمنى بويسۇندۇرمايدۇ، بەلكى مەغلۇبىيەتكە بولغان مايىللىق ئادەمنى بويسۇندۇرىدۇ.

ـ ئازادجان نىزامىددىن

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ يانفون قاتارلىق ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئېغىز بىلەن قۇلاقلارنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرغىنى بىلەن، قەلبلەرنىڭ يىراقلىشىشىغا يول ئېچىۋاتىدۇ.

ـ مۇھەممەتئىمىن يۇنۇس

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا، دېھقان

▲ سىز باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىغا ئۇچرىسىڭىز، سىزنىڭ نەتىجە قازانغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ، باشقىلارغا ھەسەتخورلۇق قىلسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

ـ ئەخەت ئابلىز

ئاپتور: «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

▲ ھەقىقەت ئۆلچىمىدىكى ئەڭ چوڭ قىممەت ــ ئەقىدە قىممىتى.

ـ روزىيەم نۇرمۇھەممەت

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا ھاتتا كەنتىدە، دېھقان

▲ سەن ئۆز غۇرۇرۇڭنى يوقاتقاندا، باشقىلار سېنى يوقىتىدۇ.

ــ ئابدۇشۈكۈر ئەھەت

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ دوستۇم ئېقىۋاتقان سۇغا قارا، سۇ ھەرقانچە ئۇلۇغ بولغىنى بىلەن، كىچىككىنە چۆپنى يۇتۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، سەپسەتە ھەرقانچە داۋراڭ سالغىنى بىلەن ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

▲ ھەقىقىي دوستۇڭ بولمىسىمۇ، ھەقىقىي دۈشمىنىڭ بولسۇن. چۈنكى دۈشمىنىڭ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

▲ غالىبلارنى تەربىيىلەشتىكى ئالىي مەكتەپ ـ ئوڭۇشسىزلىق.

▲ تارىخ ـ غالىبلارنىڭ ئىرادىسى، ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن يېزىلىدۇ.

ـ ئابدۇجەلىل ئابدۇللا

ئاپتور: شايار ناھىيە تارىم يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇشقا ھېرىسمەن كىشىلەر، سىر ساقلىيالمايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ يىراقتىكى دوستقا تەلمۈرۈش، يېقىندىكى دوستنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ.

ـ ئانارگۈل ئابلىمىت

ئاپتور: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاست 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خۇشامەتچى كىشىلەر دەررۇ يول تاپىدىغان تەنتەك ئەقىل ئىگىسىدۇر.

ـ ئىمگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايايلاق يېزا قورغان كەنتىدە، دېھقان

▲ خىيال قاناتسىز لاچىن.

▲ تىل ھەرقانداق ئوتنى ئۆچۈرىدىغان ھەم ئۇلغايتىدىغان «ئوكسىگېن».

▲ جاھاندىن بىغەم ئۇيقۇ، تاماق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگۈچىلەر زامانىۋى قوتانلاردا بوردىلىۋاتقان ھايۋانلاردۇر.

ـ ئەكبەرجان ئابدۇروسۇل (غەيۋانىي)

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە چۈشىنىشلىك بولغان بىر تىل بار، ئۇ بولسىمۇ مۇزىكا.

ـ ساھىبجامال ئابدۇللا

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «ۋاقتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى» دېگەن ھەقىقەتنى ئىنسانلار ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن ۋاقتىدىلا چۈشىنەلەيدۇ.

ـ ئۆمەرجان سۇلايمان

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل شۆبە ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى كەسپى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

www.uyghurkitap.com

▲ باشقىلارغا تەلمۈرۈپ قارىما، ئۇلار سېنى تىلەمچىمىكىن، دەپ قالمىسۇن.

-ئابلىكىم سىددىق

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 38 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر»نى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئادەم، رېئاللىققا تەن بەرگۈچىدۇر.

-ئامانگۈل غېنى

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 87 ـ قورۇدا

▲ قەرزدار ئادەم ـ تومۇزدا جاراھەتلەنگەن ھايۋانغا ئوخشايدۇ.

▲ ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدىغانلار مەڭگۈ باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

▲ روھى خۇنۇك ئادەم ـ ھەقىقىي پالەچ ئادەمدۇر.

-ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا

ئاپتور: شايار ناھىيە «قىزىلبايراق» بازىرى ئۆستەڭبويى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ رەزىللىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز ئېتىقادنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالىدۇق.

- پاتىگۈل ھۆسەيىن

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 2002 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھاراق ـ تاماكا ئادەمنىڭ جىسمىنى، چاكىنا ناخشا ـ مۇزىكىلار ئادەمنىڭ روھىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىكەن. قارىغاندا، خېلى كۆپلىرىمىز ھەر ئىككى تەرەپتىن تەڭ تۈگىشىش يولىنى تاللىغان ئوخشايمىز.

▲ بىز قوغلاپ يېتىشەلمىگەنلىرىمىزنى «ۋاپاسىز» دېگەن ناھايىتى چىرايلىق نام بىلەن تىللاشقا ئادەتلەنگەن...

-ۋارىسجان تۇردىنىياز

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە كوسراپ يېزىسىدا، دېھقان

▲ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقنى ئىنتىق كۆرگىلى بولغان بىلەن، يورۇقلۇق ئىچىدە قاراڭغۇلۇقنى پەرق ئېتەمەك بەكمۇ تەس.

▲ بىز قىزلارنى ئالداپ ئەخمەق قىلساق، كەلگۈسى بىزلەرنى ھەسسىلەپ ئەخمەق قىلىدۇ.

▲ قىزلاردىكى ئەخلاق يوقالدىمۇ ياكى بىزدىكى غۇرۇرمۇ؟

-ئوبۇلقاسىم مەتيۇسۇپ

ئاپتور: قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتەپ 2001 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەڭ بىچارە كىشى ـ نادانلار تەرىپىدىن ماختالغان كىشىدۇر.

-ئوبۇلقاسىم ئۆمەر

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا يارچاقتى كەنتىدە، دېھقان

▲ كىشىگە ئېھتىياجلىق چۈشكەندە باھا بەر.

▲ ئاياللار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەر ئالدىدا بەك مېھرىبان، ئەمما ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن ئەر ئالدىدا بەك تەكەببۇر.

▲ قەھرىمانغا پۇرسەتنى رەقىب يارىتىپ بېرىدۇ.

-ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھەر چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىدا

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇپ چوڭقۇر پىكىرلىك ماقالىلەردىن باشقا ئىككى نەرسىنى بىلىۋالدىم. بىرى، گىرامماتىكىغا ئۇيغۇن، خاتاسىز بولغان يېزىقىمىز، يەنە بىرى، مەن بىلمىگەن، بىز بىلمىگەن، ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېگەن يۇرت ـ جاي ناملىرى.

-ئابلىكىم مەتخەلىل (توغراق)

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## نىجاتلىق ماگمىلىرى

▲ دۇنيادا ھەقىقىي قەدىر ـ قىممىتىم بىلەن ياشايمەن، دەيدىغان ئادەم باشقىلارغا ئىشىنىپ ئەمەس، باشقىلارنى ئىشەندۈرۈپ ياشىشى كېرەك.

▲ ھاياتىڭغا تۈرتكە بولىدىغان گۈزەللىكنى قوغلىشىشتىن مەڭگۈ ۋاز كەچمە. رولى يوق ماشىنىغا ئولتۇرۇش خەتەرلىك!

▲ كاللىسىنى ئىشقا سالالمايدىغان جاپاكەشلەرنىڭ ئۆمۈربويى ئازاب چېكىشى ھەقلىق.

▲ ھەقىقەت نەدە؟ تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەقىقەت غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ قولىدا.

▲ كۆڭلىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئۆتمۈشتىن باشلىنىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىشى، شۇنداقلا كەلگۈسى ئىستىقبالى، ئۇنىڭ بۇلبۇلنى ئەمەس بەلكى ھەسەل ھەرىسىنى تاللىغانلىقىدا. ناھايىتى نۇرغۇن قىز ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن قايغۇرىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۆزىنىڭ گالۋاڭلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ.

▲ ئەي ئىنسان! كۈچلۈكلەر بىلەن رىقابەتلەش، ئاجىزلىقلىرىڭ يوقايدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا. ۋەھالەنكى، نۇرغۇن ئىنسان بۇ خىل ھەقىقەتنى تونۇپ يەتمىگەن. شۇڭلاشقا دۇنيادا خار ۋە زەبۇن بولغۇچىلار مەيدانغا كەلگەن.

▲ نادانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنى دەل ئۆزى! ئۇلار ئۆزىنى يوقاتمىغىچە، ئۆزىنىڭ دىلىغا ئوخشاش قارا قىسمەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

▲ ئەمما كىشىلەرگە قۇياشنىڭ خاسىيىتىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغىنىدەك، نادان ئادەملەرگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ قىيىن.

▲ قانائەت ـ ھۇرۇنلارنىڭ بېزىكى. ئىنسانىيەتتىكە زىيانداش پەسكەشلەر ئۆزىنىڭ پارازىتلارچە ھاياتىنى «قانائەت» ئارقىلىق غايىۋىلەشتۈرىدۇ.

▲ مۇھەببەت بولسا قەلبنىڭ ئىنتىلىشى ۋە كېلىشىمى، نىكاھ بولسا ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىش ۋە مەۋجۇدلۇقنىڭ كېلىشىمى.

▲ كىرىزىسنى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئال، ۋەھالەنكى، رەھىمسىزلىك بىلەن يوقات.

▲ ئاياللار ئەرلەردىن ئەخلاقتا قارىغاندا، جاسارەت ۋە ئەركەكلىكنى بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ.

## نىجاتلىق ئۇنچىلىرى

▲ ئەگەر بىر قىزنىڭ يۈرىكى يارىلانسا، بۇ قىز ئۇن ئەرنىڭ يۈرىكىنى ياردار قىلىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ قەلبى بىر بەت ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا قانداق خەت يېزىش ئەركەكلەرنىڭ ئەركەكلىك دەرىجىسىگە باغلىق.

▲ بالىلارغا نىسبەتەن دۇنيادا ئاتا ـ ئانىدىنمۇ ئارتۇق ھۆكۈمدار ۋە يېتەكلىگۈچى بولمايدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار نامسىز بۈيۈك ئۇستاز بولسا، بەزى ئاتا ـ ئانىلار جىنايەت ۋە رەزىللىكنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ بىز ياشلاردا ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇيۇش ئېڭىنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكىدىن بولغان.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ رولى بالا تېپىپ ئۇلارنى چوڭ قىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىدە. چۈنكى كېرەكسىز ئەخلەتنىڭ رولى ـ مۇھىتنى بۇلغاش.

▲ ئادەمنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئويىنىشىدىغانلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئېغىر مەغلۇبىيەت.

ـ ئابدۇمەجىد مۇھەممەتئىمىن نىجاتكار

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھاياسىز ئىنسان ـ ھاياتى ئاخىرلاشقان ھايۋان.

▲ ئانا قىزىغا ھايا ئۆگەتسۇن، ئاتا ئوغلىغا ئەقىل ئۆگەتسۇن.

▲ ئەگەر دوستۇڭنى سىنىماقچى بولساڭ سەپەرگە چىق.

▲ كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئۆمۈرنى ئۇزارتقۇچى دورا.

ـ زۇلخۇمار ئابدۇقادىر

ئاپتور: قاراماي شەھەر 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى بولاي دېسەڭ مېھرىبان ئانا بولغىن.

▲ بالىنىڭ يالغانچىلىقى بىر بولسا ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدىن، يالغانچىلىقىدىن، ساختىلىقىدىن بارلىققا كېلىدۇ. يەنە بىر بولسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قوللۇقىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ.

ـ زۇلفىيە غاپپار

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە شىببۇغىن يېزا ئەرتۇلاك ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمىسى

▲ بۈگۈننىڭ ئۆزى بىر پۇرسەت، ئەتىنى ساقلىغانلىق «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغانلىق» بىلەن باراۋەر.

▲ بۈگۈنكى ئىشنىڭ كەلگۈسىنىڭ ئۇلى.

ئەتە...! دېيىش ـ بەختنىڭ قۇلى.

ـ ھاجىمۇھەممەت ئابدۇرەھمان

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا 2 ـ مەكتىپى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرلىرىم

▲ ھەر ۋاقىت سەمىڭدە بولسۇنكى، دوستۇڭنىڭ سېنى تىللاشلىرىدىمۇ بىر خىل مۇھەببەت بار.

▲ ئەدەبىياتى تەرەققىي تاپمىغان مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىر روھىي ئىلىم. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىمۇ دەل ئەدەبىياتتىن باشلانغان.

▲ ھايۋان چېغىدا ئالدىغا قويۇپ بەرگەن يۇندىنى ئاۋۋال پۇراپ بېقىپ ئاندىن ئىچىدۇ. بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز ھازىر ئالدىغا قانداق مەدەنىيەت ئۇچرىسا، يېڭىلىق دەپ قوبۇل قىلىۋەرمەكتە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھازىر بىر قىسىم ھايۋانلار بىز ئۈچۈن ئۈلگە.

ـ مەنزىرە مۇھەممەت

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقلىيلەر

▲ ئىنسانلار ھەسەل ھەرىسىدەك ئۆم، چۈمۈلىدەك قەھرىمان بولسا، بۇ دۇنيا گۈزەللەشمەي مۇمكىنمۇ؟

▲ كىشىلەرنىڭ باي ياكى نامرات بوپقېلىشى، شۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغان ئوي ـ پىكرى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا.

▲ تىجارەتتە روناق تاپاي دېسەڭ، ئىشنى كىشىلەر تېخى ئويلىمىغان يەردىن باشلا.

▲ ئىنسانلار تۇرمۇش مۇساپىسىدا توغقانلار ياتلىشىدۇ، ياتلار توغقان بولىدۇ، يېقىن توغقانلار يىراقلىشىدۇ، يىراق توغقانلار يېقىنلىشىدۇ.

▲ خام كېسەك خۇمداندا پىشىپ تاۋلىنىدۇ، ئادەم جەمئىيەتتە.

▲ بەختنىمۇ ئېغىزدىن، دۈشمەننىمۇ ئېغىزدىن تاپقىلى بولىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن ئالاھىدىلىكىنى بىلەلىگەن كىشى ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلالايدۇ.

▲ ئۆزىگە ئىش تېپىپ ئىشلىيەلىگەن كىشى ئۆز كېسىلىنى داۋالىيالايدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ توغرا كەيپىياتىنى تەڭشەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ـ دەۋر تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش.

▲ ئالدىراش يۈرگەن كىشىلەر ئالدىراش ئەمەس، بەلكى خىزمەتتە ئۈنۈم ياراتقان كىشىلەر ئالدىراش.

▲ ئادەم داۋالىغانلارنىڭ ھەممىسىنى دوختۇر دېگىلى بولمايدۇ، گەپدانلارنى بىلىملىك.

ـ نەسرىددىن ئىمنوف

ئاپتور: قورغاس ناھىيە خەلق 1 ـ دوختۇرخانىسىنىڭ پېنسىيونېرى

## تۈندىكى تەپەككۇرلار

▲ ئادەم ئەڭ ئاسان ئېرىشكەن نەرسىدىن ئەڭ ئاسان ۋاز كېچىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ تاللىغان يولىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە پەقەت ئۆلۈش ئالدىدىلا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

▲ ئاددىي نەرسىلەر ئادەمنى ئۆزىگە ئاسانلا جەلپ قىلىۋالىدۇ، مۇرەككەپ نەرسىلەر بولسا ئادەمنى ئۆزىدىن ئاسانلا بىزار قىلىپ قويىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ كىم نەرسىسى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

－ئۆمەرجان ھەكىم هارماس

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ يىراقلاشقىنى، «ۋاي» دەپ قالما، يېقىنلاشقىنى، تارتىقۇزۇپ قويما.

▲ ئەۋلادىم ئىچىدىن ياخشى ئادەم چىقسۇن دېسەڭ، ئالدى بىلەن قىزىڭنى ئوبدان تەربىيىلە.

－ئابلەت زېيىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساختىلىق ئۆزى مەۋجۇد بولغان ئەمەس، سەن ئۇنى ياراتقان.

▲ مەن ئەڭ بەختلىك كىشىنى مۇشۇ دەپ كۆرسىتىپ بېرەلمەسەممۇ، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۆزىدە غايە ۋە نىشان تىكلەپ ياشاۋاتقان كىشى ئەڭ بەختلىك كىشى.

－قۇربانجان ئەھەت

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر «يورۇق» پەن－تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزىدە ئەرەب تىلىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ

▲ تەخەللۇس كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ قويۇلماستىن، بەلكى قىزىقىش ۋە ھەۋەسىگە قاراپ قويۇلىدۇ.

▲ بەزى كىشىلەر ئاسان ئىندەككە كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار يىراقنى ئويلىيالمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاسان ياكى ھەرگىز ئىندەككە كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار يىراقنى ئويلىيالايدۇ.

－نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىياز

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە لوپ بازار ئوتتۇرا مەكتىپى 3－يىللىق 4－سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پەقەت ئىككى خىل ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر خىلى، ئۆمرىدە ئىزچىل باشقىلارغا گۇمان بىلەن قارايدىغانلار؛ يەنە بىر خىلى، پۈتكۈل ھاياتىنى باشقىلارغا ئىشىنىش بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەر.

－رەناگۈل خالىق

---

ئاپتور: تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3－يىللىق 1－سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كۈيزار تۇنجى تەپەككۇرلىرى

▲ چىلىك تۇتۇلغان ۋاقىت－مۇۋەپپەقىيەتكە كۆۋرۈك.

▲ ۋاقىت ئاز قالغانسېرى ئىنتايىن چىلىك تۇتۇپ قەدىرلىنىدۇ.

▲ ئېھتىيات قىل ئىككى دىللىقتىن، ئۆزى جىمغۇر، ئەمما سىرلىقتىن.

▲ غەمكىن بولساڭمۇ تەمكىن بول!

▲ ئېغىزى بوشنىڭ ئەقلى كەم.

－ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ، ئۇنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەگەنلىك، يەرگە ئۇرۇق سېلىپ، ئۇنى پەرۋىش قىلمىغانلىق بىلەن باراۋەر.

－ئەكبەر ھىممەت (گۆركار)

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆز－ئۆزىنى كەمسىتىش－مەغلۇبىيەتنىڭ ئوت پىلتىسى.

▲ دەل ۋاقتىدا قىلىنغان سۆكۈت كېيىنكى پۇتلىكاشاڭلارنىڭ گۆركارى.

－ ئاينىسا ئىسمائىل

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل－ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001－يىللىق 6－سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىسراپچىلىق تەبىئىي بايلىق ئىسراپچىلىقى بولماستىن، مېڭە ئىسراپچىلىقىدۇر.

▲ ھازىر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈۋاتقىنى－روھىي گادايلىققا مۇپتىلا بولغۇچىلاردۇر.

－ئابابەكرى ئوبۇل

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1－ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىراۋنىڭ ساڭا سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشى، سەندىن قورققانلىقى ئەمەس، بەلكى ساڭا مەلۇم ۋاقىت يول قويغانلىقىدۇر.

▲ جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى دانىشمەنلەر دان يەپ تۇخۇم تۇغمايدىغان كۈرۈك مېكيانغا ئوخشاپ قالماقتا.

▲ ئىلمىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات شەخسىيەتچىلىك قازىنىدا قايناۋېرىدىغان بولسا، مىللەتنىڭ تەقدىرى كرىزىس ئەچىدە ئىڭراشتىن باشقا چىقىش يولى تاپالمايدۇ.

－ھەيدەر ئەلى بەختەلى

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتۇ ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا ئاقتۇم ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تەرمەچىلەر

▲ شەھەر مۇھىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسان روھىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر.

▲ ھەر بىر مەھەللىدە بىردىن كىتابخانا بولسا، شۇ مەھەللىدە بىر خىل ئېسىل كەيپىيات شەكىللىنەتتى.

▲ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ زەنجىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى نەرسە－سەنئەت.

－مۇزەپپەر ئالىم

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە مازار يېزا مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئېرىشكەنلىرىمىز ۋە يوقاتقانلىرىمىز

## شەھەرلەر زامانىۋىلاشقاندىن كېيىن...

**چېڭ سۇڭ**

ئۆزىمىزگە ناھايىتى پۇختا بولغان بىر قەپەسنى، باشقىلارغا قېلىن مۇر دەرۋازىنى ياساپ بەردۇق.

ئۇدۇلدىكى قوشنىمىزنى تونىمىدۇق، يىراق توردا دوست ئىزدىدۇق. شەھەرلەرنى بۇلغاپ، يېزىلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. ئۆزىمىزگە تەمەننا قويۇپ، نامرات رايونلاردىكى كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىدۇق. ھەم چاكىنا ھەم مۇبالىغە قىلىنغان ئۆرپ ـ ئادەتنى قوبۇل قىلدۇقيۇ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق. ئاستا ـ ئاستا تارىخنى ئۇنتۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا ماسلىشىشقا تىرىشتۇق.

ئىپادىلىرىمىز بارغانسېرى رەڭدارلىشىپ كەتتىيۇ، ھېسسىياتىمىز بارغانسېرى قاتماللىشىپ كەتتى.

مەدەنىيەت بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. دۇنيا شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن تولۇپ كەتتى. بىراق ئۆزىمىز يەككە ـ يېگانىلىق ئىچىدە قالدۇق.

---

بۇ پارچە ئەسلى «گۇاڭجۇ گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 14 ـ فېۋرال سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 2 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئايگۈل ئىسمائىل** تەرجىمىسى

## ئوخشاشلىق

**ت. ئى. تايماس**

ناۋادا بىرسى سىزدىن: «بىر ئەلنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بەزى ھادىسىلەر بىلەن، تېخى ئەقلى يېتىلمىگەن بىر كىچىك بالىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتىدە ئوخشاشلىق بار» دېسە، ئىشىنەمسىز؟ بەلكىم بۇ سوئال سىزگە تولىمۇ تومتاق تۇيۇلۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سېلىپ بېقىڭ:

بەتىنكەمنىڭ ئاجراپ كەتكەن چەمنى ئوڭشىتىش ئۈچۈن موزدۇز ئۇستامنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم. «جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، ھازىر كېلىمەن» دەپ بەش ياشلار چامىسىدىكى بالىسىنى دۇكاندا قالدۇرۇپ نەگىدۇر كېتىپ قالدى. دادىسى كېتىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بالا ئۇنىڭ قولىغا بولقىنى ئالدى ـ دە، سول قولى بىلەن مىختىن بىر تال ئېلىپ، دۇپپىي ئورنىتىلغان كۆتەككە بىكاردىن بىكار قېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەرچە دادىسىنى دوراپ مىخ قاققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن

### ھادىسە ۋە ماھىيەت

ئەمەلىيەتتە مىخ قېقىشتىكى مەقسىتى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈستىگە،
ئۇسۇلىمۇ توغرا بولمىغانلىقتىن قاققان مىخى مايماق كەتتى. بۇنى
كۆرگەن بالا بولقا بىلەن ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئۇرۇپ، مايماق كەتكەن
مىخنى تاكى كۆتەككە پاتۇرۇۋەتمىگىچە بولدى قىلمىدى. ئاندىن مىختىن
يەنە بىر تال ئېلىپ كۆتەكنىڭ باشقا يېرىگە قېقىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ
قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان بۇ ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ كېيىن قانداق
نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا قىزىقىپ، ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇر-
دۇم. بالا بىر نەچچە تال مىخنى قالايمىقان قېقىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە
ئىستىخىيىلىك ھالدا بولقىنى تاشلاپ ئامبۇرنى قولىغا ئالدى ـ دە، بايا
مايماق قېقىپ دۈپىنىڭ كۆتىكىگە پاتۇرۇۋەتكەن مىخلارنى قومۇرۇۋال-
ماقچى بولدى. ئەمما مىخنى قېقىۋاتقاندا قومۇرۇشنى زىنھار ئويلاشماي
كۆتەككە چوڭقۇر پاتۇرۇۋەتكەچكە، خېلىغىچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ،
ئامبۇر مىخنى قىسالمىدى. بۇنىڭدىن زېرىككەن بالا ئامبۇرنى تاشلاپ
ئەمدى بىگىزنى قولىغا ئالدى. بىراق بىگىزنى مىخنىڭ ئاستىغا تىقىپ
قايرىۋېدى، مىخ قومۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىگىزنىڭ ئۇچى سۇنۇپ كەتتى.
...

«كۆن بالدۇرراق كەچ بولسا...»، «ئاي بالدۇراق توشسا...» دەپ
تىلەپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ ئېرىقتىكى لاي سۇدەك قەدىرسىز ئۆتۈپ كېتىشى
بىلەن كارى بولمايدىغان كىشىلەر بىلمىسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى
ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ، پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان كىشىلەرگە سىر
ئەمەسكى، ھازىرقى «يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دۇنيا» ئۈچۈن ئېلىپ
ئېيتقاندا، تەرەققىي قىلمىغان كونا جەمئىيەتتە ياشىغان ئاتا ـ بوۋىلىرى-
مىزنىڭ ئىستېمال قىلغىنى ئادەم ئورگانىزمىغا قىلچە ئەكس تەسىرى
بولمىغان زىيانسىز تەبىئىي مەھسۇلاتلار ئىدى. ئەپسۇسكى، خۇددى بايا
تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن موزدۇزنىڭ بالىسى ئاۋۋال كۆتەككە مىخنى قېقىپ
پاتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن قومۇرۇۋالماقچى بولغىنىدەك، بىزمۇ ئەسلىدىلا
زىيانسىز بولغان تەبىئىي مەھسۇلاتلارنى ھەر خىل زەھەرلىك دورا ۋە
سۇنئىي ئۇسۇللار بىلەن بولۇشىغا بۇلغاپ، سالامەتلىكىمىز كۆتۈرۈپ
قوپقۇسىز ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندىلا، ئاندىن «يېشىل يېمەكلىك»،
«زىيانسىز مەھسۇلات» ئىشلەشنى تەكىتلەشكە باشلىدۇق. قارىماققا بۇ
بىر خىل ئىلغارلىق، بىر خىل تەرەققىياتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەت
جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى ئارقىغا چېكىنىش دېمەي ئامال يوق. چۈنكى
بىزگە نۆۋەتتە تەرەققىياتنىڭ بەلگىسى بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان «يېشىل
يېمەكلىك»، «زىيانسىز مەھسۇلات» دېگەنلەر ھازىرقى بۇلغانغان زى-
يانلىق مەھسۇلاتلارغا نىسبەتەن سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز بولۇپ،
بىزنىڭ بۇرۇنقى تەبىئىي مەھسۇلاتلىرىمىز ئەسلىدىنلا زىيانسىز ئىدى.
پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ناۋادا ئەسلىدىكى بۇلغانمىغان تەبىئىي
مەھسۇلاتلىرىمىز ھەرخىل سۈنئىي ئۇسۇللار ۋە زەھەرلىك دورىلار بىلەن
بۇگۈنكىدەك بۇلغانمىغان بولسا، سالامەتلىك مەسىلىسىمۇ ھازىرقىدەك
زور تەھدىتكە دۇچ كەلمىگەن بولاتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا «ساغلام
تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن ھېكمەت ئىشقا ئېشىپ، تەرەققىيات ھەقىقىي
مەنىدىكى تەرەققىيات بولغان بولاتتى.

ئەسلىي تېمىغا قايتساق، ئوخشاشلىق ـ شەكىل جەھەتتىكى ئوخ-
شاشلىق ۋە ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل
بولىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئەقلىدىن كۆرە كۆزنى كۆپرەك ئىشلەتىشكە
ئامراق بولغاچقا، شەكىلدىكى ئوخشاشلىقنى ئاسان ھېس قىلسىمۇ، ماھى-
يەتتىكى ئوخشاشلىققا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ۋەھالەنكى، شە-
كىلدىكى ئوخشاشلىق ھەقىقىي ئوخشاشلىق ئەمەس، چۈنكى مىس بىلەن
ئالتۇننىڭ رەڭ شەكلى ئوخشاش بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى
بەلگىلەيدىغان مېتاللىق خۇسۇسىيەتلىرىدە ئاسمان ـ زېمىن پەرق بول-
غىنىغا ئوخشاش، نۇرغۇن نەرسىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، ماھىيىتى
ئوخشىمايدۇ. ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن نەرسە بار.

يىغىنچاقلىغاندا، ھەقىقىي ئوخشاشلىق ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخ-
شاشلىق بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئەقىل ئارقىلىقلا ھېس قىلىش مۇمكىن.
ۋەھالەنكى، يەنە بىر خىل تەرەققىيات ئىلگىرىكى «كۆز بوياش» دېگەن
ئۇقۇملارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، «دىل بوياش»قا ھەدەپ تۇتۇش قىلى-
ۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا كۈندىن ـ كۈنگە «قېنىق» بويىلىۋاتقان دىل-
لاردىكى ئەقىللەرنىڭمۇ ماھىيەت بىلەن شەكىلنى پەرق قىلىدىغانلىرى
بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. مانا بۇ نۆۋەتتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلى-
لەرنىڭ بىرى بولۇپ، ناۋادا بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىۋەرسە، ھەقىقىي
مەنىدىكى چىن تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ خادىمى


## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكس-
پورت(گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىم-
پورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 ـ قورۇ

## 告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书 进出口（集团）总公司代理．如海外读者要
订阅本刊，与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系．本刊海外发行代号：6498BM

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT& EXPORT CORPORATION
P. O. Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
FAX: (010)65063101



# سەھىيە ۋە داۋالاش سورۇنىدىكى ئىس - تۈتەكسىز جاڭ

—سەھىيە ۋە داۋالاش سورۇنىدىكى كارامەتلەر

ئابلەت مۇھەممەت

ھازىر كۆپچىلىك كىشىنىڭ كېسەل كۆرستىشى، داۋالىنىشى قىين
ولىدىغان، 30 ـ 40 يىل ئىشلىگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دا-
النىش سۇغۇرتا راسخوتى بىر قېتىملىق داۋالىنىشقىمۇ يەتمەيدى-
ان، كىچىك كېسەللىكلەر چوڭايتىلىپ، چوڭراق كېسەللىكلەر جانغا
اقىلىدىغان كېسەللىكلەرگە ئايلاندۇرۇلىدىغان، بالنىتسىدا يېتىپ دا-
ۋالانغانلار قايتا ـ قايتا، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشلەردىن خالىي بو-
لالمايدىغان، كۆپلىگەن بىھۇدە چىقىمغا دۇچار بولىدىغان ئەھۋاللار
ھۆكۈمەت چەكلەۋاتسىمۇ يەنىلا مەۋجۇد ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.
بۇ خىل چىقىملار ئاز ساندىكى پۇلدارلاردىن باشقىلارنىڭ بەرداش-
لىق بېرىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكى ھەم-
مىگە ئايان پاكىتتۇر.

يېقىندا ئىسپانىيىدە چىقىدىغان «جەم بولۇش» ناملىق ژۇرنالغا
«ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان كېسەللىكلەر» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە
بېسىلغان. ماقالىدا، دورا شىركەتلىرىنىڭ كۆزىنى كىشىلەرنىڭ ياذ-
چۇقىغا تىكىپ، دوختۇرلار، تەشۋىقات ـ ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن
بىرلىشىپ، ئەسلىدە مۇتلەق مەۋجۇد بولمىغان بىر قىسىم كېسەل-
لىكلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا ۋە-
ھىمە، قورقۇنچ پەيدا قىلغانلىقى ئېچىپ تاشلانغان. بۇنىڭدىكى
ئىشلار تولىمۇ ھەيران قالارلىق.

ئۆزلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، يانچۇقىدىكى تو-

**ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ**

لىمۇ چەكلىك، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ تاپقان پۇللىرىنىڭ
بىكاردىن بىكار باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلى-
نىشنى خالايدىغانلار بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چىقىپ روھىي ھالىتى،
كەيپىياتىنى تەڭشەپ، كېسەللىكلەر ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشى،
يېڭى تونۇشقا كېلىشى زۆرۈر.

## 1. ھازىرقى جەمئىيەت كېسەللىكلەر ئۈزلۈك-سىز كۆپىيىۋاتقان جەمئىيەتمۇ؟

ھەممىگە مەلۇمكى، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگى-
رىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇكسەك تەرەققىيات دەۋرىگە
كىرىشى، ھەرقايسى پەنلەر، جۈملىدىن مېدىتسىنا پېنىنىڭ مىسلىسىز
زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى، شۇنداقلا كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا
بولۇشى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىنسانلارنىڭ
ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ئىڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۆمرى بار-
غانسېرى ئۇزاردى. لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، چۈشىنىپ
بولمايدىغان يېرى شۇكى، ئىنسانلار ھازىر يولۇقۇۋاتقان كېسەللىك-
لەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا
كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. ئەنە شۇ كېسەللىكلەر ئە-
چىدىكى كۆپلىگەن كېسەللىك ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى
كېسەللىكلەر، دەپ تەرىپلەندى.

ئۇنداقتا، ھازىر كىشىلەر بارغانسېرى ئوڭاي كېسەل بولۇدىغان
ۋەزىيەت شەكىللەندىمۇ؟

بىر قىسىم ئالىملار، دوختۇرلار بۇ ھەقتە توختالغاندا: «ھازىرقى
كېسەللىكلەر ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ قىسىم كېسەللىك ئويدۇرۇپ چە-
قىرىلغان سۈنئىي كېسەللىكتىن ئىبارەت. دورا شىركەتلىرى تېخىمۇ
زور پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەم بەدىنىنىڭ ساغلاملىقىنى غايەت

زور بازارغا ئايلاندۇرغان. كىشىلەرنىڭ ئۆز سالامەتلىكىگە ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بارغانسېرى قايمۇقتۇرۇۋەتكەن ھەم تۈپتۈز يولغا باشلاپ كىرگەن» دەيدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەرقايسى ئەللەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان مەبلىغى يىلدىن يىلغا جىددىي ئېشىپ بارغان. پەقەت ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭلا ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان مەبلىغى 1990 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، 2003 ـ يىلغا كەلگەندە 8 مىليارد 491 مىليون ياۋروپا دوللىرى (ياۋرو) دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ مەسىلە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان، كۆپلىگەن خەلقپەرۋەر دوختۇر، تەتقىقاتچى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈدىغان رېئال تېمىغا ئايلانغان. سەھىيە ۋە دورىگەرلىك مۇتەخەسسىسى ئالىس دىسخ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىق دۇنياسىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، ساغلاملىق دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەھۋال ھەرگىز دورا شىركەتلىرى تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر قىسىم كېسەللىكلەر، جۈملىدىن جانغا تاقىلىدىغان ئەجەللىك كېسەللىكلەر كۆپىيىپ بارمىغان، بەلكى بارغانسېرى ئازلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى ئۇزىراشقا قاراپ يۈزلەنگەن».

ئۇنداقتا، داۋالاش راسخوتىنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپىيىپ بېرىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

نۆۋەتتە كۆپلىگەن دورا شىركىتى ۋە دوختۇر كىشىلەرنى ھازىرقى دۇنيانىڭ كېسەللىكلەر دۇنياسى، كۆپلىگەن كېسەللىكنىڭ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى كېسەللىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇپ، كۈچەپ ھەرىكەت قىلماقتا. دوختۇرلارمۇ ئازراق كېسەللىك سېزىلگەندە كىشىلەرنى مۇرەككەپ تەكشۈرۈش، داۋالاش سورۇنىغا سۆرەپ كىرىپ زور چىقىمغا ئۇچراتماقتا. ئەنە شۇنداق ئۇششاق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز سالامەتلىكىگە بولغان تەلىپىنىڭ ھەددىدىن زىيادە بولۇشى، پىسخىك جەھەتتە ئاجىزلاپ بېرىشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان. لېكىن ئاشۇنداق ئۇششاق كېسەللىكلەر دورا شىركەتلىرى ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دوختۇرلار تەرىپىدىن ئېغىر كېسەللىك، ھەتتا جانغا تاقىلىدىغان كېسەللىك، دەپ قارىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلچە ئۈنۈمى بولمىغان داۋالاشقا پۇل خەجلەشكە مەجبۇر قىلغان.

ئۇنداقتا، بەزى كېسەللىكلەر قانداق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان؟

مەشھۇر ئالىم ۋە مۇخبىر بولىس «كېسەللىكلەرنىڭ ئىجادكارلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، دورا شىركەتلىرىنىڭ غايەت زور پايدىغا ئېرىشىش جەريانى، ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چوڭ، دۆلەت ھالقىغان دورا شىركەتلىرى يۈزلىگەن كەسپىي شىركەتنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ھەمكارلاشتۇرغان. بۇ جەرياندا يادرولۇق چوڭ شىركەت ھالقىلىق رول ئوينىغان. ئۇلار ئالدى بىلەن سىناق قىلىش زۆرۈر بولغان دورىلارنى ياسىغان. ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇلار ياسىغان دورىلارغا ماس ھالەتتىكى كېسەللىك ئالامىتىگە قارىتا ئۆزىچە تەبىر بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ دوختۇر ۋە دوختۇرخانىنىڭ ۋەكىللىرىنى يىغىنغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرغان ھەم ئۇ دورىلارنىڭ قايسى خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ياسىغان دورىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر ھەققىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئېلان ھۇجۇمىنى قوزغىغان. بۇنداق ئېلانلارنى ئاڭلاۋەرگەن كىشىلەردە: مەن شۇ خىل كېسەللىككە دۇچار بولدۇممۇ نېمە؟ تەكشۈرتۈپ باقمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەيدىغان غەيرىي سېزىم پەيدا بولغان. ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز سالامەتلىكىدىكى بەزى ئالامەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى، مۇھىتقا ماسلىشالماسلىقى ياكى نامۇۋاپىق قىلمىشلىرى، تۇرمۇش ئادىتى، پەسىل ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن «بېلىق قارماققا ئىلىنغان». شىركەتلەرنىڭ بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، دورىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بازارغا سېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان» دەيدۇ.

## 2. بەش خىل سودا ئۇسۇلى ۋە كېسەللىك مودېلى

ھەرقانداق بىر كېسەللىكنى داۋالايدىغان مۇناسىپ دورا بولىدۇ. يەنى ھەر بىر دورا مەلۇم بىر كېسەللىككە قارىتىپ ياسالغان بولىدۇ. يېقىندىن بېرى شىركەتلەر تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ تەبىئىي جەريانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قېرىش، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇش، ئۆلۈم ـ يېتىم قاتارلىقلارغىمۇ قوتىقماقتا. ئۇلارنىمۇ كېسەللىك سەھنىسىگە چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا.

شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيادا كېسەل بولمايدىغان ئادەم يوق. بېشى ئاغرىيدىغان، روھىي ھالىتى، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇدىغان، خىزمەت،ئۆگىنىش، ھەتتا تۇرمۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولمايدىغان، سەمرىپ ياكى ئورۇقلاپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇنداق بىنورمال روھىي ھالەت سەۋەبلىك، بىر قىسىم كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن ھامان بەزى دوختۇرلار، ئېلان ـ تەشۋىقات ئورۇنلىرى قانداقتۇر كىشىلەرگە تونۇش بولمىغان، بىر خىل ئالاھىدە، يېڭى كېسەللىكنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ كىشىلەرنى بىكاردىن بىكارغا پۇل خەجلەشكە قىستايدىغان ئەھۋال باش كۆتۈرمەكتە. بولىس ئەنە شۇنداق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان كېسەللىكلەر ئۈستىدە توختالغاندا، تۆۋەندىكىدەك بەش خىل سودا ئۇسۇلى ۋە كېسەللىك مودېلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ:

1. ئەسلىدە نورمال ھاياتلىق ھادىسىسى بولغان چاچ چۈشۈپ تاقىرباش بوپقېلىشنى كېسەللىك دەۋېلىپ، ئۇنىڭغا رېتسېپ تەييارلاش.

2. كەيپىياتى تۇراقسىز، روھىي ھالىتى تۆۋەن بولۇشتەك خۇسۇسىي ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كېسەللىك، دەپ كۆرسىتىش.

3. خولېستېرىن مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى كېسەللىك

www.uyghurkitap.com

ۋە كېسەل بولۇش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى چوڭ كېسەللىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش.

4. جىنسىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىشكە ئوخشاش توساتتىن يۈز بېرىدىغان بىر قىسىم ھادىسىلەرنى كېسەللىك دەۋېلىش.

5. زىيادە سەزگۈرلۈك خاراكتېرلىك كېلىپ چىققان ئاشقازان، ئۈچەيي كېسەللىكلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ چوڭ، ئېغىر كېسەل دەپ كۆرسىتىپ بالنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىشقا مەجبۇر قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا جىددىيلىشىش، گال ئاغرىقى، سەمرىپ كېتىش، سۆڭەك شالاڭلاش، ئۇخلىيالماسلىق، زىيادە سەزگۈرلۈك، بىر قىسىم تېرە كېسەللىكلىرىنىمۇ ئېغىر كېسەللىك قاتارىغا كىرگۈزۈش.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يۇقىرىقىلاردىن پەقەت سۆڭەك شالاڭلاپ كېتىشنى 21 ـ ئەسىردىكى كېسەللىكلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ياۋروپادا ھەر 30 سېكۇنتتا بىر ئادەمنىڭ سۆڭەك شالاڭلىشىپ كېتىش سەۋەبلىك مەلۇم ئەزاسىنىڭ سۇنۇشىدىن ئىبارەت بولغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ئىسپانىيەدە 2 مىليون ئايال، 750 مىڭ ئەر بۇ كېسەل قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

تېببىي ئىلىمدا سۆڭەك شالاڭلىشىش، يىلىك ئازلاپ كېتىش، سۆڭەك شەكلى ئۆزگىرىش، كلىماكتېرىيە ئۇنىۋېرسال كېسەللىكىدىن ئىبارەت ئاياللارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان 2 ـ چوڭ ئامىل، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ تەبىئىي قېرىش بىلەن بىرلىكتە يۈز بېرىدىغان ۋاقىت خاراكتېرلىك ھادىسە بولۇپ، دورا ئارقىلىق داۋالاش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئالدىنى ئېلىش، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققانلار دورىغا مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىلگىرى مۇۋاپىق چېنىقىش، ئوزۇقلۇق تۈرى، تەركىبىگە دىققەت قىلىشى زۆرۈر.

كلىماكتېرىيە دەۋرىدە ئادەم بەدىنىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولۇشتىن تاشقىرى تۇرمۇش شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بەدەندە بىر قىسىم خەتەرلىك ئامىللار پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدە كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش، روھىي ھالەتنى خۇشھال تۇتۇش، چېنىقىشقا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر.

خولېستېرىن يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكىنى پەيدا قىلغۇچى ئاساسلىق ئامىل، دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن قورقۇدىغان، ماي يېيىشتىن، شېكەر يېيىشتىن، كۆچلۈكرەك ئوزۇقلۇقلارنى يېيىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان روھىي ھالەت كۆپچىلىك ئادەمدە مەۋجۇد.

خولېستېرىن ئادەم بەدىنىدىكى نەچچە مىليارد ھۈجەيرىنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ. ئۇ ئىنسان بەدىنىنىڭ نورمال ھەرىكىتى، پائالىيەتلىرى ئۈچۈن زۆرۈر. ئادەم بەدىنىدىكى خولېستېرىنىنىڭ 80%تى ھۈجەيرىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى توقۇلمىلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 20% تى بىر قىسىم ئوزۇقلۇقلاردىن كېلىدۇ. ئادەم بەدىنى ئۈچۈن زۆرۈر خولېستېرىن مىقدارىنى بېكىتىشمۇ ئاسان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ فاكتورلىرى ئادەمنىڭ ياش ـ قۇرامى، جىنسىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خولېستېرىن ئىنسانلار ئويلىغان، قارىغاندەك يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى ئەمەسكەن. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنىڭ بەدەندىكى خولېستېرىن مىقدارىنى كونترول قىلىشنى تۇرمۇش ئۆلچىمى قىلىشقا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ. گەرچە بەزىدە ئەنە شۇنداق كونترول قىلىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئۇنى دورا ئىچىش بىلەن ئەمەس، باشقا ئۇسۇللار، جۈملىدىن ئوزۇقلۇق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق كونترول قىلىش لازىم. بۇ ساھەدە ئۇزاق ۋاقىت تەجرىبە ـ سىناقلارنى ئېلىپ بارغان دوختۇرلار، تەتقىقاتچىلار، بولۇپمۇ مايتاس لىتىت قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدە: «خولېستېرىنىنىڭ قاندىكى مىقدارىنى ئازايتىدىغان بىر قىسىم دورىلارنى ياساپ، بازارغا سالىدىغان شىركەتلەر خولېستېرىننى ئۇنىۋېرسال قۇربانلىققا ئايلاندۇردى ۋە بەكمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى» دېيىلگەن. ئەپسۇسكى، تا بۈگۈنگە قەدەر كۆپلىگەن ئادەم بىر قىسىم كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى يەنىلا خولېستېرىننى چەكلەيدىغان دورىلارغا باغلىغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل دورىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ راك پەيدا قىلىدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئەكس تەسىرىنىڭ تولىمۇ زورلىقى، ئۇلاردىن ساقلىنىش زۆرۈرلىكى تەتقىقاتلار ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان.

## 3. ساغلاملىق ـ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىغا ئېرىشىدىغان سودا ـ سېتىققا ئايلانغان

«ساغلاملىق ھەققىدە ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ باش لىدىرى خاس ئانتونىئو دورا شىركەتلىرىنىڭ تىجارىتى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇقۇمنى، ئەمەلىي ئېھتىياجنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىنلا ھەرخىل يېڭى دورىلارنى كۆپلەپ بازارغا سالىدۇ. شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ زور دەرىجىدىكى تەشۋىقىي ھۈجۇمنى قوزغاپ ئېھتىياج پەيدا قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئىستېمال ۋە باشقا مەسىلىلەرنى بازار قانۇنىيىتى بويىچە ھەل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەبىئىي ھالدا يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ بازارغا سېلىنغان دورىلارنى ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدۇ، دەپ قاراشقا ئادەتلىنىدۇ».

«چېچى چۈشۈپ تاقىرباش بوپكەتكەن، جىنسىي ئەزاسى يىگىلەپ كەتكەن ۋە زىيادە سەمرىپ كەتكەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ ھاللاردا دورىلارنىڭ ئۈنۈمى پەقەت تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى يوق. شىركەتلەر بىر قىسىم دورىلار ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنداق دورىلارنى كۆپلەپ ياساپ بازارغا سالىدۇ. يەنە بىر قىسىم دورىلار ئارقىلىق پايدا ئالالمايدۇ، شۇڭا ئۇنداق دورىلارنى كۆپ ياسىمايدۇ، تەتقىقمۇ قىلمايدۇ».

نۆۋەتتە، ئىنسانلار ساغلاملىقى مەسىلىسى بىر قىسىم شىركەتلەر ۋە دوختۇرلار كۆپ نەپكە ئېرىشىدىغان بازارغا ئايلانغان. ئەپسۇسكى، ھازىر بۇ مەسىلە ئىنتايىن ئاز كىشى تەرىپىدىنلا تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. «ساغلاملىق ھەققىدە ئىزدىنىش» ژۇرنىلى بۇ مەسىلىلەرنى بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت ھەم چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بىر قىسىم مەسىلىلەرنى تېپىپ چىققان، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق

دېگەن: «كۆپلىگەن يېڭى دورا كىشىلەرنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ زور پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان. دورا شىركەتلىرى ھەرگىزمۇ ئاز ساندىكى، داۋالاش قىيىن بولغان بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى ياسىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ».

چوڭ تىپتىكى، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەردىكى پايچېكلارمۇ ئادەمىيلىك ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماي، پەقەتلا قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمۇ ساغلاملىق ئەمەس، بەلكى پايدا، ئۇنۇم. بۇ، دۇنيا مىقياسلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇلار سەھىيە سىستېمىسى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتلىرى، دورا زاۋۇتلىرى، داۋالاش، سېتىش ئورۇنلىرىنى كونترول قىلىۋالغان. ئۇلار دوختۇرلارغا پايدا يەتكۈزىدۇ؛ پۇل، ساياھەت بېلەتلىرى، ئېلېكترونلۇق مېڭە قاتارلىقلارنى ھەقسىز بېرىدۇ؛ يەنە مۇكاپات پۇلى، بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ، كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدۇ؛ ئۇلارنى كاتتىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە، تاماقتا بىرگە بولۇشقا، سۆھبەتلىشىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل غەيرىي تىجارەت جەريانىدا «دورا ۋەكىللىرى» دەپ ئاتىلىدىغانلارنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ بولىدۇ. ئۇلار قالتىس ئېسىل كىيىنىپ، ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم سومكىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزسىزلا ئامبۇلاتورىيە، بالنىستا قاتارلىقلارغا كىرىپ، دوختۇرلار ۋە تېببىي داۋالاش ساھەسىدىكى چوڭ - كىچىك مەنسەپدارلار بىلەن ئۇچرىشالايدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار دوختۇرلارغا دۆلەت ھالقىغان چوڭ شىركەتلەر، دورا زاۋۇتلىرىنىڭ بازارغا سالغان ئەڭ يېڭى دورىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن سودىگەرلەر ۋە شىركەت - زاۋۇتلارنىڭ گۇماشتىلىرى بولۇپ، سۆز - ھەرىكەتلىرى، قىلمىش - ئەتمىشلىرى پۈتۈنلەي سودا خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. ئۇلار دوختۇرلارغا پۇل، ساياھەت بېلەتلىرىنى، ئېلېكترونلۇق مېڭە قاتارلىق بۇيۇملارنى بىۋاستە «سوۋغا» قىلىپ، دوختۇرلاردىن ئۆزلىرىنىڭ دورىلىرىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە دوختۇرلار، بۇنداق سوۋغىلار رېتسېپ يېزىشىمغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ دەۋالسىمۇ، لېكىن شىركەتلەر ۋە دورا زاۋۇتلىرىنىڭ ساخلىق مەلۇماتلىرى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەلۇم بىر دۆلەت ھالقىغان شىركەتكە قاراشلىق دورا زاۋۇتلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سالغاندا، ئۇلان تەشۋىقاتى ۋە سودىنى راۋانلاشتۇرغۇچىلارغا سوۋغا - سالام ئۈچۈن 3 مىليارد دوللاردىن كۆپرەك پۇل خەجلىگەن. دەرۋەقە بۇنداق كۆپ پۇلنى پۇل ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويغان شىركەتلەر ھەرگىز بىكارغا خەجلىمەيدۇ. ئۇ ماھىيەتتە يەنە بىر خىل مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئۇسۇل - چارىلەر ئەمەلىيەتتە بىمارلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزىدە دوختۇرلار يازغان ئۇنداق ياكى بۇنداق رېتسېپلار پەقەت ئالدىنقى قېتىم پايدىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا يېزىلىدۇ.



ھەممىگە ئايانكى، بەزى باھاسى ئىنتايىن قىممەت دورىلارنى ئادەتتىكى كىشىلەر سېتىۋالالمايدۇ. لېكىن ئۆزى بىۋاستە پۇل تۆلىمەيدىغان، تۆلىسىمۇ بىر قىسمىنىلا تۆلەيدىغان بىمارلار ئۇنداق دورىلارنى دوختۇرلار يازغاندا قوبۇل قىلالايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ دوختۇرلار كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. يەنە بىر قىسىم شىركەتلەر، دورا زاۋۇتلىرى بەزى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتلىرى، ئامبۇلاتورىيىلەر، ئاھالىلەر رايونلىرىدىكى دورىخانىلارنى ۋاستىلىك كونترول قىلىۋالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە بىر خىل ئىجتىمائىي ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق ئالدامچىلىق - ساختىپەزلىكلەر ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇد. بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغان، بىلگەن - ئاڭلىغانلىرىدىنمۇ ئېغىر.

## 4. داۋالاش، سەھىيە سىستېمىلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىش كېرەك

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ئالدامچىلىق - كۆز بوياپچىلىقلار ئوبيېكتىپ رەۋىشتە مەۋجۇد بولغان، ئەستايىدىل ئويلىنىپ قويۇلغان تۇزاق ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان تۇرۇقلۇق، زادى نېمە ئۈچۈن ھېچ كىشى ئۇنى توسمايدۇ؟

«ساغلاملىق ھەققىدە ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى ئانتونىئو مولېر «ئىسپانىيە سەھىيە سىستېمىسىدىكى چىرىكلىك» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىنىڭ غايەت زور چىقىمىنى يالاپ يۇتۇۋالدىغان قارا ئۆڭكۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، زۆرۈر چارىلەرنى قوللانغان. تېخى يېقىندىلا ئامېرىكىنىڭ ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىنغان دوختۇرخانا، ئامبۇلاتورىيە، ئىشخانىلارنى «زىيارەت» قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

مېھمان ‹سودىگەر›لەر بىلەن دوختۇرلار، چوڭ ـ كىچىك سەھىيە ـ داۋالاش ئورۇنلىرىدىكى مەنسەپدارلارنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىشى، ‹زىيارەت› ۋاقتىنى چەكلەيدىغان، ئەنە شۇنداق ئۇسۇللارنىڭ بىمارلارنىڭ داۋالىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشنى توسۇدىغان بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى زور بولمىغان. ھۆكۈمەت تەرەپ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتكەن. زۆرۈر چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان، نازارەتنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇد. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھۆكۈمەت چىقارغان بەلگىلىمە، ئاگاھلاندۇرۇش، چەكلىمىلەر دورىلارنىڭ باھاسى، ئەمەلىي ئۈنۈمى، قوللىنىشچانلىقىغا قارىتا چىقىرىلغان ئەمەس، شۇنداقلا كۆپلىگەن يېڭى دورا باھاسىنىڭ كونا دورىلارغا قارىتا تېخىمۇ قىممەتلىكىگە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسىدىكى ھۆكۈمەت راسخوتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىغا قارىتىلغان. ئەگەر بىر مەيدان چوڭقۇر، ئەستايىدىل ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى كۆپلىگەن مەسىلە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. نۆۋەتتە، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى كۆپلىگەن كىشى دۆلەت ھالقىغان چوڭ تىپتىكى دورا شىركەتلىرىنىڭ سابىق لىدىرلىرى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى كابىنېتى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، ساقچى مىنىستىرلىكى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ھەتتا ئاخبارات ئورۇنلىرىدا خوجايىنلىرى بار. گەرچە بۇنداق خوجايىنلارنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ھوقۇقى، ئەمەلىي كۈچى، تەسىر دائىرىسى زور. نۆۋەتتە كۆپلىگەن كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىۋاتقانلىقى، سالامەتلىكىنىڭ پەقەتلا دوختۇرلارغا، دورا زاۋۇتلىرىغا، سەھىيە تۈزۈلمىسىگە باغلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۆپ مەسىلە ۋە ساھەگە باغلىق بوپقالـ غانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە».

تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ:

2002 ـ يىلى دۇنيادىكى ئون چوڭ دورا كارخانىسىنىڭ ساپ پايدىسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى % 13 تىن ئېشىپ كەتكەن. «فوربۇس» ژۇرنىلىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئامېرىكىدىكى سەھىيە، دورىگەرلىك كەسپى ئورۇنلىرى باشقا ساھەلەر ئىچىدىكى ئەڭ زور پايدىغا ئېرىشكۈچىلەر بولۇپ، 2004 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ساپ پايدىسى 100 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن. ئامېرىكىدىكى دورا شىركەتلىرى، دورا كارخانىلىرى رەئىس جۇمھۇر بۇشنىڭ 2 ـ قېتىملىق سايلام رىقابىتىدە ناھايىتى كۆپ ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن. پەقەت دېموكراتلار پارتىيىسىلا ئۇنىڭ % 75 تىنى قولغا كىرگۈزگەن. ئىسپانىيە ئاممىۋى ساغلاملىقنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ لىدىرى لودىر شىرودىر بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكىدىكى دورا شىركەتلىرىنىڭ بۇشنىڭ قايتا سايلىنىشىغا ياردەم بېرىشتىكى مەقسىتى، ھۆكۈمەتنىڭ دورا تەننەرخىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى توسۇش ھەم گېن دورىلىرىنى ئىشلەشنى توسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۈنۈمى، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قىيىن بولغان دورىلارنىڭ ۋاستىلىك ئىمپورت قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.›»

كاللىسى نورمال ھەرقانداق كىشى ئامېرىكىدىكى دورا شىركەتلىرىنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدىكى بازارلارنى ئىگىلىۋېلىپ، غايەت زور پايدىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە ئىلمى دوتسېنتى، ھازىر پېنسىيىدە

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:


1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغەزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گىرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار، مەزكۇر كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلىنغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

—«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# يېڭى ساراڭ

(ھېكايە)

ئۆمەرجان ئوبۇل

«ئوبۇل ھەقىقەتەن ساراڭ بوپقالدى»، دېدى كىمدۇر بىرسى.

ـ قاراڭ، ئۆتكەندە ئۇ «شاكالتوغراق» باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقاندا، يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدىكەن دېگەن باھانە بىلەن يېرىم ئاي دەرس توختىتىلىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئەمگەك، تازىلىق پائالىيىتىگە تەشكىللەندى. كېيىن ھەقىقەتەن تەكشۈرۈش ئۆمىكمۇ كەلدى. بىر ـ بىرىدىن سالاپەتلىك ھەم ئوقۇمۇشلۇق كۆرۈنىدىغان رەھبەرلەر مەكتەپ قىياپىتىگە بىر قۇر قاراپ چىققۇەتكەندىن كېيىن ئۇدۇللا سىنىپلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆتۈلۈشكە تېگىشلىك بولغان پەننىي بىلىملەردىن ئاددىي سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى. بىراق بويۇنلىرىغا قىپقىزىل ـ چوغدەك گالستۇكلارنى تاقاپ، مۇرىسىگە ئېغىر ـ ئېغىر كىتاب سومكىلىرىنى ئېسىپ، ئۆزلىرىنى كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى دەپ ئولتۇرۇشقان سەبىي پەرزەنتلەرنىڭ پاكىز ۋۇجۇدى ۋە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان جۈپ ـ جۈپ كۆزلەردىن قورقۇش ۋە ھودۇقۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە ئىپادىلەنمەيتتى. دېمەك رەھبەرلەرنىڭ ئاددىي سوئاللىرىمۇ جاۋابسىز قالدى. شۇ دەقىقىدە مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇنداق بىلىمسىز قالدۇرغان، ئۆزىنى رەھبەرلەر ئالدىدا ئوسال قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەتكەندىن كېيىن ئەڭ سېسىق تىللار بىلەن تىللاشنى، بىر نەچچە ئايلىق مائاشىنى تۇتۇپ جازالاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇراتتى. ئاخىرىچە يۇقىرىدىن كەلگەنلەر ئاردىسىكى چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، مائارىپقا بولغان تەلەپچانلىقى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىر رەھبەر ئىزدەپ سورىۋالغاندىكىلا ئوبۇلدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قالدى. ئوبۇلمۇ ھودۇقماستىنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىم ئايدىن بۇيان دەرس ئوقۇماي ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقى، مۇنداق ئىشلارنىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشاش رېئاللىقنى سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدە پۈتكۈل يېزىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە «لاياقەتسىز» دېگەن باھا بېرىلىپ خۇلاسە قىلىندى. ئاقىۋەتتە نېمە بولدى دېمەمسىز. تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئوبۇل دېگەن ساراڭ يەتمىش پىرسەنت مائاش بىلەن يېزا بويىچە ئەڭ يىراق بولغان «كۆتەكمازار» باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىۋېتىلدى. مانا قاراڭ، ئۇ ساراڭ بولمىسا يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرگە ئاشۇنداق گەپنىمۇ قىلامدۇ؟ ئوبۇل بۇنىڭلىق بىلەن پەسكويىغا چۈشۈپ قالمىدى. «توخۇ يېگەك ئىت خۇيىدىن قالماپتۇ» دېگەندەك،

# ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۆزۈڭ يۇيسەڭ ياكى ئالماشتۇرۇسەن. پۇلنى ساڭا ئاچاڭغا مانتا ئېلىپ بەرگىلى
بەرمىگەن بولمىغىيتتۇق، ھۇ نائەھلى، نامەرد، خۇمسى شورۇپچى.

ئوبۇل بېلەت ساتقۇچىنى، ھەتتا ياردەمگە كەلگەن شوپۇرنىمۇ خېلى ئۇر-
دانلا ئەدەپلەپ قويدى. باشقا يولۇچىلارنىڭ: «ۋاي بولدى قىلىڭ، ھېلى بىكار
ئاچچىقى كەپقالسا ھەممىمىزنى قوشۇپ بۇ چۆلگە تاشلىۋەتمىسۇن بۇ بىر نې-
مىلەر يەنە» دېگەندەك ھاي بېرىشلىرىنىمۇ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
ھەتتا يولۇچىلارغىمۇ: «سىلەرنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ، قاراپ تۇرۇپ بىر
بىچارە مەزلۇمەنى بوزەك قىلىۋاتسا قاراپ تۇرۇشىنا خۇمسىلار» دەپ تىل-
لايتتى. ئاخىر ھەممەيلەن جىم بوپقېلىشتى. ئاپتوبۇسمۇ ئۆز يولىغا چۈشتى.
ئەمما ئاپتوبۇستىكى ھەممە كارىۋاتتىن: «توۋا، ئاۋۇ ئاداش راستىنلا ساراڭ-
كەن، ساراڭ بولمىسا بىكاردىن بىكار ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز خەقنىڭ ئىشىغا
ئارىلاشقىنىنى ئاز دەپ بىزنىمۇ قوشۇپ تىللامدۇ بۇ. ياخشىسى ئۇنىڭدىن نې-
رىراق تۇرايلى» دېگەندەك غۇدۇڭشىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمىلا دېمەڭ،
مانا ئەمدى ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتىمۇ خېلىلا تېزلەپ قالغاندەك، شوپۇر بىلەن
بېلەت ساتقۇچىنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ ياخشىلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. بىراق چا-
تاقنىڭ چوڭى «غازكۆل ئۆتىكى»دە تېرىلدى. نېمىشقا دەمسىز؟ يەنە شۇ ئو-
بۇل ساراڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ قاراڭ.

يولۇچىلارنىڭ تولىسى تاماق يەپ بولۇشۇپ، تاماق پۇلىنىڭ قىممەتلىكى،
ئەمما تاماقنىڭ لاۋزىلىقى ھەققىدە غۇدۇڭشىپ ماشىنىغا چىقىشقا تەرەددۇت قى-
لىشىۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەندە يولۇچىلار ئارىسىدىكى ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ
قالغان بىر بوۋاينىڭ: «ۋايجان، ۋاي مەن نېمە گۇناھ قىلدىم» دېگىنىدەك ۋاي-
ساش ئاۋازى، ئارقىدىنلا پورداقيۈز، ئايپاڭباش كەلگەن ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ:
«ھەي قېرى، سەن بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ، قاراپ تۇرسام جۇمەكتە قولۇڭنى
يۇيدۇڭ، گەپ قىلمىسام سۇدىنىڭغا لىققىدە چاي قاچىلاپ، بىر موچەن تۆل-
مەستىن ماشىنىغا چىقىشقا ئالدىرايسىنا. سەنلەرنىڭ قولۇڭنى بىكارغا يۇيۇپ قو-
يۇدىغان، بىكارغا چاي قاينىتىپ بېرىدىغان، ھاجىتىڭنى راۋا قىلىدىغانغا بىكارغا
ھاجەتخانا سېلىپ بېرىدىغان چاكىرىڭمىدىم مەن ـ ھە؟» ـ قىزىل يۈزى پو-
كاندەك ئىسسىپ، بوغۇلۇپ، خىرقىراپ قالغان خوجايىن شۇنداق ۋارقىرىغاچ
قولىدىكى كەكە دەستىسى چوڭلۇقىدىكى تاياق بىلەن بىچارە بوۋاينىڭ پاچىقىغا
بىر قانچىنى سېلىۋەتتى. ئاڭغىچە بوۋايغا ئەگىشىپلا يوغان ئەينەك شىشىگە لىق-
قىدە قىزىق چاي قاچىلاپ كېلىۋاتقان ئوبۇل ساراڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ يەنە جۇدۇنى ئۆرلەپ، تەلۋە مىجەزى قوتراشقا باشلىدى بول-
غاي، قولىدىكى ئەينەك شىشە بىلەن قاۋان توڭگۇزدەك غالجىرىشىپ كەتكەن
خوجايىنىنىڭ يېڭىلا قىردۇرۇۋېتىلگەن ئوڭگۈل ـ دوڭگۈل دوقا بېشىغا غەزەپ
بىلەن ئۇردى. ئەمدىلىكتە ۋايجانلاش نۆۋىتى خوجايىنغا كەلگەندەك قىلاتتى.
چۈنكى قاتتىق كۈچەپ ئۇرۇلۇپ چېقىلغان شىشىنىڭ پۇچۇقلىرى ئۇنىڭ گۆشلۈك
بېشىنى قانغا بوياشتىن سىرت، قىزىق چاي يۈز ـ كۆزىنى كۆيدۈرۈپ، تولىمۇ
ئازابلىق ھەم ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

ـ ۋايجان، ۋاي ئاللا، كاللا، ۋاي جېنىم باللا ئۇ مېنى ئۇردى، كېلىڭلار،
ئۇنى چاناپ ئۆلتۈرۈڭلار، ۋايجان، ۋايەي، ھۆ، ھۆ، ھۆ...

خوجايىنىنىڭ ئەنە شۇنداق توڭگۇزدەك چىرقىراشلىرىغا ئەگىشىپ ئاشخانا
ئىچىدىكى شاگىرت، نىمكا، جەددى ـ جەمەتلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىغا پىچاق،
كالتەك، چەيدولارنى ئېلىپ ئوبۇل تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.
ئوبۇلمۇ ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى بولغاي، تاسادىپىي
كۆزىگە چېلىقىپ قالغان ئوتتۇن ياردىغان يوغان پالتىنى قولىغا ئېلىۋالدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر قەپەز قورقۇنچلۇق «ئۇر ـ چاپ» باشلىنىپ كەتتى. ئوبۇل
خۇددى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ شاگىرتلىرىدەك قىيا ـ چىيا قىلىپ ئەترابىنى ئورىۋال-
غان رەقىبلىرىگە قارىتىپ قولىدىكى پالتىنى چۆرۈپ پىرقىرىتاتتى، قارشى تە-
رەپتىكىلەر بولسا پىچاق، چەيدو، كالتەكلەرنى توختىماي قالايمىقان شىلتىيتتى،
ئەمما پالتىنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ بىرەرسىمۇ ئوبۇلغا يېقىنلىشالمايتتى. ئۇ-
لىشىش بىر ھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن قارشى تەرەپتىكىلەردىن بىرىسى قول-
ىدىكى چەيدونى ئوبۇلغا قارىتىپ ئاتتى. كۈتۈلمىگەندە، ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەن
چەيدو ئوبۇلنىڭ يۈزىگە قاتتىق تەگدى ـ دە، شۇرقىراپ قان ئېقىشقا باشلىدى.
ئەمما ئوبۇلنىڭ چەيدودىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋەمەن دەپ بىر تەرەپكە سۈرۈلۈشى
تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ قولىدىكى يوغان پالتا قارشى تەرەپتىكىلەر ئارىسىدىكى
ئېگىز ھەم دېۋەگەرەك كەلگەن بىرسىنىڭ بىلىكىگە تېگىپ ئېغىر يارىلاندۇردى.
دەل شۇ پەيتتە قاياقتىندۇر بىر ساقچى ماشىنىسى ھۇقۇيتقان پېتىچە پەيدا
بولدى ـ دە، قورااللانغان بىر قانچە نەپەر ساقچى دەرھال نەق مەيدانغا كېلىپ
ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىش ئارقىلىق جېدەلنى بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن
ئوبۇلمۇ، قارشى تەرەپتىكىلەرمۇ تۇتۇپ كېتىلدى. بولۇۋاتقان قانلىق جېدەل ـ
ماجىرانىڭ باش ـ ئاخىرى، سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ
تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆيلىرىگە ئالدىراپ تىت ـ تىت بولۇۋاتقان يولۇچىلار
ئاغزى بېسىلماستىن: «ھۇ ساراڭ، سەن ساراڭ بىلەن بىر ماشىنىغا چىقىپ قال-
غانغا تويدۇققۇ بۈگۈن، ئىست ـ ئىست، خۇدا سىندەك ساراڭلارنى نېمىدەپ
يارانقان بولغىيتتى بۇ زېمىنغا» دەپ كوتۇلدىشاتتى.

ئاقىۋەتتە نېمە بولدى دەمسىز؟ راستىنى ئېيتقاندا، بەزى ئىشلارغا ھەق-
قەتەن بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما ھېلىقى پاجىئە بولۇپ ئىككى ھەپتە ئۆت-
كەندىن كېيىن بىر قانچە نەپەر يولۇچى گۇۋاھچىنىڭ: «بۇ ھەقىقەتەن ساراڭ-
كەن، يولدا كەلگىچىمۇ نۇرغۇن ساراڭلىق قىلدى» دەپ ئىسپات بېرىشى بىلەن
ئوبۇل «ساراڭلارغا گۇناھ ئارتىشقا بولمايدۇ» دېگەن ئېتىبار بىلەن قويۇۋې-
تىلدى. بىراق يامان يېرى شۇ بولدىكى، ئۇ خىزمەت ئورنىغا بېرىلگەن رۇخ-
سەت ۋاقتىدىن ئىككى ھەپتە ئاشۇرۇپ كېچىكىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ئايلىق
مائاشى پۈتۈنلەي تۇتۇپ قېلىنغانىدى.

ـ مۇدىر، ـ دېدى ئوبۇل مەيۇس ھالدا، ـ يۈزۈمدىكى جاراھەتنى داۋا-
لىتىشقىمۇ خېلى كۆپ پۇل كېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭىدىغاندا باشقىلاردىن
ئازراق قەرز ئاپتىكەنمەن، ئېتىبار قىلسىلا بوپتىكەن.

مۇدىر ئوبۇلنىڭ يېلىنىشىغا ھەمدە يۈزىدىكى ۋىلىلداپ تۇرغان جاراھەتكە
راپ سەل تەسىرلەنگەندەكمۇ بولدى ـ يۇ، ئارقىدىنلا ھەي ي، دېگىنىچە ئۆلۈغ-
كىچىك تىنىپ قويۇپ، ناھايىتى ئېنىق ھەم ئۇرغۇلۇق قىلىپ مۇنۇلارنى دېدى:


ـ سىز ساراڭ بوپسىز، ساراڭ بولمىسىڭىز، يۇقىرىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش
ئۆمىكىگە ھېلىقىدەك بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ يۈرەمسىز؟ ساراڭ بولمىسىڭىز،
كېچىسى ھەقسىز ئىشلەتتىڭ، دەپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ياقىسىنى سىقامسىز؟
ساراڭ بولمىسىڭىز، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ شوپۇرنى ئۇرۇۋدىغان، ئاش-
پەز ئۇستامنى يارىلاندۇرىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلامسىز. ئويلاپ كۆرۈڭ، مۇشۇ
قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ساراڭلىق بولامدۇ ـ يوق؟ ماقۇل، سىزگە ئېتىبار
قىلغانمۇ بولاي، ياخشىسى سىز ئەمدى بىر مەزگىل نېرۋا كېسەللىكلەر دوخ-
تۇرخانىسىغا بېرىپ پىسخىكىلىق جەھەتتىن داۋالىنىڭ، مېڭىڭ، بىر ئايلىق ما-
ئاشىڭىزنىمۇ ھازىرلا ئېلىۋېلىپ، كۆزۈمدىن دەرھال يوقىلىڭ!

ئوبۇل يا ھا، يا شا دېمەستىن، قاققان قوزۇقتەك جىممىدە تۇرۇپ قالدى،
ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇ دېگىنىچە چوڭ ـ
چوڭ قەدەم ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مانا ھازىر ئۇنىڭ خىزمەتكە قاتناشمىغىنىغىمۇ يېرىم يىلچە بوپقالدى. ئاڭ-
لاشلارغا قارىغاندا، قايسىبىر ئۆلكىدىكى نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا
پىسخىكىلىق داۋالىنىۋېتىپتىمىش. مۇدىرنىڭ تېلېفون ئارقىلىق دوختۇر بىلەن
ئالاقىلىشىشىغا قارىغاندا، ئۇ ھەمىشە ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ساراڭ، مەن ساراڭ
بوپقالدىم. مەن ساراڭما؟ توغرا مەنمۇ، سەنمۇ ساراڭ، ھەممىمىز ساراڭ» دەپ
سۆزلەپ يۈرەرمىش. بۇنى ئاڭلاپ، مۇشۇ كۈنلەردە ساراڭ بولۇش ئۈچۈنمۇ خېلى
يۇقىرى سەۋىيە كەتسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



# بىر ئەمدى يازمايمەن

(ھېكايە)

غاپپار تەۋەككۇل

1

«ئەمدى يازمايمەن» دەپ تۇرۇپ مانا مۇشۇنداق ھېكايىگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرۈشۈممۇ بىر بىمەنىلىك، ياكى بىر تۇتۇرۇقسىزلىق بوپقالار. لېكىن «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنىمۇ قىلىپ تۇرىدىغان جاھان ئىكەن بۇ. «يازمايمەن» دەپ بايانات ئېلان قىلغىنىممۇ يوق، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە يېزىش - يازماسلىقىم بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۇقىرى ئىقتىدارلىق مىكروسكوپ بىلەن كۆرسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان ئەرزىمەس بىر ئىش. شەخسىيىتىم بويىچە ئېيتقاندا، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتىپ ئىچىمنى بوشىتىۋالسام، سالامەتلىكىمگە پايدىسى تېگىپ، ئۆمرۈم ئۇزۇن بوپقالسا ئەجەب ئەمەس.

گەپنى نەدىن باشلىسام بولار؟ نېمە ئۈچۈن يازمايدىغان بوپقېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلىمەكچى ئىدىم. بىر ھېسابتا بۇنىڭ نەق جاۋابىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. بەزىبىر تايىنى يوق سەرگۈزەشتە، تاغدىن - باغدىن سۇرگەن خىياللىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، بەلكى يازمىغىنىڭ توغرا بوپتۇ، دەرسىلەر. ياكى تازا بىر چىدىماس نەرسىكەنسەن، چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ، دەپ تەنقىدىي تەربىيە بەرسىگىلار قايتىدىن يازىدىغان بوپقالامدىم، بۇنىڭغىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ياكى قەغەز ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىپ، قىستاڭچىلىقتا تولغان بۇ ئەدەبىيات كوچىسىغا ئازادىلىك ئەكەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئالقىشقىمۇ ئېرىشىپ قالارمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاقدىشىم بىلەن بولغان سۆھبەتنى سۆزلەپ بېرەي.

ھازىرچە بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنداق - بۇنداق دەپ سۆزلەپ بېرىشكە ئامالسىزمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كۆرۈنۈشىدىن ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈكتەك بىلىنىدىغان بىر ئادەم. كاساپەت شۇنداق سۆزمەنكى ... بولدىلا، نەق پاراڭنى سۆزلەي.

- ھە، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئۇزاق بولدى، يا ئىسمىڭنى، يا ئۆزۈڭنى كۆرمىدۇق، يەنە شۇ ئاخىرى چىقماس قۇرۇق خىيال؟ ئىسمىڭنى ئۆزگەرتمىگەنسەن؟ تەخەللۇس قويۇۋالدىڭمۇ - يا؟ بولمىسىغۇ ئۇنى - بۇنى دوراپ، ئوقۇغان ئادەمنى ئويغا سالىدىغان بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، ئادەمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ قوياتتىڭ بولمىسا.

- ئۇنداققۇ ئەمەس. ئەمدى شۇ ... نېمە دېسەم بولار؟ ئۇزاق بولدى، يازغانىنىڭ نېمە رولى بولۇۋاتىدۇ زادى؟ دېگەنلەرنى تولا ئويلاپ، مۇشۇ قەلەم دېگەننى تۇتقۇم كەلمەيدىغان بوپكەتتىغۇ - تاڭ؟

- دەۋاتقان گېپىنى ما ئاداشنىڭ. گېپىڭچە بولغاندا، دۇنيادىكى ھەممە يازغۇچى ئەخمەقكەن - دە؟ بۇرۇن نېمىدەپ يازغانتىڭ ئەمسە؟

- ۋايتاڭ؟ ئۆزۈممۇ بىلەلمەيلا قالدىم. يېزىقچىلىق دېگەنمۇ بىر ئېزىتقۇمۇ قانداق؟ ساۋاتىم چىققاندىن باشلاپ كىتاب دېگەننىڭ ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپلا كېتىپتىمەن. كېيىنچە جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر ئىشلارنى تەنقىدلەپ ئۇنى - بۇنى يېزىپ ئەۋەتسەم ئېلان

قىلىنىپ يۈرۈيدۇ. ژۇرنالدا ئىسمىمنى كۆرۈپ سېھىرلىنىپ قالسام كېرەك، كېيىن قارىسام يېزىقچىلىق دېگەن بۇ پاتقاققا خېلىلا پېتىپ كېتىپتىمەن. مەن تەنقىدلىگەن مەسىلىلەر بولسا ئۆز پېتىچە تۇرۇۋەردى. ئۆزۈمنى گويا بىھۇدە يەۋاتقان بىر توپ كالىغا راۋاب چېلىپ بېرىۋاتقان ساراڭغا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بوپقالدىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇ پاتقاقتىن پۈتۈمنى تارتالماي يۈرۈيمەن شۇ.

— دەۋاتقان گېپىنى ما ئاداشنىڭ. مەن تېخى سېنى كاللىسى سەزگۈر زىيالىيلارنىڭ بىرى، دەپ يۈرۈپتىمەن. ھەي قارا، دۇنيادىكى نى ـ نى ئەسەرلەر دۇنيانى بىراقلا ئۆزگەرتەلمىگەن يەردە، سېنىڭ كالتە ـ كۇسەي ئەسەرلىرىڭ ئالەمنى مالەم قىلسا بولامتى؟ يازغانىڭ نېمە پايدىسى بولماقچىدى؟ ئادىمزات دۇنياسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان نەرسە سەنئەتنىڭ كۈچى، بىلمەمسەن شۇنى!؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ...

— يازمىساڭ يازما، يازىدىغانلار ئازمۇ بۇ جاھاندا. بىر ھېسابتا يازغۇچى ـ شائىرلار كۆپىيىپ كەتسە بارغۇ، بىر ئاپەت بولىدۇ، ئاپەت!

— مەنمۇ شۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالاي دېگەن ئوخشايمەن. مۇشۇ چاغقىچە ئەدەبىي ئەسەرگە ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى يازىمەن دەپ كۆپ جاپا چېكىپمۇ ئىنسانىيەتكە ھېچبىر تۆھپە قوشالمىغاندەك ھېس قىلغانىتىم. يازماي تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە كېلىدىغان بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەسسە قوشالايدىغان ئىش بولسا، يازماي دېگىنىم ياخشى بوپتۇ.

— بۇمۇ بىر يېڭى گەپ بولدى. بۇ تۆھپەڭ ئۈچۈن بىر رومكىدىن ئىچىشمەيلىما.

— بولىدىلا، بۇ خۇشاللىقىڭدىن ئۆزۈڭلا بەھرىمەن بولۇۋالغىن.

مۇشۇنداق پاراڭلارنى ئاڭلايدىغان بولسام، ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ تالاي جاپا چېكىپ، خۇددى جىنايەتلىك بىر ئىشنى قىلىپ قويغاندەك ھېسسىياتلارغا كېلىمەن. نېمىمۇ قىلاتتىم، يازىمەن دەپ جاپا چېكىپ؟ مۇشۇنىڭغا ئىشلەتكەن كاللىنى دېھقانچىلىق قىلىشقا قولايلىق بولغان بىرەر سايماننى ئىجاد قىلىشقا ئىشلەتكەن بولسام، تالاي دېھقاننى خۇش قىلىۋەتكەن بولماسمىدىم. مانا ھازىر نومۇسلۇق ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويغاندەك پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. قايسى كۈنى بىر ئاغىنەم خۇددى ئاسماندىن توككىدە تاش چۈشكەندەك: «دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى دەيسەن. كىشىلەر ھازىر بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇمايدۇ. ئوقۇسىمۇ، تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. بىز خەقتە ھازىر ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇيدىغانلار بارمىدۇ زادى؟ بىر چاغلاردا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتكىنىمنى ئويلايدىغان بولسام ـ زە ... ھازىر نەق گەپ لازىم، ئاداش. يازغىنىڭ كەپكەتسە نەق گەپنى قىلىدىغان ماقالىلەرنى يازساڭ بولىدۇ» دېۋىدى، ئۆزۈمنى شۇنداق ئوشۇقچە ھېس قىلىپ كەتتىمكى ... بولىدىلا، يازغانلىرىم پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيىنى ياراشتۇرۇپ، دۇنيادا تېررورلۇقنى تۈگىتىپ، بارلىق ھۆرلۈكپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزىدىغان ئىش بولسىمۇ يازماي. ئىسمىمنىڭ مەتبۇئات يۈزىگە چىقىشى، بىرمۇنچە بۇرادەرلەرنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايدىغان ئىش بولسا، بۇنداق خاپىلىقى تولا ئىشنى قىلماي قوياي ... يازمايمەن دېيىشىمنىڭ سەۋەبى پەقەت بۇلارلا ئەمەس.

2

بۇ ئوبيېكتىپ دۇنيالا ئەمەس، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئادەتلىنىپ كەتكەن ھېسسىياتلارمۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقى ھەممىگە ئېنىق بولغان مەسىلە. يازماسلىق نىيىتىگە كەلگەندىن بۇيان ئەتراپىمدىكى غەمسىز ئادەملەردەك خاتىرجەم بالىلىرىمنى بېقىپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ يولىنى قىلىپ ياشىمايمەنمۇ، دەپ شۇنچە تىرىشساممۇ، ئىچىمگە بىر چايان كىرىۋېلىپ تاتىلاۋاتقاندەك ئارامسىزلىق ھېس قىلىدىغان بوپقالدىم. توۋا خۇدايىم، ئەسلىدە ماڭا بۇرۇندىنلا كېسەل تېگىپتىكەن ـ دە؟ بۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ دورىسى نېمىدۇ ئەمدى؟ يۈرەكنى ئېزىدىغان ئەتراپىمدىكى قايسىبىر ھادىسىنى كۆرسەمغۇ بۇ كېسەل ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ دورىسى پەقەت ئاشۇ ھادىسىلەرنى يېزىش. لېكىن ... مەن يازمايدىغان بولغان ئەمەسمۇ!...

بۇ ئىمزىمەس ۋۇجۇدۇمغا ئازراق بولسىمۇ ئارام بولسۇن، دەپ يازغانمۇ بولاي، لېكىن مەندەك ئاۋازى جانسىز ئادەمنىڭ ئاۋازى كىمگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى؟ تۈزۈك ۋارقىرىيالمىغاندىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى ۋارقىرىماسلىق كېرەك. لۇشۈن: «بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئالاھىدە ماھارىتى بولمىسا، ئۇششاق ـ تۈششەك ئىشلارنى قىلىپ جان باقسىمۇ بولىدۇ. ھەرگىز قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئەدىب ياكى رەسساملاردىن بوپقالمىسۇن» دەپ بالىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. گەپلىرىمنى قۇرۇق گەپ دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، شۇ گەپنى باشقىلارغا ياققىدەك قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ماھارەت. ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ دۇنيادا نېمىنىڭ زادى ھەقىقەت بولىدىغانلىقىنى قارا قورساقلارلا ئەمەس، ماڭا ئوخشاش ئولتۇرسا ـ قوپسا بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسى توغرىسىدا ئويلاپ يۈرۈيدىغان خىيالپەرەس ئۈچۈنمۇ قىيىنغا توختايدىغان ئىشكەن. بىكون: «كىشىلەرنى سەپسەتىگە تېز ئىشىنىپ، ھەقىقەتنى خالىمايدىغان قىلىپ قويغان نەرسە، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇشەققەتلىكىدىن ئەمەس، بەلكى سەپسەتىنىڭ ئىنسانىنىڭ مەلۇم ناچار تۇغما تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېگەنىكەن. بۇ خۇددى گەپنىڭ نەق يېرىنى دېسە كىشىلەر قايىل بولمىسا، ياغلىما گەپلەرنى قوشۇپ دېسە كىشىلەرنى تېز ئېرىتكەنگە ئوخشامدۇ نېمە؟ ...

مەن دائىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن تەركىي دۇنيا بولغان ئۇدغۇرمىشنى ئادىمزات دۇنياسىغا قايتىپ كېلىپ ئادەملەر ئۈچۈن قىممەت يارىتىشقا دەۋەت قىلىشى، ئۇدغۇرمىشنىڭ رەت قىلىشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىككىسىنىڭ مۇنازىرە ـ مۇھاكىمىسىدە،

www.uyghurkitap.com

زادى قايسىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالىمەن. لېكىن بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ ئادەملەر ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمەي ئۆلگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ... ئۇنداقتا ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ بىر ھېسابتا ھەقىقەت، ۋىجدان بىلەن يۇغۇرۇلغان شەخسىي ئىرادىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدىغان تارتىش قانۇنىيىتى. پەيلاسوپلار ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھەقىقەتنى تاپىدۇ. بەزى سىياسىيونلار بۇ پەلسەپىنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سەپسەتىلەر بىلەن بوياپ، باشقىلارنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن دەسمايە قىلىدۇ. پەيلاسوپ — سىياسىيوننىڭ دەسمايىسى. پەلسەپە ئەسلىدە يۇمىلاق نەرسە ئىدى، يامان نىيەتلىك سىياسىيونلار ئۇنى ياپىلاقلاشتۇرۇپ قويغان. ماركس ھېچقاچان ئۆز پەلسەپىسىنى، ستالىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دۆلىتىنى قۇرۇپ، نەچچە مىليون بىگۇناھ خەلقنى قىردۇرۇۋەتسۇن، دەپ ياراتمىغان بولغىيتتى؟ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ياراتقۇچى پەيلاسوپلار، ئافاق خوجىنى ئۇيغۇر ئېلىنى پاراكەندە قىلسۇن، خەلقنى نادانلىقتا قويسۇن، نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنى قىرىۋەتسۇن، دەپ ياراتمىغان بولغىيتتى؟ نېتزىي ئۆز پەلسەپىسىنى، ھىتلېر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ يەر شارىنى ۋەيران قىلسۇن دەپ ياراتمىغان بولغىيتتى؟ بۇمۇ ئېينىشتېين ئاتوم بومبىسىنىڭ نەزەرىيىسىنى شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىش مەقسىتىدە ياراتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى ياساپ، ياپونىيىنىڭ تاناۋۇنى تارتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئىشلەتكەندەكلا بىر ئىش ...

يازمايدىغان بولغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق خىياللار ئىچىگە چۆكۈپلا كېتىدىغان ئىشكەن. مۇشۇنداق خىياللارنى سۈرۈش بىلەن بىللە، ئەسەر يازماي ئىچ پۇشۇقمىنى قانداق چىقارسام بولار، دەپ ئويلاپ ئولتۇرسام، يېزىشقا دەۋەت قىلىدىغاندىن يەنە بىرسى ئۇسسۇپلا كىردى:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋالىڭ، ئاغىنە؟ بالا ـ چاقىلىرىڭ ئامانمۇ؟ ئۆي ئىچى تىنچلىق، يېزىقچىلىق ئىشلىرىڭ ...

ـ كېلە ئاداش، كەل. ئۆزۈڭ سالامەت، بالا ـ چاقىلىرىڭ تىنچ ـ ئامان تۇردىما؟ قېنى بۇياققا كېلىپ ئولتۇر، ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر! سالامەتچىلىك؟ بۇياققىمۇ ئۆتمەس بولدۇڭ.

ـ نېمىسىنى دەيسەن، ئاداش. «كوپېراتسىيەمىدى ـ مىدى، قەلەمۇەرسە تۇگىمىدى» دېگەندەك بىر خىزمەتكەن دېگىنە بىزنىڭ خىزمىتىمىز. بەزىدە ئىچىم سىقىلىپ ئۆلگۈدەك بولىمەن. بۈگۈن تۇرۇپلا سېنى سېغىنىپ قېلىپ، گۈڭ ـ مۇڭ ئەھۋاللىشاي دەپ كېلىشىم. خېلى بولدى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىسمىڭنى كۆرمىدۇق؟ يا مەن كۆرمىدۇممۇ ياكى سەن يازمايۋاتامسەن؟

ـ ئانچە ـ مۇنچە يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، ـ دېدىم يالغان ئېيتىپ. ئۇنىڭ بىر تالاي ۋەزخانلىق قىلىپ كۆڭۈل يارامنى تاتىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىسىنىڭ بىلەرمەنلىك قىلىپ، باشقىلارغا نەسىھەت قىلغۇسى كېلىدۇ.

ـ ياز، ئاداش، ياز، مۇشۇ مىللىي مائارىپىمىزنى ياز. مىللىي مائارىپنى يازماي نېمىلەرنى يېزىپ يۈرۈيدىغانسەن؟ ياكى ئۇ بۇنىڭغا ئاشىق بولدى. ئاشىق بولسا باشقا بىرسىنى تېپىۋالسا، مەشۇقى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى، دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرەمسەن ـ يا؟ ياز، ئاداش، ياز، سەن بىزنىڭ پەخرىمىز...

ـ مائارىپنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ ھازىر؟ ئۇنداق ئىسلاھات، مۇنداق ئىسلاھات دېگەنلەرنى جىق ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ھۆكۈمەتمۇ جىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.

ـ نېمىسىنى دەيسەن؟ سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق. مەن سەندەك ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مائارىپىمىز بارغۇ، پورلىشىپ كەتكەن، قات ـ قاتلىرىدا قۇرتلار قىمىرلاپ يۈرگەن يوغان ياغاچقا ئوخشاپ قالدى. مەن ساڭا پەقەت بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنىلا سۆزلەپ بېرەي:

سىرتىدىن قارىغاندا، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى شۇنداق جانلىق، تەرتىپلىك، چىرايلىق تازىلانغان. بىر ـ ئىككى ئاي مەكتەپتە تۇرۇپ كۆزىتىدىغان بولساڭ ھەممىنى بىلىسەن. رەھبەرلىك بولسا بىر ئارتىس، يىغىنلاردا قېلىپلىشىپ كەتكەن سەلتەنەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن بىر مائارىپپەرۋەر سۈپىتىدە سۆزلەيدىغان. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىدىغان بولسىزە، تەسىرلىنىپ كېتىسەن ... مەنسەپ خۇمارى بولسا، باشقا بىر ئورۇنغا گاندىن مەنسەپ تۇتسا بولمامدۇ، دەيمەن، كەلگۈسىمىزنىڭ ئاساسى بولغان بۇ نازۇك نۇقتىغا چېقىلغۇچە. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان پىداكارلارنى چەتكە قېقىۋاتقان، ئۇلارنىڭ روھىغا سوغۇق سۇ سېپىۋاتقان. ئۇنىۋان، ئىلغارلىق دېسە نەدىكى بىر خۇشامەتچى ـ كۆتۈرمىكەش گۈيلار ئېلىۋاتقان. بىچارە سىنىپ مۇدىرلىرى مائاشىنى كىتاب پۇلى، جەرىمانە پۇلىغا تۆلەپ ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى شوئارۋازلىق يەنە تەكرارلىنىپ قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. نەگىلا بارسا مائارىپتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئاق قىلىمىز، كۆك قىلىمىز، دەپ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋاتقان. بەزى مۇدىرلار ئۆزى دەۋاتقان گەپنىڭ مەنىسىنى ئۆزى بىلمەيدۇ. مائارىپنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مائارىپتىكى رەھبەرلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ باشقا ساپاسىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى. بەزىدە مۇشۇ خەقلەر مائارىپنى قالقان قىلىپ، جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان ئالدامچىلاردەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ كۆزۈمگە. ھەممىدىن ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، ئۆزىگە يېقىن دەپ قارىغانلارنى دەرستىن بوشىتىپ باشقا خىزمەتلەرگە سېلىشى قىزىق! ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دەرس ئۆتۈش ئەڭ پەس خىزمەت ئوخشايدۇ.

سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق، ئاداش. رەھبەرلىك شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار نېمە ئىش قىلمايدۇ دەيسەن، ئەمەلىي خىزمەتنى تاشلاپ، رەھبەرگە ياخشى كۆرۈنىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. مۇنداق شارائىت بەزىبىر نانقېپىلارغا بولۇپ بېرىدۇ، دېگىنە. بىر ئامال قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا ... بۈگۈنكى دەۋردە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش بىلەن كومپيۇتېرنى

ئانچە ـ مۇنچە ئۆگىنىپ قويۇش، ئۇنىڭدىن قالسا بۇلاردىن ئېلىنىدىغان سەۋىيە سىناش ئىمتىھانلىرىدىن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆتۈپ قويۇش بىلىملىك بولۇشنىڭ ئۆلچىمى بوپقالدىمۇ ـ نېمە؟ بۇلار بىر كۆۋرۈك، ھەرگىز ئۆلچەم ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇلارنى قەتئىي ئۆگەنمەي، بۇ كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ يېڭى بىلىملەر دۇنياسىغا بارماي بولمايدۇ. ئۇنداقتا، مۇشۇ كۆۋرۈكلەردىن بىر ئامال قىلىپ ئۆتىۋېلىپلا ئۇخلاش كېرەكمۇ؟ پەقەت مائاش ئۈچۈنلا ئىشلەۋاتقانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە تولىسى دېگۈدەك بىر ئاماللارنى قىلىپ مۇشۇنداق ئىمتىھانلاردىن ئۆتىدۇ ـ دە، جاھان مېنىڭ، دەپ يۈرۈۋېرىدۇ ...

سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق، ئاداش. ئىختىيارىي ھالدا بىرەر گېزىت ـ ژۇرنالغا يېزىلغىلى بولمايدۇ. پالانى ـ پۇكۇنى ژۇرناللارغا ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچى شەرتسىز يېزىلىدۇ، دەيدۇ، ھېچكىم غىڭ قىلالمايدۇ. قوشۇلسۇن ـ قوشۇلمىسۇن، مائاشىدىن تۇتۇۋېرىدۇ. مەن مۇنداق ژۇرنالغا يېزىلماقچىدىم دېسە، «ھۆكۈمەت بىر توقۇم مائاش بېرىۋاتقاندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئېلىڭلار» دەۋاتقان. مائاش دېگەن نەرسە ئادەمنىڭ پېشانىسىگە ماڭدامدا بىر تېگىپ تۇرۇۋاتقان. مۇشۇنداق چاغدا ئۆزۈمنى شۇنداق بىچارە ھېس قىلىمەنكى، بىر مۇنچە جاپا چېكىپ، مىننەتتى تولا بولىدىغان، نۇرغۇن غەلۋىردىن ئۆتۈپ، قولىمىزغا ئاران يېتىپ كېلىدىغان مۇشۇ تۈت تال پۇلنىڭ قولى بولۇش ئۈچۈن ئوقۇغان بولغىيمىدىم، دەپ ئۇھ تارتىدىغان چاغلىرىم جىق، ئاداش ...

سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق، ئاداش. قىلىدىغان ئىشىمىز، قايسىبىرلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆز بوياش، قايسىبىرىنىڭ غەرىزى ئۈچۈن ساختا كومېدىيىنىڭ ئارتىسلىقىنى قىلىش بىلەنلا بولىدىغان گەپ. ھېلى كېچىسى ئۆي ـ ئۆيلەرنى چارلاۋاتقان، ھېلى دېھقان بولۇۋاتقان. مۇشۇنداق تۇرۇپ مائارىپنىڭ ساپاسىنى ياخشىلايمىز، دېسە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن ئادەمگە ... مۇشۇلارنى ياز، ئاداش، مۇشۇلارنى يازماي نېمىلەرنى يېزىۋاتقانسەن؟ ...

ئۇ تازا ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى، سىرتتىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمدى كىمگە نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئىچىمىزگە تىنىپ ئولتۇرساق، ئايالىم ئۇن تىنىقنى بىر ئېلىپ ئۆيگە كىردى ـ دە:

ـ ۋاي خۇدايىم، مىجىت قارىي تۈگەپ كېتىپتۇ! ئەجەب قورقۇپ كەتتىمما، ئۇھ!

ـ شۇم ئېغىزلىق قىلمىغىناۋا، مەن تېخى ھېلى ئىشىكى ئالدىدا كۆرگەنتىم ئۇنى.

ـ شۇ گەپ، ئىشىكى ئالدىدا يىقىلىپ قاپتىكەن، كۆرگەنلەر ئۇنى يۆلەپ قارىسا، تىنىقى توختاپ بوپتۇ.

ـ ئامىن !!! ...

ـ رەھمەتلىكنىڭ يۈرەك كېسىلى بار ئىدى. بۇلتۇر ئۇنىڭ ئوغلىنى بىرسى قىز تالىشىپ دەمدۇ، پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. قاتىل باي ئائىلىنىڭ بالىسىكەنمىش، رەھمەتلىك تولا ئەرز قىلىپ قۇرۇپلا كەتتى. ئېسىت! ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى قىزى بار ئىدى، يېتىم قالدى ـ دە، بىچارىلەر!

ـ مۇشۇ كۈنلەردە ياش تۇرۇپ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ يا، ئاداش؟ سەن مۇشۇلارنى يازماي نېمىلەرنى يازىدىغانسەن، دەيمەن؟...

ـ ماقۇل، يازسامۇ يازاي، ماۋۇ رەھمەتلىكنى يەرلىكىدە قويۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن يازاي جۇما.

ـ توختا ئاداش، توختا. مەن ئەسلىي سېنىڭ قېشىڭغا يەنە بىر ئىش بىلەن كەلگەنتىم. ئەمدى جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈڭ بىلسەن ... ھېلىقى ئۇنىۋان دېگەن نەرسىدە، ماقالىسى ئېلان قىلىنغان بولسا تېزراق قاملىشىدىغان ئىشكەن. ئۆزۈڭ بىلسەن، بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ بېرەمدىكى دەپ ... مەنمۇ قاراپ تۇرماسمەن ...

ـ ھېلى تېخى غورۇرلۇق ئىنسان سۈپىتىدە تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىۋېدىڭ، بۇ گېپىڭ قايسى ئىنساننىڭ گېپى ئەمدى؟ ئاشۇ ھاياجانلىق سۆزلىرىڭنى يېزىپ چىقساڭ بىر ماقالە بولمامدۇ؟

ـ مۇشۇ پۇل دېگەن نەرسە ھەممە ئىشنى قىلدۇرىدىكەن، ئاداش. يالغۇز مەنلا كۈچەپ ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەتتىم. ئۆزۈڭ بىلسەن، مەن مۇشۇ يېزىقتا ئىپادىلەشتە تولا خام دېگىنە.

ـ ماقۇل، يازسامۇ يازاي، ئاۋۇ رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىدە قويۇپ، بالا ـ چاقىلىرىغا تەسەللى بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن يازاي ... ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز ـ ھە، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھانغا ...

3

بولدىلا، ئەمدى يازمايمەن.

ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بۇرادىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ، نەچچە كۈن كېچە ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك ھېچبىر ئارام تاپالمايلا قالدىم. ناھايىتى ئېنىقكى، كونا كېسىلىم يەنە قوزغالغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭ دورىسى يەنىلا شۇ ھېكايىدەك بىر نەرسىلەرنى يازسام ئارام تاپىدۇ. ئېلان قىلىنمىسامۇ يازسام يازمايمەنمۇ، دەپ ئويلىنىپ، مائارىپ ساھەسىدىكى قانچىلىغان كىشى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى قانداق ئوبرازلاشتۇرسام بولار؟ ... دېگەندەك پائالىيەتلەر بىلەن خېلى كۆپ ئىزدىنىپ يۈرۈپ، بىر پارچە ھېكايە يازدىم. يېزىپ بولغاندىن كېيىن خۇمارى تۇتۇپ، جېنى قىينىلىپ كەتكەن خروئىن بەڭگىسىنىڭ خروئىن چەككەندىن كېيىن ھوزۇرلىنىپ، ۋۇجۇدى ئارام تاپقىنىدەك ۋۇجۇدۇم خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن مانا مۇشۇنداق كەيپىياتتا بوپقالسام، ئېلان قىلىنمىسامۇ ئەچىمدىكىنى يېزىپ ـ يېزىپلا تاشلاپ قويسام بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلىدىم ـ يۇ، ئەستاغپۇرۇللا! ئۇنى ئېلان قىلماي كۆڭلۈم يەنىلا ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن ئاي ـ كۈنى توشقان خوتۇن كىشى نەچچە كېچە ـ كۈندۈز تولغاق يېگەندەك تولغىنىپ يېزىپ چىقىپتىمەن. بىر تالاي گاسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھەرقانچە ۋارقىرىسامۇ پەرۋايىغا ئالماي يۈرۈۋەرسە، ئەسەر توغرىسىدا ئاغزاكى ۋە يېزىقچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆزىنى كۆرستىشكە ھېرىسمەنلەر ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئەجايىپ، سەلبىي قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ قويسا ... بۇ خورلۇقلارنى تارتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرەرمەنمۇ ئەمدى؟ ھېنرىخ ھېينى: «ناغرىنى چال، يېرىلىپ

كېتىشتىن قورقما» دەپتىكەن، نېمە بولسا شۇنى كۆرمەيمەنمۇ، دېگەنلەر كاللامدىن كېچىپ، بۇ ھېكايەمنى پوچتىدىن ماڭغۇزۇۋەتتىم. نېمىلا بولمىسۇن ئۆزۈم شۇنداق يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم.

ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خۇددى مۇشۇ ھېكايە بىلەن مائارىپتىكى قالايمىقانچىلىقلار تۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك، خۇرۇچىن بەڭگىسىنىڭ ھۇزۇرىنى يەنە بىر قېتىم سۈردۈم. ھېكايەم جەمئىيەتكە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەركىن، دەپ خېلى كۈنلەرگىچە ئەتىراپىمنى كۆزىتىپ، تەسىرات ماراپ يۈردۈم. مۇشۇ كۈنلەردە قانچىلىك ئادەم ئەدەبىي ئەسەر كۆرىدۇ، دەيسىز؟ كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئۆزىنى زىيالىي دەپ چاغلايدىغانلارنىڭ پاراڭلىرى بولسا مانا مۇنداق بولىدۇكەن:

ــ ھېلىقى ھېكايەڭنى قالتىس يېزىۋېتىپسەن جۇما، كۈچلۈك بىر ساتىرىك ئەسەر بوپتۇبۇ. مائارىپىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تازا قامچىلاپسەن.

ــ نېمە، مائارىپنى قامچىلاپتىما؟ ھەممىسى مائارىپنى مەدھىيەلەۋاتسا، قامچىلىغىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟ قايسى ژۇرنالدىكەن؟ مەن بىر ئوقۇپ باقاي.

ــ ۋۇي قارا، سەنمۇ ھېكايە دەيدىغان نەرسىنى يازالامسەن تېخى، قاچاننىڭزى؟

ــ مەنمۇ بۇ ھېكايەڭنى ئوقۇغان. ئوبدان ئۇچقۇشۇپ قالدۇق، ئۆزۈڭدەك غەلىتىلا يېزىپسىنا؟ زادى مائارىپنى تەنقىد قىلدىڭمۇ ياكى مەدھىيىلىدىڭمۇ؟ ماۋزۇسىمۇ غەلىتە ــ ھە، «يېتىم چاڭگا»؟ تازا چۈشىنىكسىز. ھېلىقى نېمىدا؟ مودېرنىزم دېگىنى مۇشۇمۇيا؟

ــ نېمە؟ «يېتىم چاڭگا»؟ ھوي! بۇ قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىمۇ، قاغىنىڭ چاڭگىسىمۇ؟ ھېكايە يازىمەن دەپ دەرەخلەرگە يامىشىپ يۈرۈپسەن ــ دە؟ دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن بولساڭ، سېنىڭ ھېكايەڭنى نېمىدەپ يازار بولغىيتتۇق؟ ھا ــ ھا ــ ھا ...

ــ چاقچاققا ئايلاندۇرمىغىناۋا ... ھەر نېمە بولسا، ئاداش، سەن بولساڭمۇ تۈزۈكرەك ئىش قىپسەن. بىز ئۆلسەك نېمىمىز قالار بۇ دۇنيادا؟ راست، سېنى يازمايدىغان بوپتۇ دەپ ئاڭلىتىپدۇق، راست گەپمىتى ياكى ئەپقاچتى گەپمۇ بۇ؟ ياز، ئاداش، ياز! مېنىڭ سەندەك تالانتىم بولىدىغان بولسىزە ...

ــ «يولۋاس ئون يىلدا بىر قېتىم تۇغىدۇ» دەپ، بۇ ئاداش يازماي ــ يازماي بىر يازىدۇ، ئوبدانلا بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قويىدۇ.

ــ سېنىڭ ھېكايەڭنى مەنمۇ ئوقۇغان. ئۇزاق بوپتىكەن بۇنداق نەرسىلەرنى ئوقۇشتىن چىقىپ كەتكىلى. قايسى كۈنى قولۇمغا چىققان قايسىبىر ژۇرنالنى ۋاراقلىسام، ئىسمىڭ تۇرىدۇ. ئوقۇپ قارىسام، چەت ئەللىك بىرسىنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشاپلا تۇرىدۇ، شۇنىڭغا تەقلىد قىپسەن ــ دە؟

ــ تەقلىد دېگىنى دوراش دېگەن گەپقۇ؟ خەقنى دورىغۇچە مۇستەقىل ئىش قىلساڭ بولمامدۇ سەنمۇ؟ دوراپ يۈرۈپ نام چىقىراي دېدىڭمۇ، پۇل تاپاي دېدىڭمۇ؟ ... ھوي، قاچما! چاقچاق قىپ قويدۇم ...

مانا بۇلار ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپ، ئىل ــ ئاغىنىلەر ۋە تونۇش ــ بىلىشلەر بىلەن بولۇنغان پاراڭلار. بۇنداق گەپ ــ سۆزلەرگە ئەسلىدىنلا كۆنۈك بولغاچقا، بەزى سۆزلەرنى كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيمەن. لېكىن ئولتۇرغۇم كەلمەي، سىرتقا چىقىپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم. شۇڭا دەيمەن ــ دە، «يازمايمەن» دەپ. ئەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىپ قىچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك، ئۆلى ــ بۆلى دەپ، ھېكايىدە يوق بىر نېمىلەرنى دەپ باقىدىكەن بۇ خەق ...

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋاللىرى ئۇكام؟ ــ ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بىر مويسىپىت نەقلا ئالدىمغا كېلىپ، ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

ــ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ...

ــ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپتىكەنلا، خىياللىرىنى بۇزۇۋەتتىم ــ ھە؟

ــ ئۆزلىرىنىڭ تېنىمۇ سالامەت تۇردىما؟ ...

ــ سىلى مېنى تونۇمايلا، ئۇكام، مەن سىلىنى تونۇيمەن. خېلى بولدى يىراقتىن قاراپ تۇرغىلى، سالام بېرەي دەپ كەلدىم ... خاتالاشمىسام، سىلى «يېتىم چاڭگا» دېگەن ھېكايىنىڭ ئاپتورىغۇ دەيمەن؟

ــ شۇنداق. شۇ ھېكايىنى مەن يازغان.

ــ مۇشۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تەسىرلەنگىنىمدىن ئاپتورنىڭ قەلەم تۇتقان قولىنى سۆيۈپ قويغۇم كەلدى. مىللەتنى سۆيگەن ئادەم ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مائارىپىنى سۆيىدۇ. بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇ، بۇ ئەھۋال ھېكايىدا ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ. بولۇپمۇ ماۋزۇسى ناھايىتى ياخشى قويۇلغان. مائارىپىمىزدا قۇرۇق شوئار ناھايىتى كۆپ، مائارىپ ئۈچۈن مۇھىمى مائارىپقا بولغان ئېتىقاد لازىم ئىدى. بىزدە مانا مۇشۇ كەم. چەرىكلىك بولسىمۇ بولسۇن، مائارىپتا بولمىسا بولاتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ: «ئىلىم مەسىلىسى پەن مەسىلىسى، ئۇ قىلچىمۇ ساختىپەزلىك ۋە مەغرۇرلۇقنى كۆتۈرمەيدۇ» دېگەن.

ــ ئانچە ــ مۇنچە كىتاب ئوقۇپ تۇرۇدىكەنلا ــ دە؟

ــ ئانچە ــ مۇنچە ئەمەس، كۈنۈم كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتىدىغان ئادەممەن. مائارىپتا 30 يىل ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، كىتاب كۆرۈش خۇمارىم بوپقالدى. پۇل تاپسام كىتاب ئالىمەن ... لېكىن ئۇكام، دەۋرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ھەقىقىي كېسەلنى يازغان ئەسەرلەر ئاز. ئالايلى، مانا مۇشۇ بىنالار سېلىنغان يەرلەر ئىككى كەنتنىڭ ئاساسلىق تېرىلغۇ يەرلىرى ئىدى. قوينىڭ يېغىغا بەرگۈسىز چىلان تۇپراق دېسىلە. بىنا دېگەننى ئۈنۈمسىز يەرلەرگە، ياكى سايلىققا سالسىمۇ بولاتتى. يەر دېگەن دېھقاننىڭ جېنى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارغا مۇنچە يىللىق ھوسۇل ھەققى دەپ، كىچىككىنە دان چوقۇتۇپلا بولدى قىلسا، بىچارە دېھقانلار نېمە بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدۇ ئەمدى؟ ... مۇشۇلارنى يازسىلا، سىلىگە ئوخشاش ئادەملا بۇنى يازالايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتىگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ ...

بۇلارنى يازدۇقمۇ دەيلى، دەپ ئويلىدۇم ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، لېكىن ئۇنى كىم ئوقۇيدۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ھەل قىلىدىغانلار ئوقۇمدۇ؟ ئوقۇسىمۇ پەرۋايىغا ئالامدۇ؟ مانا، مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

«يېتىم چاڭگا» ناملىق ھېكايەمۇ، سۇغا چالما تاشلانسا «چولدۇك!» قىلىپلا سۇ يۈزىنى گاز ـ تولا داۋالغۇتۇپلا جىمىپ قالغاندەك، گاز ـ تولا داۋرىڭى بولۇپلا ژۇرنال يۈزىدە «يېتىم» پېتىچە قېلىۋەردى. ماگارىپنىڭ ئەھۋالىمۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» پېتىچە كېتىۋەردى. پايدىسى، بىر قېتىملىق خۇمارىمنى چىقىرىۋالغىنىم ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاشۇنداق خۇمارىم تۇتقاندا يېزىپ قالامدىم، بۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

4

ئەسەر يازمىغاندىن كېيىن، ئۆزۈم ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكرەك ئىشتىن قايسىنى قىلسام بولار؟ دېگەن خىيال بىلەنلا نەچچە ئون كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن. ھازىرمۇ مانا شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرسام ئىشىك چېكىلىپ قالدى. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ماۋۇ تام قوشنىمىز رەڭگىدە قان دىدارى يوق ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۆيگە باشلاپ كىردىم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ... ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

ـ قېنى، تۆرگە ئۆتسىلە. بىرەر كېلىشمەسلىك بولمىغاندۇ ـ ـ ھە؟ قارىسام، رەڭگىلىرى بىر قىسمىلا تۇرىدۇ.

ـ بىر ھاجەت بىلەن چىرىپتىم ...

ـ تارتىنماي دەۋەرسىلە، قوشنا ئادەم بولغاندىكىن قىينچىلىقتا ھە ـ ھۇ دېمىسەك بولمايدۇ ـ دە.

ـ ئەمدى شۇ ... ئىقتىسادنىڭ ئىشى دېسىلە. كىچىك ئوغلۇم ساقسىز بوپقېلىپ دوختۇرغا ئاپىرىپتىم، بۆرەكتە تاش بار، ئوپېراتسىيە قىلىمىز، دەرھال بەش مىڭ يۈەن تەييارلا، دەيدۇ. ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ئۈچ مىڭ يۈەن تەييارلىغان، ئىككى مىڭ يۈەن كېمەپ قالدى، سىلىنى بېرىپ تۇرامدىكى دەپ ... بولمىسا مەيلى، ئۆزۈڭغا قالماي قايتۇرۇپ بېرىمەن. بىزدەك ئەر ـ ئايال ئىشتىن قالغان ئادەملەرگە تەسكەن، دېسىلە.

ـ بولىدۇ، بولىدۇ. سىلىگۇ ئوگاي پۇل سورايدىغان ئادەملەردىن ئەمەس.

ساندۇقتىكى كىيىملەرنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ يۈرۈپ، مانا مۇشۇنداق بېشىمىزغا كۈن چۈشۈپ قالسا لازىم قىلارمەن، دەپ تېقىپ قويغان ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلدىن ئىككى مىڭ يۈەننى ئايرىپ ئېلىپ قوشنامغا بەردىم. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش كۆرۈنگەندەك قىلدى. ئالغىچە پۇلنى ئېلىپ: «رەھمەت» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۆلسىمۇ بىر كىشىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالدىغان ئىشنى قىلمايدىغان بۇ ئادەم، بالىسى ئۈچۈن تەبمۇتى يول قويمايدىغان ئىشنى قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم ئۆزى ئاغرىپ قالغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۇنداق سارغىيىپ قالدىغان ئىشنى مەڭگۈ قىلماس بولغىيتتى! بەزىلەرنىڭ كۆزىدىن ياش ئۇنداق ئوگاي چىققان بىلەن، مۇنداق خاراكتېردىكى ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش ئۇنداق ئوگاي چىقمايدۇ. دۇنيادا ئادەم ئۆز تەبىئىتىگە خىلاپ ئىشنى قىلىشتىنمۇ قىيىن ئىش بولمىسا كېرەك؟ ئەر ـ ئايال ئىشتىن قېلىپ، ئىككى بالىسىنى ئازغىنە تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا تايىنىپ بېقىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشنام گېپى قىممەت ئادەم ئىدى.

موخۇركىسىنى ئۈزمەي چېكىپ، ئىچىگە تىنىپلا يۈرەتتى. خۇشى تۇتسا مەن بىلەن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ قوياتتى. پاراڭنىڭ بېشىدىلا: «شۇنداق قىلىپ، ئىراق بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىشى زادى نېمە بولاپكەتتى؟»، «مۇشۇ ئىسرائىلىيە دېگىنىمۇ تازا جېدەلگە ئامراق نەرسىلىمۇ نېمە؟» دەپ قوياتتى. ئاندىن قايسىبىر يېزىدا دېھقانلارنىڭ يەر تېرىشقا ئامالسىز قالغانلىقى، قايسىبىر يېزىدىكى مەكتەپلەردە پۇل تاپىمىز دەپ ئوقۇشنى توختىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دېھقانچىلىققا سالغانلىقى، قايسىبىر دوختۇرخانىنىڭ ساق ئادەمنى كېسەل قىلىپ ئاندىن داۋالاپ پۇل تاپىدىغانلىقى، قايسىبىر جايدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كېچىسى چارلاشقا چىقىپ، كۈندۈزى دەرس ئۆتىدىغانلىقى، قايسىبىر كارخانىدىكى باش دىرېكتورنىڭ مەبلەغنى ئېلىپ قېچىپ، كارخانىدىكىلەرنىڭ ئىشتىن قالدۇرۇلغانلىقى ... دېگەندەك پاراڭلارنى قىلاتتى. مەن مۇشۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاش خاراكتېردىن بىرنى يارىتىپ ھېكايە يېزىشنىمۇ ئويلاپمۇ يۈرگەن تېخى ... بەزى دوختۇرخانىلار نېمە بوپكېتىۋاتىدىكىن مۇشۇ كۈنلەردە.

كىچىك ئوغلۇم ئالتە ئايلىق بولغاندا ئىچى سۈرۈپ قېلىپ، بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئەنسىرەپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق. دوختۇر ھېچقانچە تەكشۈرمەيلا: «مىڭ يۈەن تۆلەپ رەسمىيەت بېجىرىڭلار، بالىنى ياتاقتا ياتقۇزۇپ، كۆزىتىپ داۋالايمىز» دېۋىدى، بىز ئەنسىرەپ دەرھاللا رەسمىيەتنى بېجىردۇق. ئاندىن «بالىنى CT غا سالدۇرۇپ كېلىڭلار» دەيدۇ. «دوختۇر، بۇ سىز دەۋاتقان ماشىنىدا ئادەمنىڭ باش قىسمىنى تەكشۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغان، ئىچى سۈرۈپ قالغان بالىنى بۇنىڭدا تەكشۈرگىنى نېمىسى؟» دېسەم، «دوختۇر سىزمۇ ياكى بىزمۇ؟ بالىنىڭ باش قىسمى تازا نورمال ئەمەس، ھەممە ئەزاسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرىمىز» دەيدۇ. ئىچىمگە تېخىمۇ قورقۇنچ چۈشۈپ، دوختۇر نېمە دېسە شۇنىڭغا تەكشۈرتۈپ يۈرۈپ، بىر كۈندىلا يانچۇقتىن نەچچە مىڭ يۈەن چىقىپ كەتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندە بىچارە بالامنىڭ كېسىلى تولغاققا ئايلىنىپ بەكلا قىينىلىپ كەتتى. ئىككى ھەپتە بولغاندا دوختۇرخانىغا كېسەل يوقلاپ كىرگەن بىر تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. «ھاماقەتلىك قىپلا، ئىچى سۈرۈپ قالسىمۇ دوختۇرخانىغا ئەكىرگەن بارمۇ؟ ئىچىنى قاتۇرىدىغان نەرسىلەرنى بېرىپ، بىر ـ ئىككى كۈن كۆزىتىپ بېقىش كېرەك ئىدى. كۆرۈۋاتامسىز، ئاق خالات كىيىپ قىمىرلاپ يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى؟ پۇل تاپىمىز دەپ يۈرگەن ئادەملەر بۇ. ئوقۇمۇشلۇق بىر ئادەم تۇرۇپ ...» دېدى ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ. بالامنىڭ ئىچ سۈرۈشى توختاپ ئوبدانلا بوپقالغاچقا، شۇ كۈنلا دوختۇرخانىدىن ئەچىقىپ كەتتىم. لېكىن مۇشۇ كېسەل ئۈچۈن يانچۇقۇمدىن چىقىپ كەتكەن نەچچە مىڭ يۈەن ئۈچۈن كىمگە ھال ئېيتىمەن ئەمدى؟

ھېلىقى قوشنام پۇل قەرز ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئەتىسى خۇشھال ھالدا ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرسى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. «سەن باشقا بىر دوختۇرخانىغا تەكشۈرتۈپ باققىن، بۇ خەق پۇلنى كۆزلىگەن بولمىسۇن يەنە» دېگەنىكەن، باشقا

دوختۇرخانىغا تەكشۈرتسە، بالىنىڭ بۆرىكىدە تاش يوق بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇ تازا دېيىشمەكچى بوپتىكەن، باشقىلار ئۇنى توسۇپ «قۇرۇق ئاۋارە بولسەن، بۇ خەقنىڭ گېپى تولا، يا ماشىنىنىڭ كاشىلىسى دەيدۇ، يا بىر نېمە دەيدۇ» دەپ توسۇپ قويۇپتۇ. ئۇ بىردەم ئىراق بىلەن ئامېرىكىنىڭ پارىڭىنى سېلىپ، قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

بۇنداق ئەھۋاللارغا سۈكۈت قىلىش كېرەكمۇ؟ سۈكۈت قىلمايمەن دەپ مەن ئۆزگەرتەلەمدىم؟ پەقەت تەنقىدلەپ ئەسەر يېزىش قولۇمدىن كېلىدۇ شۇ. بۇرۇن تەنقىدلەپ يازغانلىرىم نېمىنى ئۆزگەرتەلىدى؟ پەقەت ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەپ يۈرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرۈيدىغان ساراڭغا ئوخشاپ قالدىم. گېپىم گەپ، ئەمدى يازمايمەن ...

نەچچە كۈن ئۆزۈمنى بىلەلمەيلا يۈردۈم. يۈرىكىمنى بىر نەرسە تاتىلايدۇ. ناھايىتى ئېنىق، يەنە كېسىلىم تۇتقاندى. بۇ كېسەلنىڭ شىپالىق دورىسى يەنىلا شۇ ئەسەر يېزىش. بۇ قېتىم چوقۇم ۋەدەمدە تۇرۇشنى ئويلىدىم. كېسەلگە شىپالىق ئىزدەپ، يېزىدىكى تاغاملىرىنىڭكىگە ماڭدىم. بىر ـ ئىككى كۈن يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى قانغۇچە سۈمۈرۈپ، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملىرى بىلەن ھال ـ مۇڭ بولسام، بەلكىم روھىم كۆتۈرۈلۈپ، شىپا تېپىپ قالسام ئەجەب ئەمەس. يېزىنىڭ ھاۋاسى، مەنزىرىسى، ئادەملىرى ئەجەبمۇ بەلەن بولىدۇ ـ ھە! زەڭگەر ئاسمان، ئاسمان تېگىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ياپيېشىل زىرائەتلەر، زىرائەتلەر ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەر تولۇقى بىلەنلا ئۆزۈڭگىلا تەۋەدەك ... قاچانلاردا شەھەر دېگەنگە كىرىپ قالغان بولغىيتتىم؟

يېزىدىكى تاغام بىلەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە بەكمۇ ئامراق ئىدۇق. مەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاندا ـ ساندا تۇرۇپ قالىدىغان چاغلىرىم ئەڭ كۆڭۈللۈك تويۇلاتتى ماڭا. تاغام تۈزۈك ئوقۇمىغان ئادەم بولسىمۇ ھەر ھالدا خەت ساۋاتى بار ئىدى. ئاندا ـ مۇندا كىتابلاردىن سۆز ئېچىپمۇ قوياتتى. ئۇ دائىم سالام ـ سەھەتتىن كېيىنلا: «ھېلىقى كىتاب دېگەننى يېزىپ تۇرۇۋاتقانسەن» دەپ قوياتتى. مانا ھازىرمۇ:

ـ ھە، شۇنداق قىلىپ، كىتاب دېگەننى يېزىپ تۇرۇۋاتقانسەن؟ ـ دېدى.

ـ ئەمدى يازمايدىغان بولدۇم، دېگىنە.

ـ نېمىشقا ھوي! بىرسى يول قويمىدىمۇ ـ يا؟

ـ ئۇنداققۇ ئەمەس، ئەمدى ... نېمە دېسەم بولار؟ مۇنداقچە دېسەم، يازغۇم كەلمەيدىغان بوپقالدى.

ـ بوشاپ كەتتىم، دېگىنە. سەن داداڭنى دورىمىدىڭ. سەن داداڭغا قارىغاندا كۆپ ئوقۇغان، كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان بولساڭمۇ، داداڭغا قارىغاندا بوشاڭراق چىقىپ قالدىڭ. رەھمەتلىك ئاكام بىر پارچە ئوت ئىدى دېگىنە، ئوت! بىز دېھقان خەقنى يازغان ھېلىقى كىتابىڭ بارغۇ، ئۇنى مەن دۇخاۋىغا يۆگەپ ساقلاۋاتىمەن. يۈز قېتىملاپ ئوقۇغاندىمەن. مەھەللە ـ كويدىكىلەرگىمۇ نۇرغۇن قېتىم ئوقۇپ بەرسەممۇ، يەنە ئوقۇپ بەر دەپ تۇرۇۋالىدۇ. خۇددى مېنى يازغاندەكلا يېزىپتىكەنسەن ئۇنى. يەنە ياز. ئادەم مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى ئوقۇپ تۇرسا، ھەرقانچە ئېغىر كۈنگە قالغاندىمۇ كۆڭلى خۇشھال ئۆتەمدىكى دەيمەن. ياز بالام، ياز. بىز ئۈچۈنمۇ سۆزلەپ تۇرىدىغان ئادەم چىقىپ تۇرسۇن.

ـ يازغانلىرىمنى ساڭا ئوخشاش ئادەملەر ئوقۇپ كۆڭلىنى خۇشھال قىلسۇن، دەپلا يازىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ كۆڭۈلۈڭنى غەش قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولسۇن، دەپ يازىدىغان گەپ.

ـ سېنىڭ يازغانلىرىڭ بىلەنلا بۇ جاھان ئۆزگىرىپ كېتىدىغانغا، سەن بىر پەيغەمبەرمىدىڭ ياكى ماۋجۇشىمىدىڭ؟ بىز خەقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، راستىنى سۆزلەپ يازالىغىنىڭ چوڭ ئىش ... ھۆكۈمەت بىزنى باي بولۇشقا چاقىرىۋاتسا، مۇشۇ يەرلىكتىكى بىر قىسىملىرىنىڭ مەقسىتىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم؟ بىز ئىشنى تۈزەپ ئاۋارە، بۇلار بۇزۇپ ئاۋارە. مۇشۇنداقلارنىڭ مەقسىتىنى يازغىنا، مەن بىر ئوقۇپ باقاي.

مۇنۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. بۇ يەردىمۇ ئارامچىلىق بولمىدى. بىر ھەپتە ئارام ئېلىشنى مۆلچەرلەپ كەلگەنىدىم، ئەتىسىلا كەشمنى توغرىلىدىم ... ئۆيگە بارغاندىن كېيىنمۇ كۆڭلۈمنى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا مەشغۇل قىلىپ باقتىم. ھاراق ـ تاماكا دېگەنلەرمۇ ۋاقىتلىق بولىدىكەن. بىر خىل ئارامسىزلىق ۋۇجۇدۇمنى بەكلا قىيناپ كەتتى، ئاخىرى بولالمىدىم. «مىدە قاراقچى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ھېكايىدىن بىرنى يازغاندىن كېيىن، «خۇمارىم» بېسىقىپ، ۋۇجۇدۇم ئارام تېپىپ قالدى. لېكىن ئۇنى ئەۋەتمىدىم. كېيىنچە، ئۇنى مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىش «خۇمارى» تۇتۇپ قالامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

لېكىن، «يازمايمەن» دېيىشىمنىڭ سەۋەبى يالغۇز بۇلا ئەمەس. ئەسەر دېگەن باشقىلارنى ئوقۇسۇن، دەپ يېزىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكى ئېنىقلا بىر گەپقۇ. لېكىن سەنئەت دېگەن سەنئەتتەك بولۇشى كېرەكقۇ؟ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي قىممىتى بار ئەسەرلەر خېرىدارسىز ياتقان. ماڭا، خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا تاۋى يوقتەكلا بىلىنىدۇ. ئۇنى دېمەي ـ بۇنى دېمەي، مەن يازمىلىرىمنىڭ پۈتكۈل تىرىشچانلىقىم بەدىلىگە سەنئەت ئېلېمېنتى بىلەن تويۇنۇشىنى خالايتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، يازماقچى بولغان بارلىق ھېكايىلىرىمدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلا ھېكايە يېزىشنى خالايتتىم. مۇشۇنداق بولغاندا تازا خۇمارىم چىققاندەكلا بىلىنىدۇ. بۇنداق «توپ باھادىكى مال»نى خەلقنىڭ ئىستېمال قىلغۇسى يوق، دەپ ئويلىدىممۇ، ياكى قۇربىم يەتمىدىمۇ، «پارچىلاپ» يېزىپمۇ باقتىم. بىرسى بىر نېمە دەپ تەھلىل قىلىۋاتقان، يەنە بىرسى بىر نېمە دەپ تەھلىل قىلىۋاتقان. كاللا دېسە، پاقالچاق، دەۋاتقان. يازغۇچىغا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئىشمۇ بولۇپ تۇرىدۇ تېخى. لېكىن مەن ھەممە گەپنى ئۆز ئەينى بويىچە دەپ بېرىدىغان ئەدەبىي ئاخباراتچى ئەمەستە؟

يەنە بىر سەۋەب، بىزگە ئوخشاش يازىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغانلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، «تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش ئەمەس» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىسەك مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇنداق ئوخشىماسلىق ھەر خىل

بولىسىمۇ، مەن ھازىر قىسمەنلىرى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بېرەي.

«ھەممە ئىشنى موللا بىلۇر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيۇر» دەپ پاراڭ قىلىشىدۇ كىشىلەر. بۇنداقلارنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي ئەسەرلەرنى ئوقۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. ئادىمىلىك توغرىسىدا شۇنداق تەسىرلىك نېمىلەرنى يېزىشىدۇ، ئۆزىگە قارىسا باشقىچە، مۇشۇنىڭغا قاراپ مۇشۇ ئەدەبىي ئەسەر دېگەننى ئوقۇغۇسىمۇ كەلمەيدۇ ئادەمنىڭ ... بىر ھېسابتا يازغۇچى دېگەنمۇ ئادەم، ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالامۇ يۇقىرى ئۆلچەم قويمىسا بولاتتى، دېگۈم كېلىدۇ. لېكىن بەزىلەرگە قاراپ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ كىشى. بىرەر يەردە بىر نېمە يوقالسا، شۇ يەردىكى قولى ئەگرىرەك بىرسىدىن ھەممىسى گۇمان قىلىدىغان گەپ. مانا مۇشۇنداق گۇمان ئوبيېكتىنىڭ بەزىلىرى «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، ئېنىق بولمىغان بۇ ئوغرىنى ئەيىبلەپ ھەممىدىن بەك سۆزلەيدىكەن. مەن مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان بىر باشلىقىنى تونۇيتتۇم. بۇ ئادەم بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە شېئىر، ھېكايە دېگەننى يېزىپ باققانىكەن. مۇشۇ كەسىپنى پەشتاق قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان ئادەملەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ خىلىدىن بولسا كېرەك، ئىدارە باشلىقى بولغاندىن كېيىن مەقسىتىگە يېتىپ يازماس بولغانمۇ ياكى خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىدىن چولىسى تەگمىگەنمۇ، يازماس بوپقاپتىكەن. يېقىندا مۇشۇ ئادەمنىڭ نامىدىكى بىر ئەسەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئىسمى ئوخشايدىغان بىرسىنىڭ بولسا كېرەك، دەپ ئانچە كۆڭۈلشمەپتىمەن. بىر كۈنى كوچىدا خىيالىي كېتىپ باراتتىم، بىرسىنىڭ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ـ دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ھېلىقى ئىدارە باشلىقى ئالدىمدا ھىجىيىپ تۇرىدۇ. مەن ئەزەلدىن بۇ باشلىقنىڭ چىشىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئوخشاتقان بولسام كېرەك، دەپ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. «مىدە قاراقچى» دېگەن ھېكايەمگە مۇشۇ باشلىقنىڭ ئۆزۈم ئاڭلىغان بەزىبىر چىرىك قىلمىشلىرىنى يازغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. بىزدەك ئىلىم ـ بىلىمنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا قالغان ئادەملەرگە نەزەر ـ كۆزىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغان بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ بۈگۈن؟ بىرەر نەرسە يازغۇزماقچىمىدۇ يا؟ ...

ـ تونۇيالمايۋاتامسىز نېمە؟ ئالىيجانابلار ئۇنتۇغاق كېلىدۇ، دەپ ...

ـ تونۇشىنغۇ تونۇدۇم، مېنى خاتا تونۇپ قالدىمىكى، دەپ ...

ـ سىلىدەك يازغۇچىنى قانداقمۇ خاتا تونۇي؟ بىزمۇ ئەمدى ئوقۇرمىزنى تېپىۋالدۇق، دەڭە. بۇرۇن خىزمەت ئالدىراشلىقىدا يازالماپتىكەنمىز. ئەمدى دەم ئېلىشقا چىققانىڭىزى يازىدىغان بوپقالدىم. ئوبدانلا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئىشكەن ئەمەسمۇ بۇ ... ھېلىقى «بارسا كەلمەس يول» دېگەن پوۋېستىمنى كۆرۈپ باقلىما؟ قانداقراق بوپتۇ؟

ـ شۇنداق، ئوبدانلا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ قويىدىغان ئىش بۇ ... ھە، ھېلىقى پوۋېستلىرىنى كۆرگىدەك بولمىدۇم، خودايىم بۇيرۇسا چوقۇم كۆرۈمەن.

ـ ئانچە ـ مۇنچە ئەھۋاللىشىپ تۇرىلى، خودايىم بۇيرۇسا سىلىگە چاي قۇيىدىغان ئويۇم بار. بۇ قوشۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چېيىنى بەرمىسەم بولماس ...

بىر چاغلاردا چاي قۇيۇپ پۇستانى ئىشىمنى ھەل قىلىۋالسام، دەپمۇ دىدارلىشالمايدىغان بۇ ئادەم، ئەمدى ماڭا چاي قۇيماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەتبۇئاتقا ئەۋەتىشنى ئويلىشىپ باقمىغان ھېلىقى «مىدە قاراقچى» دېگەن ھېكايەمگە مۇشۇ سۆھبىتىنىمۇ كىرگۈزۈپ قويسام بولغۇدەك ... دېگەنلەرنى ئويلىغاچ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ئۆيگە قايتىپ بېرىپ بۇ پوۋېستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ تىلىنى ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى بولمىسىمۇ، ئىپادىلىگەن تۇرمۇشنى ئوقۇپ ھەيرانلا قالدىم. چىرىكلىكنىڭ جەمئىيەتتە ئېغىر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىقلا بىر ئىش. چىرىكلەشكەنلەرنىڭ ئەقلى ـ قابىلىيىتىنىڭ بۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. «تۇرمۇشنى چىن ئىپادىلەي دېسەڭ، ئۆز بېشىڭدىن كەچۈرۈپ باق» دېگەن سۆزگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم. لېكىن بۇ ئادەم ئەسىرىنى قىلمىشىغا توۋا قىلىپ يازغانمىدۇ ياكى ئوغرىلار ئوغرىلىقنى تەنقىدلەپ، پاھىشىۋازلار پاھىشىۋازلىقنى تەنقىدلەپ يازىدىغان نەرسە بۇ يازغۇچىلىق دېگەن، دەپ ئويلىمىدىغاندۇ؟ بۇ پوۋېستنىڭ كەيپىياتىدىغۇ چىرىكلىكنى مەدھىيىلەيدىغان ھېسسىيات يوق، بولمىسا.


شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزۈمدىن خۇدۇك ئېلىپ يۈرۈيدىغان بوپقالدىم. ئوغرىلارنى قامچىلاپ يازسام، ئاپتورى ئوغرى ئوخشايدۇ؛ مۇناپىقلىق، ۋىجدانسىزلىق، خۇمسىلىق، ۋاپاسىزلىق، ئىككىيۈزلىمىلىك، پاھىشىۋازلىق ... دېگەندەك ئىللەتلەرنى قامچىلاپ يازسام، باشقىلار ئۆزى شۇنداق نەرسە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ، دەپ گۇمانلاندىممۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

مانا، ھېكايە يازماسلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەيمەن، دەپ ئەدەبىي ئاخباراتقىمۇ، خاراكتېرى ھېكايىگىمۇ ئوخشايدىغان بىر نەرسە پۈتۈپ قاپتۇ. بۇنى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتەمدىم، ئەۋەتمىدىم، بۇنىسى قاراڭغۇ. يازماسلىقىمنىڭ يۇقىرىقى سەۋەبلىرى توغرىسىدا كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاللام ئايدىڭلىشىپ قالسا، يازىدىغان بوپقالامدىم، بۇمۇ نامەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېلىقىدەك كونا كېسەل تۇتقان چاغلاردا يېزىشتىن باشقا شىپالىق دورىمۇ يوق.

2003 ـ يىل دېكابىر، شەھىرى قەشقەر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# كۆپۈك

(ھېكايە)

ئەنۋەر ھوشۇر

ئىدارە باشلىقىنىڭ خىزمەت تەكشۈرگىلى كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ناھىيىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ خىلۋەت مەكتەپنى بىردىنلا ئۆرە - تۆپە قىلىۋەتتى. ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان ئۇزۇن - قىسقا كىيىملەرنى كىيىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن مەكتەپكە كېلىشكەن بالىلار ئەتىگەنلىك گىمناستىكىسىنىمۇ ئوينىماي سۇپۇرگە - چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئالدىراش تازىلىققا كىرىشىپ كەتتى. «توك جىق كېتىدۇ» دەپ ئۇ ئايدىن بۇ ئايغىچە قويۇپ بېرىلمەيدىغان رادىئو كانىيىمۇ بىردىنلا زۇۋانغا كىرىپ، تېكىستىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئالتاغىل ناخشىلارغا كاركىرىغىنىچە، ئۇنىڭسىزمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، توپا - توزان دەستىدىن تۇرغۇسىز بوپكەتكەن مەكتەپ قورۇسىدا ئۇماچ قاينىتىۋەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىشخانىلارنى تازىلاش، يۇقىرىدىن بىرەر مېھمان كەلمىگىچە قولۇپى ئېچىلمايدىغان كىرىسلولۇق ئىشخانىنى «يەرلىك مەھسۇلاتلار» بىلەن تولدۇرۇش، ھازىرغىچە مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرىشقا بالا ئەۋەتىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىر قولىنى ئىككى قىلالماي چېپىشىپ يۈرۈشەتتى.

شۇ ۋاقىتتا يەنە مەكتەپ قورۇسىغا يانداش سېلىنغان كاسسىرنىڭ ئازادە ھويلىسىدا كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن قارا پاقلان ئېچىنىشلىق مەرىگىنىچە پۇت ئېتىۋاتاتتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باغلاپ قويۇلغان بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىككى ئوغلاق، ئۆزىدىن بۇرۇن ئەجەل يەتكەن قارا پاقلاننىڭ بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان، پۇرۇكىدىن پىتقىشىپ ئېقىۋاتقان سۇيۇق پوققا قارىغىنىچە دىر - دىر تىترىشىپ، غايىبتىن بىرەر قۇتقۇزغۇچى كېلىپ قالىدىغاندەك ھەر تەرەپكە بويۇندايتتى. مەخسۇس ياسالغان يۆتكەلمە تونۇرغا نىقتاپ دۈۋىلەنگەن قۇرۇق يۇلغۇندىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى چاراسلاپ، قىپقىزىل تىللىرىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ، ئۇنىڭسىزمۇ قورقىنىدىن بىر - بىرىنىڭ تېرىسىگە كىرىپ كەتكۇدەك بولغان بىتەلەي ئوغلاقلارنىڭ يۈرىكىنى سۇ قىلىۋەتكەنىدى...

ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، ھەممىگە گۇمان نەزىرى بىلەن قارايدىغان كەسپىي كېسەلنىڭ ۋەسۋەسىسىدە يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقان مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ بىلەن مەكتەپكە يانداپ سېلىنغان كاسسىرنىڭ ھويلىسىدا بۆزچىنىڭ موكىسىدەك قاتراپ، كەچ قالغان بازارچىدەك پالاقشىپ يۈرگەن «مۇلازىم»لارنى «سوئال - سوراق»قا تارتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

- نېمە؟ «تېچۇ» ئەكەلدىم، دېدىڭما؟! بۇ قانداق قىلغىنىڭ؟ ئىناۋەتنى پوق قىلاي دەپسەن - دە؟! بۈگۈن كېلىدىغان مېھمان كىم،

بىلەمسەن؟ بايا ئاڭلىمىغان بولساڭ، يەنە بىر دەپ بېرەي، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا: بىر چوڭ ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۇ! سېنىڭ، مېنىڭ، پۈتكۈل ناھىيىدىكى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەپەندىنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كاتتا زات. ئۇ شۇنداق باش چايقىدىمۇ، بولدى، ماڭمۇ، ساڭمۇ ياخشى كۈن يوق، ئەمدى ئۇققانسەن؟!

— ئۇقتۇم.

— ئۇققان بولساڭ، ماۋۇ بىر نېمەڭنى دەرھال كۆزۈمدىن يوقىتىپ، ئالىيسىنى، ھېلىقى نېمىتى؟ ھە... «داپ»، توغرا، «داپ» ماركىلىق ئالىي ھاراققا ئالماشتۇرۇپ كەل! بۇنداق سېسىق نېمەڭنى ھازىر كوچىدىكى پىيەنچۈكىلەرلا ئىچىدۇ.

— ياسىن تېكىننىڭ دۇكىنىدىكى ھاراقلارنىڭ ئەڭ ئالىيسى مۇشۇكەن، باشقىلىرى...

— ياسىن تېكىننىڭ دۇكىنىدىن باشقا يەردە ھاراق ساتمامدىكەن؟ ھازىر جاھاندا نېمە تولا؟ ھاراق بىلەن تاماكا! ماڭ، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماي، باشقىلىرىغا بېرىپ باق. ئۇ يەرلەردە بولمىسا، يېزا بازىرىغا بار. ھازىر يېزىنىڭ شۇجى ـ شياڭجاڭلىرى خاس «داپ» ئىچىدۇ، شۇ يەردىن تاپالايسەن. تاماكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالما!

— ماقۇل.

— كاسسىر!

— خوش.

— بېلىقنىڭ ئىشى قانداق بولدى!

— ئەزان تۈۋلىماستا، تورغاي چۇچۇلىماستا بېلىق كۆلچىكىدىكىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، ئابلا پوكان ئۆزى چېقىپ پىشۇرۇپ بېرىدىغان بولدى، ھازىر كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالدى ئۇنىڭ.

— شۇنداقتىمۇ ئايىغى چاققانراق بىرسىنى موتو بىلەن ئالدىغا كىرگۈزۈڭ! جاھاندا بىرى خوتۇن كىشىگە، يەنە بىرى بەڭگىگە ئىشەنچ قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئىت يوق يېمەستە مەست بولۇۋېلىپ، ئادەمنى يەرگە قارىتىدىغان ئىش بوپقالمىسۇن يەنە؟!

— ماقۇل، ھازىرلا بىرسىنى كىرگۈزەي.

...

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇنداق تېپىرلاپ كېتىشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى: بۈگۈن خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلمەكچى بولغان ئىدارە باشلىقى تېخى ھەپتە بۇرۇن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى مائارىپ ئىدارىسىدىكى «قۇلاق»لىرىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن سىرت، تېخى دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. «قۇلاق»نىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرقى باشلىق ئاساسىي قاتلامدىن ـ كەنت سېكرېتارلىقىدىن ئۆسكەن بولۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومى بولغىنى بىلەن تولۇق ساۋاتىمۇ يوق ئىكەن. لېكىن «قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان ئىگىسى ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ ساۋاتى بوشراق بولغىنى بىلەن كاتتا ناتىق ئىكەن. يۇقىرىدىن يىگىرمە تۈرلۈك ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلسا، خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ يىغىندا بىرەر قۇرمۇ خەت جىجىلانمىغان يانچۇق خاتىرىسىگە پات ـ پات قاراپ قويۇپ، شۇ يىگىرمە تۈرلۈك ئىشنىڭ رەت تەرتىپىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، بىرمۇبىر يەتكۈزۈپ، ئورۇنلاشتۇرالايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنىڭ ئىجراسىنى دېگەن مۆھلەتتە سۈرۈشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلەرگە ئادەم بار ـ يوق دېمەي تىل سېلىپ، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ، تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇپ، سوغا چۈشۈپ كەتكەن كېسەلمەن ئىتتەك سالپايتىۋېتىپ، ئاندىن بولدى قىلىدىكەن. شۇڭا قول ئاستىدىكىلەر ئۇ ئىش تاپشۇرۇپلا قالسا، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئاۋۋال بېجىرىۋېتىپ ئالدىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئىشىغا تۇتۇش قىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇ يىلمۇيىل ئۆسۈپ، ئاۋۋال پونكىت باشلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن سوغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، يېزا باشلىقى بولۇپ دەۋر سۈرۈپتۇ. مانا ئەمدى مەكتەپتىمۇ تولۇق ئوقۇمىغان بۇ مەنسەپدار مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ.

«قۇلاق» نىڭ تەڭ كېچىدە تېلېفوندا يەتكۈزگەن بۇ «ئاخباراتى»نى ئاڭلاۋېتىپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ، ئاغرىشقا باشلىغان چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. خۇددى ھېلىلا بىرسى كېلىپ، مىڭ تەستە ئېرىشكەن مۇدىرلىق ئورنىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغاندەك ئارامسىزلىنىپ، چوغقا دەسسىۋالغان ئادەمدەك ئورنىدا تۇرالماي قالدى. چۈنكى بۇنداق قارام ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا ـ قازانىڭ كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەشقولدەك ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زاماندا كونا باشلىقنىڭ تاۋىقىدا ئاش يەيدىغان يېڭى باشلىقلار ئاز ئىدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ، شۇ قاراملىقى بىلەن كۆزىنى يۇمۇپلا ئۆزى ئۈچۈن ئەرزىمەس، مەكتەپ مۇدىرى ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان بۇ تاجغا قولىنى سوزۇپلا قالسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كاللىسىدا بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار يۈت تېپىشىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە «قۇلاق» ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى: ئىدارە باشلىقى ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن ئويۇن ـ تاماشىدىن قالمايدىغان، سەتەڭلەردىن يانمايدىغان ئادەممىش. ئۇ دائىم: «خىزمەتنىمۇ ئىشلەش، ئويۇننىمۇ ئويناش لازىم. ئويناشنى بىلمىگەن ئادەم خىزمەتنىمۇ قىلالمايدۇ» دەپ كۈندۈزى مىختەك قادىلىپ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسا، كېچىسى بىر نەچچە يېقىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەرمىش... بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەكتەپ مۇدىرى بىردىنلا جانلىنىپ زۇۋانغا كىردى:

— مۇن... داق دەڭ، دېمەك...

ئۇلار ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك پاراڭلاشتى. خوشلىشىدىغان چاغدا، مەكتەپ مۇدىرى «قۇلاق»قا ھېيتلىق «كۆك قوچقار»نى ئوبدان بورداۋاتقانلىقىنى، ئۈچ مو يەرگە تېرىپ قويغان كېۋەزنىڭ بولۇق ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، يېقىندا كۆكىنى سېتىپ، پۇلىنى ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئىدارىدىكى يېڭىلىقلاردىن يەنە داۋاملىق خەۋەر بېرىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماسلىقىنى تاپىلاپ تروپكىنى قويدى. ئارقىدىنلا مەكتەپتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ـ كاسسىرنى چاقىرتىپ، كېچىچە ئەتىكى كۈتۈۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشتى.

ئوقۇغۇچىلار سىنىپ، مەيدان، يول، ئېرىقلارنى تازىلاش، سۇ چېچىپ قاتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئىشلارنى بىر قۇر ئىزىغا سېلىپ، قولى بوشىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىككى ـ ئۈچتىن غۇجمەكلىشىپ پاراڭغا چۈشكەنىدى:

www.uyghurkitap.com

ـ خۇدايىم سەلەي توگدىنمۇ قۇتۇلدۇردى، ـ دېدى 36 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا 12 مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۈچ يىلدىن بېرى مۇشۇ مەكتەپتە يەرلىشىپ قالغان مەتتۇرسۇن مۇئەللىم موخۇركىسىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى نەمدەپ تۈزەشتۈرگەچ، ـ مەن بىلىپ، مائارىپ ئىدارىسىدا سەككىز باشلىق ئالماشتى. تۇردى ئەھمەت جۇجاگدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى باشقا ساھەدىن بولۇپ، مائارىپنى قىلچىلىك چۈشەنمەيتتى. «مۇشۇكنى ھارۋىغا قاتساڭ، كارىۋات ئاستىغا سۆرەپتۇ» دېگەندەك، ھەممىسى ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى جاق تويغۇزغانىدى. ھەدېسە، «پۇل تاپىمىز» دەپ كۆنلەپ، ھەپتىلەپ ئېتىزدا يۈرگەچكە، نۇرغۇن بالىنىڭ بەشىنچى سىنىپتىمۇ تولۇق ساۋاتى چىقىپ بولالمىغان. شۇ بالىلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. يولدا ئۇچراپ قالسا، خىجىلچىلىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن. لېكىن بىزدىمۇ نېمە ئامال؟

ـ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلماي، خۇش بولسىلا بولىدۇ، مەتتۇرسۇنكا، ـ دېدى بۇدۇر چاچلىق يىگىت ئۇنىڭ موخۇركىسىغا قول سوزغاچ، ـ سەلەي توگمۇ ھارۋىنى كارىۋات ئاستىغا سۆرەۋېرىپ ئاخىر قۇرۇق ئۇستەڭگە مىراپ بوپتۇ. ھازىر ھۆكۈمەت ساپا مائارىپىنى يولغا قويىمىز، دەۋاتىدۇ. ئۇنى يولغا قويۇش پەقەت ساپالىق باشلىقلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۈگۈن كېلىدىغان ئىدارە باشلىقى خۇددى سىلى تولا گېپىنى قىلىدىغان تۇردى ئەھمەت جۇجاگدەك مائارىپنى چۈشىنىدىغان بەلەن ئادەمدۇ.

ـ ئاغزىڭىزغا ناۋات، ئۇكام. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ردا ئۆمرۈمنى بەرسە، پېنسىيىگە يازغان ئىلتىماسىمنى قايتۇرۇۋېلىپ، نە بەش يىل ئىشلەيتتىم...

يىراقتىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھايال ئۆتمەي مەكتەپ ئالدىدىكى ئوق يولدا ئۇزۇن ماشىنا توپى پەيدا بولدى. دەرسى بار ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى سىنىپقا ھەيدىدى. باشقىلار مۇدىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئىلگىرى ـ كېيىن پىكاپ ـ مىنىبۇسلاردىن چۈشكەن مېھمانلاردىن تىنچلىق سوراشتى.

ـ بۇ كىشى مەكتەپنىڭ مۇدىرى توختى قۇربان شياۋجاڭ بولىدۇ، ـ دەپ تونۇشتۇردى كوسا چىراي بىر كىشى پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدىن چۈشۈپ، ئۈيۈشۈپ قالغان پۇتىنى سىلكىۋاتقان سالاپەتلىك كىشىگە كىم بىلەن ئاۋۋال كۆرۈشۈشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان مەكتەپ مۇدىرىنى كۆرسىتىپ، ـ تەجرىبىلىك شياۋجاڭ، توققۇز يىلدىن بېرى مۇشۇ مەكتەپتە...

ـ ھىم، ـ دېدى ئىدارە باشلىقى مەكتەپ مۇدىرىغا شۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ، ـ نام ـ شەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمىتىمىزنى قوللاپ، كۆپرەك يول كۆرسىتىپ تۇرارلا.

ـ خىزمەتلىرىدە بولۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز، لېكىن سىلىگە يول كۆرسىتىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، بىز سىلى كۆرسەتكەن يولدا ماڭىمىز.

ئىككى جۈپ كۆز بىر ـ بىرىگە سىرلىق بېقىشىشتى.

ـ قېنى، مەرھەمەت.

ئىدارە باشلىقىنىڭ قەدەم ئېلىشى بىلەن بىر توپ كىشى مەكتەپكە قاراپ ئاقتى. ئىدارە باشلىقى مەكتەپنى بىر قۇر ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن تازىلىق، كۆكەرتىش ئىشلىرىدىن رازى بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ھەمدە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «يول جاپاسى يامان، ھېرىپ ـ ئۇسساپ كەتتىلە، بىر پىيالە چاي ئىچىپ، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىۋالسىلا» دېگىنىگە قارىماي، «چاينى كېيىنچە جىق ئىچىشىۋالىمىز تېخى، ھازىر سىنىپلارغا كىرىپ ئارىلاپ چىقايلى»، دەپ چەتتىكى بىر سىنىپقا كىردى. بىر توپ ئادەمنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مەنىلىك قاراپ قويۇشى بىلەن ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

ـ ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار! ـ دېدى ئىدارە باشلىقى خۇش بولۇپ، ـ كىتابىڭلارنى ئوقۇۋېرىڭلار.

ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇپ كىتابلىرىنى ۋاراقلاشتى. ئىدارە باشلىقى مەكتەپ مۇدىرىدىن بىر نېمىلەرنى سورىغاچ سىنىپ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ خۇشخەتچىلەپ يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرغا كەلگەندە تۇرۇپلا قالدى:

ئىلىم ـ پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كۆكرەك كېرىپ، تەدبىر ـ ئەقىل تاپقاننىڭكى.
پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ ـ زەبۇن ياشىماق، تەرسا ـ تەتۈر ناداننىڭكى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي

ئىدارە باشلىقى دوسكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، بىر نېمىلەرنى ھەجەپ خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

ـ ئەجەب بەلەن يېزىپتا ما شېئىرنى، بىزنىڭ ناھىيىدىنمۇ شائىر چىقىپتۇ مانا، ـ ئىدارە باشلىقى مەكتەپ مۇدىرىغا يۈزلەندى، ـ بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەپلا، ھەقىقىي ساپا مائارىپى دېگەن مانا مۇشۇ. دوسكىدىكى ئاۋۇ شېئىرنى يازغان ئابدۇخالىق دېگىنى قايسى بالا ئۇ؟

سىنىپ ئىچىنى چۈۋىن ئۇچسا ئاۋازىنى ئاڭلىغۇدەك جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، بۇتتەك قېتىپ قېلىشقانىدى.

ـ ئابدۇخالىق دېگەن بالا قايسى؟

ئىدارە باشلىقى مەكتەپ مۇدىرىغا بۇرۇلۇپ سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى.

ـ بۇ... بۇ... مەنمۇ... ـ مەكتەپ مۇدىرى دەرس ئوقۇتقۇچىسىغا گۈلەيدى:

ـ جۇجاڭنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، قاراپ تۇرۇۋسىزغۇ؟!

دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىگە قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ مىختەك قادىلىپ تۇرغان، قارىماققا تولىمۇ كۆرەك، ئىچكىرىلەپ قارىسا بەكمۇ بىچارە ئىككى جۈپ كۆزگە تىكىلدى. نېمىشقىدۇر مۇئەللىمنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، نەملەشكەن بولۇپ، بوغۇزى تېنىمسىز لىكىلدايتتى. لېكىن، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاۋازى چىقمايتتى. مېنىڭچە، ئاۋازىنىڭ چىقمىغىنى ـ جاۋابىنىڭ بېرىلمىگىنى توغرا ئىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئېرادا قىلغىلى ئىش، دېگىلى گەپ تاپالمىغاندەك ئېغىز ئۈپىرىتىپ، جاۋاب بېرىپ يۈرگىدەك سوئالمۇ ئەمەس ئىدى.

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

# ئادەم ۋە هايۋانات



### ئادەم ۋە مايمۇن

ئادەم مايمۇندىن: «سەن مېنىڭ ئەجدادىم، شۇڭا سەن دەرەختىن چۈشۈپ بىزگە ئوخشاش تىك ـ رۇس ماڭساڭ، ئاندىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىسەن» دەپتىكەن، مايمۇن مەسخىرىلىك كۈلۈپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «سىلەرگە ئوخشاش ماڭمەنمۇ؟ شۇنداق، سىلەر يول ماڭغاندا قەددىڭلارنى تىك تۇتۇپ ماڭىسىلەر. بىراق ھەقىقىي تىك ـ رۇس ماڭىدىغىنىڭلار زادى قانچىلىك؟ ئادىيسى، ئۆزۈڭگە بىر قارىغىنچۇ؟ باشلىقىڭنىڭ ئالدىدا كۈن بويى پۈكلىنىپ، خۇشامەتتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىسەن، شۇ ھالىڭغا تېخى ماڭا تەربىيە بېرىۋاتامسەن!»

### ئادەم ۋە جىگدىچى

ئادەم جىگدىچىنى تەنقىدلەپ مۇنداق دەپتۇ:

ـ سەن بىر قانچە تال گۆرۈچ ئۈچۈن ئۆز تىلىڭغا ساتقىنلىق قىلىسەن. بۇ نېمدېگەن ئىزا ـ ئاھانەتلىك، پەسكەش تۇرمۇش ـ ھە!

ـ ئۇنداقتا، ھۆرمەتلىك ئادەم، باشقىلار نېمە دېسە شۇنى قىلىشنى، دورامچىلىق، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنى كىم پەيدا قىلغان؟ ـ دەپتۇ جىگدىچى مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

## ئاچچىق كۈلكىلەر

### ئادەم ۋە قوي

ئادەم ناھايىتى نۇرغۇن قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىپ سېتىپ قالتىس باي بوپكېتىپتۇ. قىش كىرگەندە ئادەم ئازراق قوي يۇڭى بىلەن ئۇن قۇر قوي يېپىنچىسى تىكتۈرۈپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى مۇخبىرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆز قولى بىلەن بۇ ئۇن قۇر قوي يېپىنچىسىنى توڭلاپ كەتكەن ئون تۇياق قوينىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپتۇ. تېلېۋىزوردىن بۇنى كۆرگەن قويلار: «ئادەم ھەقىقەتەن مېھرىبان ئىكەن» دېيىشىپتۇ تەسىرلەنگەنلىكتىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ.

### ئادەم ۋە ئىت

ئادەم ئىككى ئىتنىڭ بىر پارچە سۆڭەك ئۈچۈن قاتتىق تالىشىپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ ھەسرەتلىنىپ:

ـ سىلەر ئوخشاش ھايۋان تۇرۇپ بىر پارچە سۆڭەك ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىشىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ئادەمنىڭ سۆزى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا يەردىكى سۆڭەك بىردىنلا پارقىراپ تۇرغان بىر پارچە ئالتۇنغا ئايلىنىپتىكەن، بىر قانچە ئادەم ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئالتۇنغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بۇ قېتىم بىر ياندا تۇرۇپ قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈش نۆۋىتى ئىتلارغا كەپتۇ.

---

بۇ مەسىلەر «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان. **ئايگۈل ئىسمائىل** تەرجىمىسى (تەرجىمان: بۈگۈر ناھىيە قاراباغ يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# روھ قىرغاقلىرىنى بويلاپ...

يۇسۇپجان سەمەت ئەفىفى

روھنىڭ پايانى يوقتۇر. ئۇ چەكسىزلىكتە بەئەينى تەبىئەتكە ئوخشايدۇ. كائىناتتا سانسىزلىغان تۈر بولغىنىدەك، روھىيەتتىمۇ ساناقسىز روھىي ھالەت بولىدۇ. بىز خۇددى ئوخشاش ئىككى تاشنى تاپالمىغىنىمىزدەكلا، روھىي ھالىتى، روھىي كەيپىياتى ئوخشاش ئىككى ئادەمنى تارىختىن بىرى ئۇچراتمىدۇق.

تەبىئەت ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ياكى بىيىقىم قىياپىتى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلسا، روھ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئەمەلىي ھاياتى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزىنى بېزەپ، ئاۋات قىلىشى، ھېچ بولمىغاندا بۇزماسلىقىنى ئۈمىد قىلغاندەكلا، روھىيەتمۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت رەزىللىكلىرىگە بىراۋا قىياپىتىنى پاك ساقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما ئوبيېكتىپ رېئاللىق گۈزەل تەبىئەتنى بۇزۇشقا يۈزلەنگەندەكلا، بىزنىڭ پاك روھىمىز تۇرمۇشىمىزدىكى نامەلۇم ئىش ـ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەپسەندە قىلىنىدۇ.

تەبىئەت ئېچىرقايدۇ، ئۇنىڭ يېشىل، غەيرىي يېشىل قىياپىتى سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەرگە موھتاج بولىدۇ؛ روھمۇ ئېچىرقايدۇ، ئۇمۇ ئۆز ۋۇجۇدىيىتىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئەقىلگە، تەبىئەتكە ـ تەبىئىيلىككە، ئىشقىلىپ ھەممە نېمىگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ئەقىل ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەق نوپۇزى ئارقىلىق روھىيەتنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ ياكى ئىنساننىڭ پاك روھنى بۇلغاپ قويىدۇ.

تەبىئەت چۆللىشىش، قۇرغاقلىشىشقا قاراپ ماڭغاندەك، بىزنىڭ روھىمىزمۇ قۇرغاقلىشىشقا قاراپ ماڭماقتا. ئۇ گويا بىر نەرسىگە ئىنتىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئىنسان ئۇسسايدۇ، سۇ ئۇنى قاندۇرالمايدۇ؛ ئۇ مۇزلايدۇ، ئوت ئۇنى ئىللىتالمايدۇ؛ ئۇ كۈلىدۇ، كۈلكىسى ئۇزۇنغا بارمايدۇ... ئىنسان ئۆز روھىيىتىدە بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە موھتاج بولىدۇ. نىھايەتكى، ئۇ بۇ موھتاجلىق تەڭقىسلىقىدا ئىنسانىي، غەيرىي ئىنسانىي قىلمىشلار ئارىسىدا تېڭىرقايدۇ. جەمئىيەتنى، تەبىئەتنى تۈزەيمەن دەيدىغانلار، ئالدى بىلەن روھىيەتنى چۈشىنىشى ۋە تۈزىشى كېرەك.

ۋۇجۇدىمىز تارچۇق يوللار، ئېگىز بىنالاردىكى تار ئۆيلەردە قىسىلىش ئىلكىدە؛ روھىيىتىمىز تۈمەن خىل ئىدىيىۋى يوللار ۋە كۆز قاراشلار ئارىسىدا قىسىلىش ئىلكىدە. روھنىڭ ئېچىرقىشى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئېچىرقىشىدۇر.

بىر ئىنسان ئاددىي ئادەمدۇر. ئەمما ئۇنىڭ روھى بىپايان چەكسىزدۇر. بەلكىم ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ ئىپادىلىيەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭ روھى گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق چايقىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلار ئۇنى ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئەمما بىتخوۋېننىڭ «توققۇزىنچى سىمفونىيىسى»، مىكلانجېلونىڭ نەپىس ھەيكەللىرى، پىكاسسونىڭ سېترېئولۇق رەسىملىرى ئىنسان روھىنى مەڭگۈ ئەينەن ئىپادە قىلالمايدۇ. چۈنكى سەنئەت ھەقىقىي تۈردە روھىيەت چوڭقۇرلۇقىغا چۆككىنى يوق!

ئەگەر روھنى بىر چەكسىزلىك دېسەك، ئۇنىڭغا يېتەر كۆز يوقتۇر. تاۋۇش، ھەرپ، سۆز، سىزمىلار... ئەدەبىي ئەسەرلەر... ئىشقىلىپ ھەر قانداق نەرسە روھنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئىپادە قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

## روھ سەپىرىدە

تارىختا ئۆز روھىنى تولۇق ئىپادە قىلالىغانلار بولمىسا كېرەك.

مۇھەببەت روھىيەتتىكى نەپىسلىك ياكى پەسلىك بولۇپ، ئىنسان ۋۇجۇدىيىتى بۇ خىل ۋەسۋەسە تەرىپىدىن سەرسان ئېتىلىدۇ ياكى جەۋلان قىلىنىدۇ. مانا بۇ خىل ئىچكى روھىي ھالەت ئىنساننىڭ پاك روھىنى ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇرغۇزىدۇ ياكى چۈشكۈنلۈكنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئوراپ، روھىيەتنىڭ ئەخلەتخانىسىغا تاشلىۋېتىدۇ.

ئىنسان روھىي ھالىتى چەكسىز بولغىنىدەك، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. گەرچە مىجەز ـ خۇلقتا بىر نېمە دېمەك ئاسان بولسىمۇ، ئەمما روھقا بىر نېمە دېمەك تەستۇر. چۈنكى روھىيەتنىڭ ئىجابىي، سەلبىي سۈپەتلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن چېگرا بولمايدۇ. ئىنساننىڭ كۆڭلى بۇ خىل روھ تەبىئىتى قوينىدا ئەركىن ـ ئازادە يۈرىدۇ ـ دە، ئىنسان ھاياتىدا گاھ يامان، گاھ ياخشى دەپ ئايرىلىدۇ. بىز «ياخشى» دېگەنلەر يامان بولۇشىمۇ، «يامان» دېگەنلەر ياخشى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، چېگرىسىز روھىيەت مۇھىتىدا ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ، ئەڭ رەزىل ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ تامامەن مۇمكىندۇر. ھاياتتا شۇنداق ئادەملەر ئۇچرايدۇكى، ئۇنىڭ كەشنى سۈرتۈش شەرەپ بولسا، يەنە شۇنداق ئادەملەرمۇ ئۇچرايدۇكى، چاپىنىنىڭ پېشى تېگىپ كەتسە، ئۇ يەرنى كېسىۋېتىپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يۈرەك ئىنساندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەزا ياكى ئەڭ يىرگىنچلىك ـ رەزىل نەرسە!

شەرق ئالىملىرى ئىنسانغا شۇنداق تەبىر بېرىدۇ: ئۇ، جىسمانىي جەھەتتىن ھايۋانغا، نەپسى جەھەتتىن شەيتانغا، روھىي جەھەتتىن پەقەت ئىنسانغا تەئەللۇقتۇر. بۇ يەردىكى «روھ» ھەقىقىي ئىنسان روھىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. ئۇلار يەنە روھنى تۆۋەندىكىدەك بۆلىدۇ: يامانلىققا بۇيرىغۇچى روھ، يامانلىقتىن توسقۇچى روھ، خاتىرجەم بولغۇچى روھ. ئەمما بۇ ھاياتتا روھىي خاتىرجەملىك ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ئۆز روھىدىن قانائەت ھېس قىلالىغانلار ھەقىقىي بايلار ۋە بەختلىك كىشىلەردۇر.

تەبىئەت نۇرلۇق ئۇپۇق، سۈپسۈزۈك بۇلاق، ئاپئاق ئاي نۇرى، پاكىز چەكسىزلىك... قاتارلىق ماددىي قىياپىتى بىلەن ئىپادىلىنىشكە ئۇرۇنغىنىدەك، روھىيەتمۇ ئېسىللىق، ئۇلۇغلۇق كەبىي مەنىۋى قىياپەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىشكە موھتاج بولىدۇ. گاھى ئادەملەر تەبىئەتنى ۋەيران قىلغىنىدەك روھىيەتنى دەپسەندە قىلسا، گاھى ئادەملەر تەبىئەتنى گۈزەل قىلغىنىدەك، روھىيەتنى ئېسىللىق، ئالىيجانابلىقلار بىلەن بېزەپ تۇرىدۇ. ئەگەر روھىيەتنى بىر تەبىئەت دېيىشكە توغرا كەلسە، ھەقىقەت ئۇنىڭ قۇياشىدۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى پاكىزلاپ تۇرۇشقا موھتاج بولغىنىدەك، ئۆز روھىيىتىنىمۇ پاكلاشقا موھتاجدۇر. ھەقىقەت خاتىرىلەنگەن ياخشى كىتاب كەبىي نەرسىلەر ۋە ھەقىقەت ئەمەلىيىتى كۆڭۈل، قەلب ئۆيىنىڭ سۈپۈرگىلىرىدۇر. چۈنكى ئىنسانلارغا تەبىئەت گۈزەللىكىگە قارىغاندا، روھىيەتنىڭ گۈزەللىكى بەكرەك مۇھىمدۇر. ئۇلار بۇ ئارقىلىق چاڭقاق قەلبىگە سۇ باشلىسا، روھىيەتتىن ھەقىقەتنىڭ گۈزەل گۈللىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ. مانا بۇ خىل گۈللەر شۇ ئىنساننىڭ بىرلا قەلبىنى ئەمەس، ئۇ شۇنىڭغا تەۋە ئادەملەر توركۈمىنىڭ قەلبىنىمۇ تىترىتىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ خىل ئىنسانلار شۇ قەۋمنىڭ روھباشچىسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىن ئورۇن ئالىدۇ. قەۋم بۇ خىل مەنىۋىيەت نەپىسلىكىدىن ئەسىر، قەرنەلەپ مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، چاڭقىغان قەلبىگە مەلھەم قىلىدۇ. مانا بۇلار ئەفىيىف ـ پاك ئىنسانلاردۇر، روھىيەت گۈلزارىنى مىسلىسىز بېزىگەن ئىنسانلاردۇر.

گەرچە ماددىنىڭ روھقا بولغان تەسىرىنىڭ ئازراق ئىكەنلىكىنى بايقىساقمۇ، روھنىڭ ماددىغا بولغان تەسىرى زوردۇر. روھ ئىنساننى مەڭگۈ كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر ئىش ئىنساننىڭ بىردەملىك روھىي ھالىتى بولسا، ئۆمۈرلۈك ئىش ئۇنىڭ بارلىق روھىي ھالىتىدۇر. ئۆمۈرلۈك روھىي ھالەت شۇ ئىنساننىڭ ھايات تارازىسىدىكى نېسىۋىسىدۇر. بۇ خىل نېسىۋە ھەر قايسى ئىنسانلاردا ئوخشىمىغان قىممەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنسان ئەزالىرىنى مېڭە باشقۇرىدۇ، مېڭىنى يۈرەك باشقۇرىدۇ، يۈرەك روھىيەت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بىر قىسىم غەرب كىشىلىرى ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى ئارقىلىق روھىيىتىنى بېزەش، خۇرسەن قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى بىگۈزەل مەنىۋى قىياپىتىنى بەرپا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شەرق كىشىلىرى (بىر قىسىم) قۇرغاق چۆللەردە ياشاپ، ئۆز قەلبىدىكى پىنھان ئەپسانىۋى تۈسنى ئالغان دىنى ئەقىدىلەر ياكى رىۋايەتلەر ئارقىلىق كۆڭلىنى قانائەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ؛ ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ ماددىي مودېلىدىن مۇستەسنا بۇ خىل ھايات ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى روھىيىتىنى بەرپا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، شەرقلىكلەر بىلەن غەربلىكلەر ئارىسىدىكى روھىي ھالەت ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز روھ ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئىزدەنگەن، ئۇنى ئەڭ ئىنچىكە رەۋىشتە بۆلۈش، چۈشىنىشكە ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ پىنھان سىرلىرى، تىلسىملىرىنى يېشىشكە تىرىشقان. مانا بۇلار مۇقام تېكىستلىرى، كلاسسىك نەزمە، ئەسەرلەر، بۇرۇنقى ئىدىيىۋى ئېقىملار روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

روھىيەتنىڭ ھەممىگە مەلۇم ئاشكارا قاتلىمى، مۇتلەق سىرلىق ئىچكى قاتلىمى بولىدۇ. روھىيەتنىڭ تاشقى ـ ئاشكارا قاتلىمى ئاۋامغا تەئەللۇق قاتلام بولسا، پىنھان ئىچكى قاتلىمى شەخسكە تەئەللۇقتۇر. ئىنسانىيەت چوڭقۇر ياكى غەيرىي چوڭقۇر روھىيەت توپلانمىسىدىن ئىبارەت.

روھىيەتنىڭ تاشقى ئاشكارا قاتلىمىدا ئىنسانلار دائىم ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ ئىنسانغىلا (تەڭرىگىمۇ) مەلۇم بولغان پىنھان تەرەپلىرىگە ئورتاق بولغان ھەمسۆھبەت ئىنسان چىقمايدۇ. چۈنكى، بۇ جەھەتتىمۇ ئورتاقلىققا ئىگە ئىنساننىڭ بولۇشى مەھال (مۇمكىن ئەمەس) دۇر.

ئىجادىيەت روھىيەتنىڭ قىزىلىشى بولۇپ، ئۇ يېڭى بىر روھىي قىياپەت ھېسابلىنىدۇ. مەيلى بىزنىڭ ماددىي ياكى مەنىۋى ئىجادىيەت، كەشپىياتلىرىمىز بولسۇن، ئۇ پەقەت روھىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىدىن، يەنى سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتقا ئۆتىشىدىن ئىبارەت، خالاس!

ئەگەر ئىنسانلار كۆز ئالدىدىكى ماددىي دۇنياغا، نانغا، ئاشقا كۆڭۈل بۆلگىنىدەك، روھىيىتىنىڭ گۈزەللىكى، نەپىسلىكى، ئۇلۇغلۇقىغا كۆڭۈل بۆلسە ئىدى، ئاشۇ ماددىي نەرسىلەرگە ئېرىشىشمۇ ئاسان بولار ئىدى. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ھاياتتىكى بارچە مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە روھىيەت مەسىلىسىدۇر. رېئاللىقىمىزدىكى ئوبيېكتىپ

پائالىيەتلەر روھىيىتىمىزنىڭ ماددىي مودېلىدۇر.

ماددىي جەھەتتە جاندىن كېچىپ قۇربان بېرىش ئەڭ شەرەپلىك بولسا، مەنىۋىيەتتە ـ روھىيەتتە قۇربان بېرىش ئەڭ شەرەپلىكتۇر ۋە مۇقەددەستۇر. ئالدىنقىسى ماددىي جاراھەت ئىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، كېيىنكىسى مەڭگۈلۈك روھنىڭ ئازابى، يۈرەكنىڭ جاراھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىسمانىي سۈرگۈنلۈك، سەرسانلىق كىشىنىڭ بەدىنىنى جۇدەتسە، روھىي ئازاب ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى جۇدىتىدۇ. شۇڭا، ئاشىقلار، ساراڭلار، ساراڭغا ئوخشايدىغانلار روھىي سەرگەردانلاردۇر. روھىي سەرگەردانلىق دۇنيا ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىقىدۇر.

روھىيەتنىڭ ئىجابىي سۈپەتلىرىگە تولۇق ئېرىشكەن ئىنسان مۇكەممەل ئىنساندۇر. روھىيەتنىڭ ئىجابىي، سەلبىي سۈپەتلىرى ئىنسان ھاياتىدا پارچىلىنىپ تۇرىدۇ ـ دە، ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىنسانلارنى ھەرخىل ئىپادە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇ ياخشى، بۇ يامان دەيمىز. ئەمما كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ قالىمىز. كۆز ئالدىمىزدىكى ماددىي شەكلى رەڭگارەڭ دۇنيا يۈرىكىمىزدىكى رەڭگارەڭ دۇنيا بىلەن ئوڭ تاناسىپ ياكى تەتۈر تاناسىپلىق ھالىتىدە كۆزلىرىمىزنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە سۇبيېكتىپ ئېڭىمىزدا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا روھىيىتىمىز بىر قېتىملىق ئىمتىھاندىن قاتتىق چارچايدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق سىناق روھىي سىناقتۇر؛ ئەڭ قاتتىق ئازاب روھىي ئازابتۇر؛ ئەڭ قاتتىق ئىمتىھان روھىي ئىمتىھاندۇر؛ ئەڭ قاتتىق خارلىق روھىي موھتاجلىقتۇر؛ ھەقىقىي قىممەت روھىي قىممەتتۇر؛ ھەقىقىي غالىبلىق روھىي غالىبلىقتۇر... ھەممە روھىيەتتىدۇر. روھ ئىنساننىڭ ماددىيىتى ۋە مەنىۋىيىتىدۇر. ئۇ، روھىيەت ۋە جىسمانىيەتنىڭ ھەربىر ھۈجەيرە، تۈگۈنلىرىگە سىڭگەن. ئۇ، روھتىمۇ، بەدەندىمۇ ئىرسىيەت خاراكتېرلىك مۇجەسسەمدۇر. ئۇنى بايقاش ئاقىللارغا خاستۇر.

روھ بىر تىلسىمدۇر. بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى ئەڭ تەستۇر. ئىنسان گاھىدا بىر خىل روھىي ھالەتنى دەۋرى قىلىپ ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۆز روھىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تاپالمايدۇ. گاھىلار ئۇنى يۇچەكلەشتۈرۈپ، مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ دېڭىزغا ئوخشاش بىپايان، چوڭقۇر، سۈزۈك قەلبى سېسىق كۆلچەككە ئوخشاپ قالىدۇ. دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خىل كرىزىسقا ئورتاق مۇپتىلادۇر. بىز تېخى روھىيەت دېڭىزىدىن ھەقىقىي ئۈنچىلەرنى قازمىدۇق!...

ئىنساننىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئارزۇسى روھىي مۇكەممەللىككە، روھىي شادلىققا ئېرىشىشتۇر. ئىنسان بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەلگە تەيياردۇر. ئەقىل دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن روھىي ھالەتلەرنىڭ قىممىتى كىشىلەر نەزىرىدە ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا روھىي تەڭپۇڭسىزلىقلار، روھىي ئادالەتسىزلىكلەر مەيدانغا كېلىپ، بىر ئىنساننىڭ روھى يەنە بىر ئىنساننىڭ ئاددىي ئىش ـ ھەرىكىتى (ئەمەلىيەتتە ئاددىي ئەمەس) ئارقىلىق دەپسەندە قىلىنىدۇ. بۇ، روھىيەتكە قىلىنغان ئاشكارا ھاقارەتتۇر.

ئالىملار، بىلىمدارلار، ئۆلىمالار، يازغۇچى ـ شائىرلار بىر قەۋمنىڭ روھىيەت قورغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەت روھىنى گاھ ئويغا تارتىپ، گاھ دۆڭگە تارتىپ ھاشارغا سېلىپ تۇرىدۇ. ئىلىم ۋە ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ئەمەلىيەتتە روھىيەتتىكى ئازغۇنلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت قورۇلۇشى ئەڭ مۇكەممەل تېما بولۇپ، بۇ پۈتكۈل ئىنسانلار روھىي ئورتاقلىقىنىڭ يۇقىرى چېكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاياتىي دۇنيادىكى ئاددىي ئادەملەر ـ ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، دېھقان، سودىگەر، مەدىكارلارمۇ بۇ خىل مۇكەممەللىككە مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەسسە قوشىدۇ.

روھىيەتتىكى نەپىسلىك، گۈزەللىك، ئۇلۇغلۇق بىزنىڭ ماددىيەتكە قارىغاندا روھىيەت توغرىسىدا كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىيەت ھالىتى بولۇپ، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇلغانغان روھىيىتىمىزدىن مۇستەسنا ھالدا ھەقىقەت ئۇپۇقىدا جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ، ھەقىقەت بوسۇغىسىدا ئىجادىيەت ساھىبلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ئۆزلۈكسىز روھنى يېڭىلاش، ئۇنى قىممەتكە، گۈزەللىككە، نەپىسلىككە ئىگە قىلىش، ئۇنى ئەخلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، ئىجابىيەت گۈللىرىنى تېرىش، ئۇ ئارقىلىق گۈزەل مەنىۋى قورغان بەرپا قىلىش بىزنىڭ ئەسلىي روھىي قىياپىتىمىزدۇر. مانا بۇ بىزنىڭ روھىمىزدۇر! جەننەتۇل فىردەۋس دېگەن دەل شۇلدۇر.

ياشلىقنىڭ مەيىن شامىلىدا يېنىك يەلپۈنگەن چاچلىرىم كۆزۈمنى توسۇۋالىدۇ. دەھشەتلىك ئازابىم رېئاللىق بىلەن قەلبىمنىڭ ئەڭ پىنھان، نازۇك سىرلىرى توقۇنۇشلىرىنىڭ چۇقاندىن ئىبارەت.

2005 ـ يىل 1 ـ ئىيۇن، شەھىرى چاڭشۇ


---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭشۇ شەھىرىدە خۇسۇسىي تىجارەتچى

ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

ـــــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# بىر قىزنىڭ ھاۋالىسى — «تۇچۇق تىستىپانامە»



ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

يىگىرمە بەش يىشىمدىلا خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋزەل سىياسەت، تۈزۈمە-لىرىنىڭ شارائىتى بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى ۋەكىلى بولغىنىمغا مانا ئۈچ يىل بولدى. دېھقانلار ئاممى-سىنىڭ ھاۋالىسىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈدىغان ھەر يىللىق سانلىق يىغىنلارغا ئوخشاش بۇ يىل قىشمۇ ناھىيىدە يىغىندا يۈرۈۋېتىپ، تەبىئىيلا بىر كىشىنىڭ ھاۋالىسىغا دۇچ كەپقال-دىم. ئۇ كىشى باشقا ئالاھىدە ئادەممۇ ئەمەس، بەلكى ئا-دەتتىكى بىر كۆتكۈچى قىز ئىدى.

يىغىننىڭ بىر كۈنلۈك قارالمىلىرىنى تامامالاپ بولۇپ تاماققا چىققاندۇق. كۈن كەچلەپ قالغاچقا، رېستوران ئىچى بېسىق ئىدى. كۈندىلىك خېرىدارلارمۇ، ۋەكىل خېرىدار-لارمۇ بار ئىدى. مەنمۇ ئۈچ كۈن قولدىن چۈشۈرمەيدىغان سومكامنى كۆتۈرۈپ رېستورانغا كىرىپ بىر چەتتىن بوش ئورۇن تېپىپ ئولتۇردۇم. بېسىقچىلىقتا تاماق چىقىشىنى خېلى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئەتىگەندىن بېرى يىغىن ماتېرىياللىرىغا تىكىلىپ تالغان كۆزلىرىم بىلەن بۇلۇڭدىكى تېلېۋىزور ئېكرانىغا ئېرەنسىز قاراپ ئولتۇرسام، ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان ئىككى قىز ماڭا قاراپ كۇسۇلداشقىلى تۇردى:

— قالپىقىغا قارا.

— راست، ئاجايىپكەن...

— قىرغىز ئوخشىمامدۇ؟

— بەلكىم.

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك، «قالپاققا تۇشلۇق قىرغىز يوق» دېگەن سۆز بار. مەن بۇنى كەڭ مەنىدىن غېرىچ ئېگىز، قاردەك ئاپئاق كۆركەم قالپاق كىيىۋالغان بە-لەن قالپاقنىڭ ئاقلىقى ۋە بۇيۇكلۇكىگە ماس ئىش — ھە-رىكەتتە بولالمىغانلىققا تەتبىقلاپ چۈشەنسەم، تار مەنىدىن، مۇشۇ كەملەردە توي — تۆكۈن، ئۆلۈم — يېتىم، يىغىلىش-لارغا قالپىقنى كىيىپ بارغۇدەك قىرغىزنىڭ قالمىغانلىقىغا تەتبىقلاپ چۈشىنەتتىم ۋە ئۆزۈمنى ھېچ بولمىسا تار مەنە-دىكى «قالپاققا تۇشلۇق قىرغىز» ھېسابلاپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ماڭا قىزىقسىنىپ قاراپ قالغان ھېلىقى ئىككى قىزغا قاراپ باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدۇم. قىزلار ئوچۇق مۇ-ئامىلەمدىن ئازادىلىك ھېس قىلغاندەك جاۋابەن كۈلۈمسى-رەپ قويۇشتى. ئاندىن بىرسى ئېغىز ئاچتى:

— قىرغىزمۇ سىز، ئاكا؟

— ھەئە، — دېدىم پەخىرلىنىش تۇيغۇسى سىڭگەن

قىزلاردىن نىدا

سىلىق ئاۋازدا.

ـ ناھىيىمىزدە قىرغىزلارمۇ بار ئىكەن ـ ھە؟

ـ شۇنداق، ئەرمۇدۇن يېزىمىزدا قىرغىزلارنى ئاساس قىلغان بىر قىرغىز كەنتى بار، مەن شۇلارنىڭ ۋەكىلى.

قىزلار تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتىشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى كۆكرىكىمگە تاقالغان ۋەكىللىك سالاھىيەت كارتامغا قاراپ بىر نەرسىگە قىزىققاندەك، بىراق ئىككىلىنىپ سورىدى:

ـ ئىسمىڭىز ئابدۇرەھمان ئىكەن ـ ھە؟

ـ ھە...

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ماقالىلىرى چىققان سىزمۇ؟

ـ قانداق دەيسىز؟

ـ ئاۋۇ كارتىڭىزدىكى ئىسىم بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

ـ شۇنداق.

ـ «ھەرىخانىدىكى پاراڭلار» (ئاپتورنىڭ «ھەرىخانىدىكى پاراڭلار ۋە ئەمچەك ماجىراسى» ناملىق بۇ يازمىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004 ـ يىل 2 ـ سانىنىڭ «ئاڭلاپ قويۇڭ» سەھىپىسىگە بېسىلغانىدى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن)نى ئوقۇغاندۇق... ـ قىزلار بىردىنلا ئۆيۈلۈپ، يۈزلىرىنى توسۇپ، خىجىللىق ئىلكىدە كۈلۈشتى.

بۇيرۇغان تامىقىم كېلىشى بىلەن قىزلار جىم بولۇشتى. بەلكىم تاماق يېيىشكە تەسىر يەتكۈزمەيلى، دېگەندۇ. بىراق بىر قىز ھەدېسىلا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن پات ـ پات ماڭا قاراپ مۇھىم سۆزى باردەك قىلاتتى، يەنە ئىككىلەنگەندەك بولاتتى.

تامىقىمنى يەپ بولغاندىن كېيىن قىزلار بىلەن بىرگە دۇئا قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىرتقا چىققاندا ياتىقىم تەرەپكە قايرىلىۋېتىپ:

ـ ئوبدان پاراڭلاشتۇق، خوش سىڭىللىرىم، ـ دېدىم. بىر ـ ئىككى قەدەم يىراقلاشقىچە ھېلىقى قىز چاقىرىپ قالدى:

ـ ئابدۇرەھمان ئاكا، سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، دېسەم بولارمۇ؟

توختىدىم.

ـ مۇنداق گەپ ئىدى. يېقىنىڭياغى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىرىمنى بىر پارچە قىسقا ئەسەر قىلىپ يازغانىدىم. بۈگۈن سىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ كۆرسىتىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

قىز ئەپچىل سومكىسىدىن ئىككى ـ ئۈچ ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

ـ كۆرۈپ بېقىپ، بوپقالسا مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ـ ئۆزىڭىزلا ئەۋەتمەمسىز؟

ـ مېنىڭغۇ ئەۋەتكۈم بار، بىراق خالىمايمەن.

ـ قېنى كۆرۈپ باقاي. ھەراست، ئىسمىڭىزمۇ يوق ئىكەن، ئىسمىڭىز نېمە؟ قەيەردىن بولىسىز؟

قىز ئۇيالغاندەك يەرگە قارىدى.

ـ ئەگەر ئەۋەتىش ئويىغا كەپقالسىڭىز خالىغان مەزمۇندا ئەۋەتىۋېرىڭ. ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرگۈم يوق، كەچۈرۈڭ ئابدۇرەھمان ئاكا. مەن مۇشۇ ناھىيىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىن. بۈگۈن ئۆيۈمگە كېتىۋاتىمەن، ئادرېسىمنى سورىماڭ، بولامدۇ؟

قىزغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇلار مەن بىلەن خوشلىشىپ بېكەت تەرەپكە جۆنەشتى.

ياتاققا كىرسەم، ياتاقداشلىرىم سومكىلىرىنى قالايمىقان تاشلىشىپ، قىقاس ـ سۈرەن بىلەن قارتا ئويىنىشىۋاتاتتى. سومكامنى قويدۇم ـ دە، سىرتقا چىقىپ كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا بايىقى قىزنىڭ ئەسىرىنى ۋاراقلىدىم.

* * *

مەن ئىستېپا بەرمەكچى بولدۇم. كەچۈرۈڭلار!

بىزنىڭ رېستوران شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى، تاماقلىرى سەرخىل، كۈتكۈچى قىزلىرى ئەڭ ياش ۋە تاللانغان، ئالاھىدە ئۇنۋانلىق ئاشپەزلەر تەييارلىغان تاماقلارنىڭ قىممەتلىكىگە قارىماي ئىشىك ئالدىدىن بىر ـ بىرىدىن ئېسىل پىكاپلار، يۇمىلاق شىرەلىرىمىزدىن بىرسى ـ بىرسىدىن سالاپەتلىك ۋە كاتتا مېھمانلىرى ئۈزۈلمەيدىغان داڭلىق رېستوران. بىر تۇغقىنىمىزنىڭ «بېشىمنى سىلاپ» تونۇشتۇرۇشى بىلەن سەھرادىكى «مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ» بۇ يەردە چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ ئىشلەۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولغانىدى. ئىش ھەققى خېلى يامان ئەمەس بولسىمۇ، ئىستېپا بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن.

رېستوراندا ئىشلەش ھەقىقەتەن جاپالىق. تاڭ يورۇماستا كىرىۋالساق تۈن تەڭگىچە، گاھى تاڭ ئاتقىچە قايتالمايمىز. ھەتتا ھاجەتخانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. نەپەسنى سىقىدىغان غەيرىي پۇراقلار، كۈن نۇرى چۈشمىگەن سۇنئىي يورۇقلۇق، ئانچىكى ئاۋازنىمۇ قايتۇرىدىغان بىتون قورۇلما ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ، پۇت ـ قوللار تېلىپ، باشلىرىمىز ۋاڭىلداپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ ئامالسىزمىز. خېرىدارلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئىچمىسىمۇ چاي يېڭىلاپ تۇرۇشقا، ئالدىدا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ «نېمە لازىم» دەپ سوراپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز. بىرسى ـ بىرسىدىن مەنمەنچى ـ ئاتىكاچا، چالا كۆرەڭ خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ كىمنىڭ نېمە ئىش، نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىغىچە بىلىپ كېتىدىكەنمىز. بىراق مەن ئىشلەۋاتقان ئىككى يىل جەريانىدا بۇ رېستوراندا ئاتا ـ ئانامغا ئوخشاش بىرەر ـ يېرىم دېھقان خەقنى كۆرمەپتىمەن. ساپلا مەنسەپدار تۆرىلەر، پۇلدار بايلار.

خېرىدارلىرىمىزنىڭ پۇل خەجلەشلىرىگە ھەيران قالىمەن. يېزىدىكى چېغىمدا بازارغا بارساق ئاتا ـ ئانام ئاشخانىدىن تاماق يېمەيتتى. ئاشخانىدىن تاماق يېگەن پۇلغا بىرەر كىلو گۆش ئالساق، بىر ئۆيلۈك ئادەمگە ئېسىل تاماق بولاتتى. بىراق ماۋۇ خېرىدارلار ئوخشىمايتتى. بۇلار ئاتا ـ ئانىمىز بىر يىل ئىشلەپ تاپقان پۇلنى بىر ۋاقىتلىق بۇزۇپ ـ چېچىشقا خەجلىسىمۇ كەملەپ كەتمەيتتىكى، كۈنسايىن كېلىپ تۇرۇشاتتى. قارىغاندا، ئۇلار رېستورانغا قانچە كۆپ بارسا، ئاقچىلىرى شۇنچە كۆپەيسە كېرەك!...

مېھمانلار پۇللىرىنى قانچىلىك خەجلىسىمۇ مەيلى. بار مۇشەققەت بىز قىزلارغا قالىدۇ. ئىسراپخور كاتتا ئەربابلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈيۈقۇسىراپ يۇمۇلۇۋاتقان كۆزلىرىمىزنى يىرتىپ ئېچىپ، ئاشقان تائاملارنى ئەۋرەزگە تۆكۈپ ئاۋارە. ئۇستاملار بار ھۈنىرىنى چىقىرىپ تازا ئوخشىتىپ ئەتكەن بۇ ئېسىل نېمەتلەرنى بىكار تۆكۈۋەتكەندىن كۆرە يىغىپ ئۆيگە ئەكېتەيلى دېسەك، توۋا دەيمەن! ئاشۇ ئەربابلارنىڭ سالاپەتلىك قورساقلىرى يوغان بولغان بىلەن، ئىچى دوختۇرنىڭ يىڭنىسىدىنمۇ كىچىك، تار ئوخشايدۇ! «بىز يەپ بولالمىغاندىن كېيىن ھېچكىم يېيەلمىسۇن» دېگەندەك ھاراق تۆكۈپ سېسىتىپ قويىدۇ. ئامالسىز ئەۋرەزگە تۆكمەي ئىلاج قانچە؟!

كونىلار «يۇندىغا سىيمە، يامان بولىدۇ» دېيىشەتتى. ئەمدىلىكتە يۇندا ئەمەس، تەييار تائاملارنى ھاجەتخانىنىڭ ئەۋرەز يوللىرىغا تۆكۈدىغان بولدۇق. بەلكىم بۇنىڭ دەردىنى تارتىدىغان ۋاقىت ـ سائەت مۇددەتلىك بومبىدەك توغرىلىنىپ قالدى!!!...

تېخىمۇ ئازابلىق يېرى شۇكى، دادامدىن يېشى چوڭ مېھمانلار خىجىل بولماي يۈزلىرىمىزگە، لەۋلىرىمىزگە، بويۇنلىرىمىزغا، كۆكسىمىزگە ـ ھەممە ـ ھەممە يەرلىرىمىزگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ قارىشىدۇ، ھىجىيىشىدۇ. ھەتتا قىزىغاندا، مەست بولغاندا ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىمىزنى موتىۋالىدۇ! قوپاللىق قىلساق، خوجايىنىڭ غەزىپى يامان: «تۇتۇپ ـ موتاپ قويغانغا بىر يېرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ۋىجدانىڭىز كۆتۈرمىسە ئىشىڭىزنى بېقىڭ، سىزدەكتىن يۈزى تەييار!»

گاھىدا كۆرگەنلىرىمنى ئويلىسام، كۆڭلۈم كېلىدۇ. ئۆتكەن نۆۋەت ئۇششاقلارنىڭ ئالدىدا مېھمان بولۇپ گېدەيگەن يېزا باشلىقى بۇ نۆۋەت خوجىئاكىسىنىڭ ئالدىدا ساھىبخان بوپقالسا، ئالدىدىكى سالاپىتىدىن ئەسەرمۇ قالماي قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ كېتىدىكەن. كونىلارنىڭ «خوجامنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئاشۇ ۋاقىتلاردا مېھمانلارغا ھەمراھ بولغاچ يېزىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىمىز. بىراق يېزىلاردىكى ئەھۋاللار سۆزلەنگەن پاراڭلار چوڭلارنىڭ قۇلىقىغا ياقماي ئۇزاق داۋام ئەتمەيدۇ. شۇنىڭغا قاراپ ئويلاپ قالىمەن، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىلارغا بېرىپ ئاڭلىسا، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىلاردا تۇرۇپ دوكلات قىلسا ياخشى بولارمىدى ـ يا؟!... ئاندىن كېيىن ئىچىش ـ چېكىش باشلانسا ئويۇننىڭ قىزىقى چىقىدۇ. ھېلىقى سالاپەتلىك مېھمانلارنىڭ بىردىنلا سالاپىتى يوقىلىپ، بەئەينى ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى مايمۇن بالىلىرىغا ئوخشاپ قېلىشىدۇ. رەتلىك تارالغان چاچلار، يارىشىملىق تاقالغان گالستۇكلار ۋە نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئالىي دەرىجىلىك شىم ـ كاستۇملارغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىغان سەت، لاۋزا ـ بىھايا چاقچاقلار، كۈلكە ـ ۋارقىراشلار ئاشۇ «مەدەنىيەتـلىك»، «سالاپەتلىك» مېھمانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ. ئاشۇنداق چاغدا بىز قىزلار ئامالسىز چىداپ تۇرىمىز. مۇشۇنداق چاغلاردا بىر ـ بىرىگە يەڭ ئىچىدە سۇنۇلغان سىرلىق تاماكا قاپلىرى، ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان سىرلىق قىزىل بولاقلار كۆزلىرىمىزگە چېلىقىپ قالىدۇ.

ئايرىم بۆلمىلەردە مۇلازىمەت قىلىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. كىرمىسەك «چاي!»، «قەغەز!» دەپ توۋلايدۇ. كىرسەك، ئۇياتلىق كۆرۈنۈشلەرگە ئۇچراپ قالىمىز. چوپچوڭلا ئەركەكلەر قىزىدەك، سىڭلىسىدەك قىزلارنىڭ ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ ـ سىلاپ ئولتۇرسا...

بۇ قېتىم دوستۇم رىزۋانگۈل بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىستېپا بېرىشىگە سەۋەب بولغان ئىشمۇ دەل مۇشۇنداق...

رىزۋانگۈل بىر ئايرىم بۆلمىدىكى مېھمانلارغا چاي قويۇپ بېرىپ قايتىپ چىقىپ تۇرسا، يەنە بىر ئايرىم بۆلمىدىكىلەر: «چاي سوۋۇپ قالدى، چاي!» دەپ ئالتاغىل ۋارقىراپ ئارام بەرمەپتۇ. ئەسلى ئۇلار كۈتكۈچى قىزلارغا كىم چاقچاق قىلالمىسا، شۇنىڭغا ھاراق ئىچۈرۈش شەرتى بىلەن ئويۇن ئويناشقانىكەن. بۇنىڭدىن بىخەۋەر دوستۇم كىرىپ چاي قويۇۋاتسا، بىر غەرق مەست يىگىت ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلىۋاپتۇ. دوستۇم تازا بىر تىللاپ ئەدىپىنى بېرەي، دەپ قارىسا، ئۇ يىگىت ناھىيىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان يېزا باشلىقىدىن ھال سوراپ كەلگەن كەنت مۇدىرى ئاكىسى ئىكەن! رىزۋانگۈلنى كۆرۈپلا بېشى چۆشۈپ كېتىپتۇ. رىزۋانگۈل بۇنى ماڭا ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئىستېپا بېرىپ يېنىپ چىقتۇق. «داۋاملىق ئىشلەش زا كالتى» ئۈچۈن 40 كۈنلۈك ئىش ھەققىمىزنى تۇتۇپ قالدى بىراق ھەر ئىككىمىز ناھايىتى يېنىك، خۇشھال بوپقالدۇق...

* * *

ئەسەرنى ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرغاندا، قەغەز تۇتقان قوللىرىم مۇزلاپ قېتىپ قالغاندى. خېلىغىچە ئويلىنىپ قالدىم. بىر ـ ەر مەتبۇئاتتا ئەۋەتىش كېرەكمۇ ـ يا؟ بەلكىم بۇمۇ خەلق ۋەكىلىنىڭ ۋەزىپىسى، مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئەسەر ئىپادىلەشتە بىر ئاز چېچىلاڭغۇ بولغىنى ئۈچۈن ئازراق رەتلەشكە توغرا كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن پەقەت ئىسمى ئاشكارا تىلغا ئېلىنمىغان ھېلىقى قىزنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ بۇ ھاۋالىنى ئۆز زىممەمگە ئالدىم. ھېلىقى قىز ئۆز ھاۋالىسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرسە، مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر مەسئۇلىيەتچان خەلق ۋەكىلى ھېسابلار ئىدىم...

2005 ـ يىل فېۋرال، يېڭىشەھەر

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




# ساۋاتسىز قالغان باي 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ يۇرتىغا باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇشتا بەل باغلاپ ئىش باشلىدى

ئابلىمىت مامۇت

ئابلىكىم كامالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر قېتىملىق ئاھالە كۆچۈرۈشتە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۈرچاقچى يېزىسىدىن ناھىيىنىڭ ئەڭ چېتى بولغان تۈزلۈقئوتاق رايونىغا بارغانىدى. بۇ چۆلدە مەكتەپ بولمىغاچقا ئابلىكىم ساۋاتسىز قالدى. 37 ياشقا كىرگەن ئابلىكىم كامال ھازىرمۇ بانكىغا پۇل قويۇپ ـ ئالغاندا ئىسمىنى يازغاندىن باشقا ھېچقانداق خەت يازالمايدۇ. ساۋاتسىزلىق ئۇنىڭ قەلبىنى تولىمۇ ئازابلىغاچقا، ئۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەكتەپ سېلىشنى ئۆز غايىسى قىلىپ ياشىدى.

ئابلىكىم كامال 1985 ـ يىلى تۈزلۈقئوتاق رايونىدىن ئۆزى باققان 38 تۇياق قويىنى ئېلىپ پۈرچاقچى يېزىسىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن بورداقچىلىق، دان ئايرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ يۇرتداشلىرىنىڭ خامىنىنى ئېلىپ بېرىش، توك تۈگمىنى سېتىۋېلىپ ئۇن تارتىش بىلەن ھاللىنىپ روناق تاپتى؛ ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ قاسساپلىق، كاۋاپچىلىق، ئاشخانا ئېچىش بىلەن تىجارىتىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، قاراقاشتىكى ساناقلىق بايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ جەرياندا ئۇ دوستلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلىپ، ئۆلكە، دۆلەت ھالقىپ تىجارەت قىلىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئوبدان ئىگىلىۋالدى. ئەمما خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىنى پەقەت بىلمىگەچكە، ساۋاتسىزلىق ۋە تىل بىلمەسلىكنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى؛ نۇرغۇن پۇلى تەرجىمانلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئويلاندى: ئۆز يېزىقىمنى، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى، چەت ئەل تىللىرىنى بىلگەن بولسام، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپار ئىدىم، خەپ! ئۆزۈم چوڭ بولغان يۇرتتا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇپ، بىرمۇ ئوسمۇرنىڭ مەندەك ساۋاتسىز قېلىپ، پۇشايمان يېيىشىگە يول قويمايمەن، دېگەن ئىرادىگە كەلدى. دېمىسىمۇ، 2003 ـ يىلى ئۇ، ئۆز يېزىسىدىكى 160 ئائىلىگە 400 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز بولغاچقا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمىگەنلىكتىن، پۇلنى جايىدا ئىشلىتەلمەي، ئىككى يىل ئىچىدىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئاچچىق ساۋاق ئابلىكىم كامالغا ساۋاتسىزلىقنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز زور زىيان ئەكېلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى.


ئابلىكىم كامالنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغان پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان، 460 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيالايدىغان «پۈرچاقچى يېزا ئىگىلىك تىكلەش ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى»گە ئۇل سېلىش مۇراسىمى بۇ يىل 29 ـ ئاپرېلدا يۇرتى پۈرچاقچىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىن ئىككى نەپەر رەھبەر ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، سېخى ـ مەردانە دېھقان ئوغلانى ئابلىكىم كامالنىڭ مەرىپەتسۆيەر روھىغا يۇقىرى باھا بەردى ۋە ئالدىن بېيىغان باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، مائارىپقا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئابلىكىم كامال مۇنداق دېدى: «مەن مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى، تەجرىبە سايمانلىرىنى مەكتەپكە سەپلەپ بېرىپ، مەكتەپنى قاراقاش ناھىيىسى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن».

---

ئاپتور: «خوتەن گېزىتى»مۇخبىرى

## تىل ئوغلانغا باركاللا

# ● ئۇستاز، ئاتاقلىق رەسسام مۇھەممەت ھېيت ئەپەندى ●




《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅

主办：新疆维吾尔自治区 艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地址：乌鲁木齐市团结路72号

邮编：830001 电话：(0991) 2856942

印刷：《新疆日报》印务中心

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22 定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2005- يىل 4- سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب

ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991) 2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 5 يۈەن

● ئۇستاز، تونۇلغان رەسسام ۋە گۈزەل سەنئەت مائارىپچىسى زورەم ياسىن خانىم ئەسەرلىرىدىن ●


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زورەم ياسىن خانىم



قەشقەر كوچىلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش



▶ رەنا



گېرىپلىكلەر